ئومۇمىي 7-سان

2020 فېۋرال -مارت

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival






يۈز يىللىق مارافون

1



گاردنېر بوۋىڭدون

94



راھىلە داۋۇت

91

2020 فېۋرال - مارت

ئومۇمىي 7-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

گاردنېر بوۋىڭدون

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى
هۆكۈمەت باياناتى 115

ئەي قەۋمىم 97

## خىتاي تەتقىقاتى

يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ
ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران
بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيىسى

## گۈلىستان

راھىلە داۋۇت

## ئۇيغۇر تىلى

گۈگىل تەرجىمە قانداق
ئىشلەيدۇ 42

## تارىخ ۋە بىز

تۈركان خاتۇن

قاراخانىلار 100

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

فرانسىيە ئۇيغۇرلىرى 101

## ئۇيغۇر مەدەنىيتى

گىلەم شەھرى - خوتەن 27

نورۇزنىڭ مەنبەسى ھەققىدە 47

## ھېكمەتلەر

قىسىن پەيتلەر ھەققىدە 116

## بۈيۈك سىمالار

ھاجى ئەئلەم ئاخۇنۇم
ۋە ئىمىن مۇپتى 109

## خەلقئارا ۋەزىيەت

5G تورى رىقابىتى 70

## مۇقاۋىدا

چەرچەن ئادىمى (ئايال) نىڭ
ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رەسمى















# يۈز يىللىق مارافون

## خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيىسى

مايكىل پىلزبېرى

مايكىل پىلزبېرى 1945-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭلىق خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىلىرىدىن بىرى بولۇپ سەككىز ئامېرىكا پرېزىدېنتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى ۋە ۋاشىڭتوندىكى نامى مەشھۇر خودسۇن ئىنىستىتۇتى خىتاي ئىستراتېگىيىسى مەركىزىنىڭ دېرىكتورى.

2020 فېۋرال - مارت

## ئۇرۇشقاق بەلگىلىكلىرى دۆلىتى سۈپىتىدىكى ئامېرىكا

«داڭقاننىڭ ئاستىدىن ئوتۇننى ئېلىۋېتىش.»
- «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر»دىن

مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى سىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسە، سىزنىڭ بۇ مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىشىڭىز ئاسانغا توختايدۇ. خىتاي ئەڭ زور دۇنياۋى كۈچ سۈپىتىدە ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدى ۋە بۇ خىل ئورۇنىشىدىن ۋاز كەچمىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئامېرىكا دۇچ كەلگەن چوڭ ئىستراتېگىيىلىك تەھدىت بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىردىنبىر تەھدىت ئەمەس.
يېقىن ئۆتمۈشتە ئامېرىكا باشقا بىر دۇنياۋى كۈچنىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمدار بولۇش تەھدىتىنى چېكىندۇرۇپ، ئىككىلى پارتىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بىر تۈركۈم پروگراممىلار ۋە تاكتىكىلار نەتىجىسىدە سوغۇق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. (ئەمەلىيەتتە) ئامېرىكا خىتاينىڭ رەزىل نىيىتىنى مەغلۇپ قىلىش، ئەڭ كامىدا چەكلەش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەشتە (سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغانغا) ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىشى مۇمكىن. بۇنداق قىلىشتىكى پىكىرلەردىن بىرى «سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ خىتاينىڭ ئەقىل-پاراستىگە ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن يۇرگۈزگەن ئىستراتېگىيىسىگە ماسلىشىش ئارقىلىق خىتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇپ يېتىش» بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. گەرچە خىتاينىڭ قەدىمقى زاماندىكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھىيلە-مىكىرلىرى ئاجىز ھاكىمىيەت تەرىپىدىن كۈچلۈك ھاكىمىيەتكە قارشى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈلسىمۇ، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيە كۈلتۈرىنىڭ دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ كەڭرى قوللىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت. ئۇرۇش مەيدانىدا كلوزېۋېتىزنىڭ (18-ئەسىرلەردىكى گېرمانىيەلىك گېنېرال ۋە ئۇرۇش نەزەرىيىچىسى-ت) ئىدىيىسىنى ئىشقا سېلىشىڭىز ئۈچۈن، گېرمان بولۇشىڭىز كېرەك ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئامېرىكا خىتاينىڭ گۆشىنى خىتاينىڭ يېغىدا قورۇش ئۈچۈن، يېغىلىق دەۋرىگە ئائىت بەزى چۈشەنچىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسا بولىدۇ.

### بىرىنچى قەدەم: مەسىلىنى تونۇش

خىتاي رەھبەرلىرى بىزنىڭ كۆرۈشمىزنى خالايدىغان خىتاي ھەقىقىي خىتاي ئەمەس. ئامېرىكانىڭ سىياسى ۋە ئىدىئولوگىيە رەھبەرلىرى خىتايلار ئەۋەتكەن «ئۈچۈرلار» بىلەن يوشۇرۇن رېئاللىقنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشقا ئېھتىياجلىق. سۆزى ۋە كۆڭلى سىرتقى كۆرۈنۈش بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىسىنى ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ئوخشاش پىكىردە بولغان. گەرچە سۆزى بۇ پىكىرنىڭ ئەڭ چوڭ تەشەببۇسچىسى بولسىمۇ، بىراق ھىيلىگەر دۈشمەن تەرىپىدىن ئالدىنىپ كەتمەسلىك كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. كۆڭلى شەيئىلەرنى شۇ شەيئىلەرنىڭ توغرا ئىسمى بىلەن ئاتاشنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇ « 正明 » دەپ ئاتىغان ئۇقۇم توغرا ئىستراتېگىيەنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ، رەقىبىڭىز ئۆز خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا سىزنىڭ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئويدا بولۇشىڭىزغا تىرمىشىۋاتقانلىقىنى بىلىشىڭىزنى، سىرتقى كۆرۈنۈشكە ئالدىنىپ قالماسلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىدىكى تاقابىل تۇرغۇسىز توسقۇنلۇقلار توغرىسىدا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ **1997**-يىلىدىن **2007**-يىلى ئارىلىقىدا ئۈچ ھەسسە ئاشقانلىقى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەرنى قوبۇل قىلىش بەئەينى بېيجىڭنىڭ ئەركىن سودىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ۋە نۆۋەتتىكى مونوپولچىلىق ھەرىكەتلىرىگە خاتىمە بېرىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا ئوخشاشلا ئەخمىقانىلىك بولۇپ قالىدۇ.(1) خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جازالىرىغا ئېتىبار بەرمەيدىغانلىقىنى،

شۇنداقلا ئامېرىكانى سەت كۆرستىشكە رىغبەت بېرىدىغانلىقىنى كۆپلەپ تىلغا ئېلىشى، بەئەينى خىتاينىڭ شىمالى كورىيە ۋە ئىرانغا قارشى ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، كېيىن ئىككىلى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ بېيجىڭدىن ياردەم ئېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئوخشاشلا ئەخمىقانىلىكتۇر.

ناۋادا ئامېرىكا مارافون مۇسابىقىسىگە چۈشمەكچى بولسا، ئۇنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگىرىشى كېرەك. بۇ، خىتاينىڭ پاراۋانلىق مەنبەسى ئەمەس، رىقابەتچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، خىتاينىڭ «پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىش» تاكتىكىسىنى، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنى ۋە مەۋجۇت زومىگەر كۈچنى موللاق ئاتقۇزۇش ئىستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئوي-خىيالىدىن خەۋەردار بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا، خىتاينىڭ ئۆز ئىدىيەلىرىنى قانداق شەكىلدە ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشىنى تونۇپ يېتىشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ.

## ئىككىنچى قەدەم: سوۋغا-سالاملىرىڭىزنىڭ پېيىدا بولۇڭ

ھەر يىلى باج ئارقىلىق يىغىلغان بەختىسىز دوللارلىرىمىز خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن خەجلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىل ياردەملەر ئومۇمەن تەشۋىق قىلىنماي، مېدىيا ۋە ئاۋامنىڭ نەزىرىگە ئىلىنماي كەلدى. بۇنىڭدا قەستەنلىك مەۋجۇت.

2005-يىلى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىشتىن ئىلگىرى، دۆلەت ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئامېرىكانىڭ خىتايغا ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى بىلىنمىگەن ئىشلارنى ئېنىقلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىتايغا كۆپلىگەن ئىشلەپچىقىرىش مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇ مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە پۇلنى كونترول قىلىش ئورگىنىنىڭ خىتايغا بانكا تىجارىتىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئۇ فېدرال ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنى خىتاي ئايروپىلان ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىغا قىلغان ياردىمىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق باشقا ئورگانلارنىڭ خىتايدىكى يۈزلىگەن ئىلىم-پەن ياردىمى پروگراممىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق ياردەم بەرگەنلىكىنى دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلىدى.

ئىسپات ئاڭلاشتىن كېيىن، بۇ دېپلومات مېنى بىر چەتكە تارتتى. ئۇ مېنىڭ خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى ئارقا كۆرۈنۈشۈمنى، شۇنداقلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، مەندىن «سىز بۇ يىللىق گۇۋاھلىق تەلىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەلەمسىز؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى گۇۋاھلىقتىن نېمىشقا ئۆزىنى تارتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلاندىم. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئېرىشىلگەن ئۇچۇر قانچە كۆپ بولسا، كىشىلەر ئۇنى شۇنچە بىلىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا، خىتايدىكى دۆلەت مەجلىسى تەنقىدچىلىرى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى يوق قىلىشقا تىرىشىدۇ.»«بۇ خىلدىكى قىسقارتىش بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئوتتۇز يىل كەينىگە چېكىندۇرىۋېتىدۇ.»

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق قىلغان ياردەملىرى توغرىسىدا تېخىچە ھېچقانداق ھېسابات خاتىرىسى يوق. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، ھەتتا بۇ ياردەم ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ ئاجرىتىلغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات يوق.

مارافوندا رىقابەتلىشەلەش ئۈچۈن، دۆلەت مەجلىسى بارلىق ئورگانلار ۋە تارماقلاردىن خىتايغا قىلغان ياردەملەر توغرۇلۇق يىللىق دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. ناۋادا بۇ خىلدىكى پروگراممىلار ئېنىقلىنىپ، تەشۋىق قىلىنسا، ئۈچ خىل پايدىلىق نەتىجە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىرىنچىدىن، ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان ۋە سەگەكلىك بىلەن ئىش كۆرۈش تەرەپتارى بولغان

ئامېرىكالىقلار بېيجىڭنى تېخىمۇ بەك قوللاش كېرەك دەپ قارايدىغان زور ساندىكى ئاكادېمىكلار، ئانالىزچىلار ۋە ھۆكۈمەت سەرخىللىرىغا قارشى نەق دەلىل-ئىسپاتلارغا ئېرىشىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا خىتايغا ياردەم بېرىۋاتقان چوڭ ساھەلەرنىڭ ئېنىقلىنىشى نەتىجىسىدە، سىياسەت بەلگۈچىلەر بېيجىڭنىڭ قىلمىشلىرىغا قانداق شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىشىمىز توغرۇلۇق تېخىمۇ ياخشى پىكىرگە كېلەلەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئامېرىكالىقلار بۇ تىزىملىك ئارقىلىق خىتاينىڭ تارىخ دەرىسلىكلىرىدە يەر ئالغان (بۇ ھەقتىكى مەزمۇن بەشىنچى بابتا سۆزلەنگەن) «جون تايلېردىن بۈگۈنگىچە بولغان ئامېرىكا پرېزدېنتلىرى خىتاينى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا تىرماشقان» دېگەن ئەيىبلەشلىرىگە تاقابىل تۇرالايدۇ.

## ئۈچىنچى قەدەم: رىقابەت كۈچىنى ئۆلچەش

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن ھېكايىلەر ئىستراتېگىيە بەلگىلەشتىن ئاۋۋال كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆلچەش خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «سىز دەڭسىگەن نەرسە تەرەققىي قىلىدۇ» پرىنسىپى ئامېرىكانىڭ كلاسسىك سودا پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قارىماققا ئاددىي، ئەمەلىيەتتە سالمىقى ئېغىر بىر ساۋاق بولۇپ، «سىز نېمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىڭىز كېرەكلىكىنى بىلمىگۈچە، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيسىز.» ئارقىدا قېلىش سەۋەبىڭىزنى بىلمىگۈچە، مۇسابىقىدە رەقىبىڭىزنى يېڭەلمەيسىز. خىتايلار ھەر يىلى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكاغا نىسبەتلەشتۈرگەندىكى ماس ھالدىكى رىقابەت كۈچىنى ئانالىز قىلىشىدۇ. ئامېرىكا نېمىشقا بۇنىڭ ئوخشىشىنى قىلمايدۇ؟

1986 -يىلى قۇرۇلغان تاپاۋەتسىز ئورگان رىقابەتچىلىك كېڭىشى ئامېرىكانىڭ يەرشارىۋي رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىشنى مەقسەد قىلىدۇ. كېڭەش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرىنى، ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرلىرىنى، دۆلەتلىك ئەمگەك ئورگانلىرىنىڭ باشچىلىرىنى ۋە داڭلىق تەتقىقات ئورۇنلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلغان. بۇ كېڭەش نەشىر قىلغان ماتېرىياللاردا بېيجىڭنىڭ ياسىمچىلىق ۋە سانائەتكە غايەت زور مەبلەغ سېلىشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك خىتاينىڭ بىرىنچىلىكنى ساقلايدىغانلىقى، ئامېرىكانىڭ بولسا كەمىدە 2017-يىلىدا ياسىمچىلىق جەھەتتە خىتايدىن قانداق كېيىن قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.(2)

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكانىڭ رىقابەت كۈچىگە ئوخشاش، بىراق تېخىمۇ پۇختا تەدبىر قوللىنىشى كېرەك. ئاقساراي دۆلەت مەجلىسىگە ئامېرىكانىڭ ئۆز رەقىبلىرىگە نىسبەتەن قانداق ئىلگىرلىگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك يۇزلىنىشلەرنى ۋە تەخمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىللىق دوكلات سۇنۇشى كېرەك. ئىستىخبارات تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلىگەن تارماقلىرى بۇنىڭغا قاتنىشىشى كېرەك. بۇ دوكلات پۇتكۇل دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك ئەمەس. پەقەتلا، خىتايدىن باشلانغان ئالدىنقى ئون چوڭ دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كۇپايە.

## تۆتىنچى قەدەم: رىقابەت ئىستراتېگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

«ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر ئىستراتېگىيىسى» ھەر دائىم باشچىلارنىڭ «ئىسلاھاتلار»نى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، قانداق قىلىپ ئۆز كۈچىنى ئۆز رىقابەتچىسىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە ئاشۇرغانلىقى توغرۇلۇق توختىلىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا ئۆز ئىستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتىش كېرەك بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە ۋە شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىش، ئاندىن ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشتە يېڭى تاكتىكىلارنى قوللىنىشتىن ئىبارەت.

ۋۇدرۇف ۋىلسون مەركىزىنىڭ ئامېرىكا ۋە يەرشارى ئىقتىسادى پروگىراممىسىنىڭ دېرېكتورى، رىقابەت كېڭىشىنىڭ سابىق رەئىسى كېنت ھاگېس (Kent Hughes) خىتاينىڭ تېخنولوگىيە تەرەققىيات رىقابىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1957-يىلىدىكى سپۇتنىك سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بېرىشى بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان. ھاگېس شۇ قېتىملىق سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىشنىڭ (ئەينى چاغدا) ئامېرىكانىڭ تېخنولوگىيە ۋە ئەسكىرى جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىق دەپ

قارالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاشۇ سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ۋەقەسىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئېنېرگىيە ۋە خۇسۇسىي ساھەلەردە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلارغا مەبلەغ سېلىشىنى قوزغاتقانلىقىنى بايان قىلدى. (ھالبۇكى) خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىگە نىسبەتەن تېخىچە يۇقىرىقىغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇلمىدى. ھاگىس رىقابەت كۈچىنى ساقلاپ قېلىشقا ئائىت بىر قاتار ئىستىقباللىق سىياسەت تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ تەكلىپلەر رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ئامېرىكانىڭ خۇسۇسىي ۋە ئاممىۋىي تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىقىقا ئۆتۈش، مالىيە ۋە پۇل ئىسلاھاتى، تېخنولوگىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش(3)، ئاۋام تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.(4) IBM شىركىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن دېرىكتورى، نيۇ يور ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى رالف گومورىي «ئامېرىكادىكى ياسىمىچىلىق سانائىتىنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە گۈللىنىشى» نى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «تېرىقچىلىق، ئېنېرگىيە ۋە تېخنولوگىيە قاتارلىق ساھەلەرگە تۆۋەن ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشتىن سىرت، بۇ ساھەلەرگە ياردەم پۇلى بېرىش» قىلمىشىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان.(5) خىتاي كومېتىتىدىكى پاترىك مۇلورىيمۇ ئوخشاشلا «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىگە، ھەتتا دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى» ئۈچۈن، دۆلەتلىك يېڭى رىقابەت ئىستراتېگىيىسىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.(6)

ئاممىۋى سىياسەت ئانالىزچىلىرىدىن روبېرت ئاتكىنسون ۋە ستىفىن ئېزېل ئامېرىكانىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ خىل ئورگانلاردىن تەشكىل تاپقان پىلان ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق ئۇلار بۇ پىلاننىڭ كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشكەن سىياسىي كۆز قاراشلار سەۋەبلىك توسالغۇغا ئۇچرىشىدىن ياكى يوق قىلىۋېتىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇلار كونسېرۋاتىپلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:«ئوڭچىلار ئامېرىكانىڭ يەر شارىۋىي ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ نىسبىي ھالدا تۆۋەنلەپ كېتىشىگە تولىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. غەلىتە يېرى شۇكى، ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىنىشى ئۇنىڭ ئومۇمىي بىخەتەرلىكىگە، بولۇپمۇ دۆلەت مۇداپىئەسى ئىقتىدارىغا زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.» سولچىلارغا كەلسەك، ئاتكىنسون ۋە ئېزېل ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ «ئەگەر ئامېرىكا يەر شارىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ئەۋزەللىكى رىقابىتىدە ئۇتتۇرۇپ قويسا، سولچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك رەۋىشتە ئورۇندىيالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.»(7)

## بەشىنچى قەدەم: دۆلەت ئىچىدە ئورتاق نۇقتىدا بىرلىك ھاسىل قىلىش

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر لېدىرلىرى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن يېقىن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا تىرىشىپ، ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن بىرلەشكەن، توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىتتىپاق قۇرۇپ چىققان. ئىتتىپاقسىزلىق خەتەرلىكتۇر. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. ئەمما، ئۇلار دائىملا بىر-بىرىنى ئىتتىپاقداش دەپ قارىمايدىغان گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشكەن. ئەڭ بولمىغاندىمۇ 1995-يىلىدىن بېرى، بېيجىڭدىكى خىتاي ئالىملىرى ماڭا ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىنى تەنقىدلەيدىغان كىشىلەرنىڭ سىياسىي ئىختىلاپلار سەۋەبلىك ھېچقاچان ھەمكارلىشالمايدىغان دەرىجىدە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

ئارىمىزدىكى خىتاينى ئۆزگەرتىشنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەمكارلىق شەكىللەندۈرۈشنىڭ ۋاقتى بەكلا ئۆتۈپ كەتتى. ۋەزىپىسى خىتايغا ئۆزگۈرۈش ئېلىپ كېلىش بولغان

كۈچلۈك ئىقتىساتىن بىرى ئامېرىكادا قۇرۇلۇشى، (بۇ ئارقىلىق) ئامېرىكاغا زىيانلىق ۋە ۋاقتى ئۆتكەن ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىپ، بېيجىڭنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشى كېرەك. بۇ، دالاي لامانى قوللايدىغان ئامېرىكالىقلار بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ھاۋا ۋە دېڭىز ئۇرۇشى چىقىمىنى ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئامېرىكا مۇداپىئە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىشىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسچىلىرىنىڭ ئامېرىكا كارخانىلىرى بىلەن بىر سەپتە خىزمەت قىلىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ، «بىر بالىلىق بولۇش سىياستى»نى ئۆزگەرتىشنى كۆزلەيدىغان، بالا چۈشۈرۈۋېتىشكە قارشى تۇرغۇچى گۇرۇپپىلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىش قىلىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئالتىنچى قەدەم: دۆلەتلەر بىلەن ۋېرتىكال ئىتتىپاق ھاسىل قىلىش

خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزغا كېڭىيىشى، فىلىپپىن بېلىقچىلىق كېمىلىرىنى بوزەك قىلىشى، ۋېيتنام يەر تەۋرەشنى تەكشۈرۈش كېمىلىرىنىڭ كابېلىنى كېسىۋېتىشى ۋە يېقىندا جەنۇبىي دېڭىزدا ھاۋا مۇداپىئەسى پەرقلەندۈرۈش رايونى قۇرۇشى قاتارلىقلار سەۋەبسىز ئەمەس. خىتاي بۇ رايوندىكى مول تەبئىي بايلىقلارغا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىشنى، شۇنداقلا خىتايدىن بەك قورقۇپ كەتكەن قوشنىلىرىنىڭ خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىشىۋېلىشىغا قارشى قورقۇنچ سالالىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سىز مەيلى قورشاۋ شاھمات ئويناپ باققان، ياكى ئويناپ باقمىغان بولۇڭ، بىر توپ دۈشمىنىڭىز تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالمايسىز. خىتاينىڭ تەبئىي قورقۇنچى دەل ئۆز قوشنىلىرىنىڭ مۇشۇ خىل شەكىلدىكى ئىتتىپاقداشلىق ھاسىل قىلىۋېلىشىدۇر. مانا بۇ ئامېرىكانىڭ مۇڭغۇلىيە، كورىيە، ياپونىيە، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەرگە مۇشۇ جەھەتتىن ئىلھام بېرىشى كېرەكلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر. ھەتتا، بۇ خىل ئىتتىپاق سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋە مۇشۇ نىشان بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ئىتتىپاقتىن كېلىدىغان تەھدىت بېيجىڭنى توختىتىشقا ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تۆۋەنلىتىشكە يارىشى مۇمكىن. خىتاي ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قانداق چەكلىگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ قوشنىلىرىغا ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىشى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى نەتىجىسىدە خىتاي رايوندا يېتىم قالغاندا، خىتاي قاتتىق قوللىرى تەنقىدكە ئۇچرايدۇ.

## يەتتىنچى قەدەم: سىياسىي ئىختىلاپلارنى قوغداش

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ۋە شەرقىي ياۋروپالىق پىكرىي رەقىبلەر بولۇپ، ئۇلار تۈگىمەس تەكشۈرۈش، يالغان تەشۋىقات، دىنىي زىيانكەشلىك ۋە ئىقتىسادىي قۇللۇق قاتارلىقلارغا تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى ۋاكلاۋ خاۋېل، لېچ ۋالىسا ۋە ئالكساندېر سولژېنىتسىن قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار جاسارىتى، قىزغىنلىقى ۋە پرىنسىپلىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋە تۆمۈر پەردىنى يەر چىشلەتكەن. ئۇلار بۇ ئىشنى يالغۇز ھالەتتە قىلغان ئەمەس. ترۇمىندىن رېگانغىچە بولغان ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى ئۇلارنى قوللىغان. ئۇلار تۈرمىلەرگە تاشلانغاندا، ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار پۇلغا موھتاج بولغاندا، ئامېرىكالىقلار ئۇلارغا پۇل ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇلار ئەركىن پىكىر بايان قىلىنىدىغان، رېجىم رەت قىلىدىغان بىر سەھنىگە ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئامېرىكالىقلار مەتبەئەلىرىنى ۋە رادىئو قاناللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەركىن ياۋروپا رادىئوسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆرىشىنى ۋە ئېتىقادىنى مىليونلىغان ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرگەن.

كۈنىمىزدە خىتاي تىبەت بۇددىستلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى كۈچەيتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتتە چەكلىمىلەرنى يولغا قويۇپ، نامايىشچىلارنى قولغا ئالدى. بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، دالاي لامانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا رايوننى «يەر يۈزىدىكى دوزاخ»قا ئايلاندۇر-

دى.(8) شەرقىي تۈركىستاندا بولسا ئىنتېرنېت ۋە تورلار دائىملا چەكلىمىگە ئۇچرىدى، دۆلەت رىياسەتچىلىكىدىكى كۆچمەن يۆتكەش سەۋەبلىك، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ نىسبىتى زور مىقداردا ئېشىپ كەتتى.(9)

خىتاي يەنە خىرىستىيانلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدۇ. خىتايدا چەتئەللىكلەرنىڭ چېركاۋ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشتىن ئىلگىرى پاسپورتىنى كۆرسىتىشى دائىم ئۇچرايدىغان ئىش. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى، خىتاي خۇداغا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىستىك پارتىيە تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي پۇقرالىرىنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان چېركاۋلاردىن ئۇزاقلاشتۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. كۆپچىلىك مۇتەخەسسىسلەر خىتايدا ئاتمىش مىليوندىن يۈز مىليونغىچە خىرىستىيان مۇرىتى بار، بۇ سان ئاشماقتا دەپ قارايدۇ.(10) «خىتايغا ياردەم» تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باشچىسى باب فۇ خىتاي خەلقىنى ئېتىقادىنى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش بىلەن قورال‌لاندۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقستى قانۇنىي ئىسلاھاتلارنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىتايدىكى «چېركاۋغا ئۆزگەرتىلگەن ئۆيلەر»نى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋە تۈرمىگە سولانغان خىرىستىيانلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. باب فۇ بىر بالىلىق بولۇش سىياستى سەۋەب بولغان زوراۋانلىقلارنى ئاشكارىلاپ، خىتايدىكى باشقا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە ياردەم بېرىدۇ. يېقىندا، باب فۇ ئەما پائالىيەتچى چېن گۇاڭچېڭنىڭ خىتايدا ئۆيىگە نەزەربەنت قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ، سالامەت ھالدا ئامېرىكاغا كېلىشىگە ياردەم قىلدى.(11)

ياڭ جيەنلى 1989-يىلىدىكى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغان ئۆكتىچى خىتايدۇر. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 25 يىلدىن بېرى كۈرەش قىلدى. ئۇ «خىتاي پۇقرالار كۈچى» تەشكىلاتىنى قۇرغان. بۇ تەشكىلات خىتايدىكى دېموكراتىيەنى ياقلايدىغان تەشكىلاتلارنى خەلقئارادىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. (12) ياڭ جيەنلى بۇ خىزمىتى سەۋەبلىك خىتايدا بەش يىل تۈرمىدە ياتقان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ چاقىرىقى، ب د تنىڭ قارارى ۋە تاپاۋەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ قويۇۋېتىش چاقىرى نەتىجىسدە قويۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۆكتىچىلەرنى سىرتتا تۇرۇپ قوللاشنىڭ چوڭ ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياڭنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن كۈچىگەنگە ئوخشاش، باشقا ئۆكتىچىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈنمۇ كۈچىسە، بۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەسىرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

نەنسى پلوسىنىڭ دالاي لامانى قەتئىي قوللىغىنىدەك، پرېزدېنت بۇشمۇ باب فۇنىڭ خىتايدا دىنىي ئەركىنلىكنى كۈچەيتىش تىرىشچانلىقلىرىنى قوللىدى. ئەپسۇسكى، باب فۇنىڭ دېيىشىچە، پرېزدېنت ئوباما باب فۇنىڭ ياردەم چاقىرىقلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغان ئىكەن.(13) پرېزدېنت ئوباما خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق نەتىجىلىرىنى بېيجىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان سودا مۇناسىۋەتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە باغلىۋالمىغان. ئوباما ھۆكۈمىتى ھەتتا ئىستراتېگىيە بەلگىلەش جەھەتتە، شۇنداقلا 2009-يىلى 4-ئايدا خۇجىنتاۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىقتىسادىي دىئالوگدىمۇ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىغان.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يۈز يىللىق مارافونغا تاقابىل تۇرۇشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىتتىپاقداش بولۇشى مۇمكىن بولغان تەرەپلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقى كېرەك.

## سەككىزىنچى باسقۇچ: ئامېرىكاغا قارشى ھەرىكەتلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇش

خىتاي ئامېرىكاغا قارشى تور جاسۇسلۇقى قىلىدىغان مەنبەلەردىن بىرى بولۇپلا قالماي، بۇ جەھەتتىكى باش مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بەزى مۆلچەرلەرگە كۆرە، ئامېرىكاغا قارىتىلغان تور جاسۇسلۇقى ھەرىكەتلىرىنىڭ توقسان پىرسەنتىدىن كۆپرەكى خىتايدىن كېلىدىكەن.(14) خىتاي خاككېرلىرى قەرەللىك ھالدا ئامېرىكا كارخانىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ.زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار تىزىملىكىدىن گۇگېل، بۇز ئالېن خامىلتون، AT&T ، ئامېرىكا سودا

ئۇيۇشمىسى، ۋىزا، ماستېركارد، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى، ئېنېرگىيە مىنىستىرلىقى قاتارلىق كارخانا ۋە ئورگانلارمۇ ئورۇن ئالغان. خاككېرلىق خىتاينىڭ ئۆزى كەشىپ قىلالمايدىغان تېخنولوگىيىلەر ۋە ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدىغان ئەقلىي مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاشتىكى يادرولۇق چارىسىدۇ. ئامېرىكا دۆلەتلىك ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى دەنىس بلايىر ۋە ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جون خانتسمەن باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا بىلىم-مۈلۈك كومىتېتىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىنىڭ ئوغرىلىنىشى توغرىسىدا چىقارغان دوكلاتلىرىدىن بىرىدە، ئەقلىي مۈلكىنىڭ ئوغرىلىنىشى سەۋەبلىك ئامېرىكانىڭ يىللىق زىيىنىنىڭ ئۈچ يۈز مىليارت دوللاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. (15)

ۋىرجىنىيە شىتاتى ۋەكىلى فرانك ۋولف (Frank Wolf) ئامېرىكا تېخنولوگىيە مۈلكىنىڭ خىتاينىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ۋە خىتايدىكى كىشىلىك هوقۇقنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىزچىل رەۋىشتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئوچۇق ئاشكارىلىق ۋە ئۈچۈرلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش خاھىشىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئەقلىي مۈلۈكلەرلەرنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن بەزى كاپالەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ھەمدەم بولغان. ۋولف 2011-يىلى فېدىراتسىيە خامچوتىغا ناسا بىلەن ئاقساراي پەن-تېخنىكا ۋە تېخنولوگىيە سىياستى ئىشخانىسىنىڭ شۇ يىلى خىتاي بىلەن بىرلىكتە ھەر قانداق ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىششىنى چەكلەيدىغان بىر ماددىنى قوشقان. (16)

ھالبۇكى، ۋولف خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ تېخنولوگىيە ئۈستۈنلىكلىرىگە ئېرىشىۋېلىش ئىقتىدارىنى چەكلەشتىكى تەنها «بۆرە» بولۇپ قالدى. ئۇ 2011-يىلدىكى تىرىشچانلىقىدىن باشلاپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانۇن ئىجراسىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. «ۋولف ماددىسى نىڭ مۇۋەپپىقيەتلىك تەستىقلىنىشى سەۋەبلىك تىم لانتوس كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئامېرىكانىڭ ئالەم كېمە قويۇپ بېرىش (ئۇچۇرىغا) خىتاي ئاخباراتچىلىرىنىڭ ئېرىشىۋېلىشىغا ھەمدە ۋولفنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك باشقا خىزمەت ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىۋېلىشىغا تاقابىل تۇردى. (ئاقىۋەتتە) ۋولف خىتاي تور ھۇجۇمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى بولۇپ قالدى.(17)

ۋولفنىڭ سەزگۈر تېخنولوگىيە، ھەربىي مەخپىيەتلىك ۋە ئەقلىي مۈلۈك قاتارلىقلارنىڭ ئوغرىلىنىش مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى بەكمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق، ئۇ 2014-يىلى دۆلەت مەجلىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىغان. ئەگەر ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن يۈز يىللىق مارافوندا رىقابەتلىشىشكە قادىر بولالاشقا نىسبەتەن ئۈمىدى بولسا، ئۇ ھالدا ۋولفنىڭ تەكلىپلىرىنى قايتىدىن ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈپ، بۇ تەكلىپلەرنى كېڭەيتىش يولىنى ئىزدىنىشى كېرەك.

## توققۇزىنچى باسقۇچ: پەرق ئېتىش ۋە نومۇسسىز بۇلغۇغۇچىلار

ئامېرىكا ۋە ياۋروپا پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى يىلىغا ئاتمىش مىليون توننا ئازايتىۋاتقاندا، خىتاي پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى يىلىغا بەش يۈز مىليون توننا ئاشۇردى. بەلكىم، خىتايدىكى مۇھىت بۇلغۇنىشى مەسىلىسىنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىلىرىدىن بىرى 2013-يىلى يانۋار ئېيىدا خىتايدا يۈز بەرگەن «تۇمان ۋەقەسى» بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بېيجىڭدىكى ۋە خىتاينىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى مۇھىت بۇلغۇنىشى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىخەتەر دەپ قارىغان سەۋىيەدىن قىرىق ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. بىراق، ھەتتا «تۇمان ۋەقەسى»مۇ خىتاينى مۇھىت مەسىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئاتلاندۇرۇلمىغان. بېيجىڭ خىتاينى مۇھىت ئاسراش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇزۇم مۇددەتلىك ئېششىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ھەر قانداق خەلقئارالىق كېلىشىملەرگە ئەمەل قىلىشنى رەت قىلىپ كەلمەكتە.

خانتسمەن ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

بېيجىڭدىكى مۇھىت بۇلغىنىش دەرىجىسى توغرۇلۇق تۆتىنىر ھېسابىغا يازما چىقىرىشى بىلەن، خىتاينىڭ مۇھىتىنى قوغداشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىلەردىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.(18) (بۇنىڭ نەتىجىسىدە) خىتايدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىت نازارەت قىلىش ئورگىنى ھېسابلانغا «مۇھىت ۋە ئاممىۋىي ئىشلار تەتقىقات ئورگىنى»نىڭ مۇدىرى ماجۈن خىتايدىكى سۇ، ھاۋا ۋە تاشلاندۇق ماددىلار بۇلغىنىشىنىڭ تور خەرىتىسىنى تۈزۈپ چىقتى.(19)

بىراق، پەقەتلا تېخىمۇ سەزگۈر ھالەتكە ئۆتۈش بىزنىڭ قىلالايدىغانلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسىمۇ؟ ئامېرىكا خىتايدىن مۇھىت ئاسراش مەسئۇلىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشى، خىتاينىڭ بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىشى جەھەتتە چەك تۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ۋاشىڭتون ئامېرىكا شىركەتلىرىنى مۇھىت ئاسىراشقا مەجبۇر قىلىۋاتقاندا، خىتاي مەھسۇلاتلارنى ۋە مۇھىت بۇلغىغۇچىلىرىنى ئەڭ تېز شەكىلدە ئېكىسپورت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، رىقابەتچانلىقىقا تولۇپ تاشقان ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئېرىشىدۇ.

## ئونىنچى باسقۇچ: چېرىكلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە تەكشۈرۈش

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ قورقىدىغانلىرىدىن بىرى ئەركىن ئاخباراتتۇر. خىتاي قۇياش نۇرىنىڭ خاتا قىلمىشلارغا قارشى دېزىنفېكسىيە رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ چىرىكلىكى، رەزىللىكى، ئامېرىكاغا ۋە بىزنىڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا ئالاقىدار يالغانچىلىقلى-رىنى ئۆز خەلقى بىلىپ قالغان تەقدىردە، خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى قوپۇشىدىن قورقىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خىتاينىڭ ئۆز خەلقىگە سۆزگۈچ قويۇش ۋە تەتۈر تەشۋىقات قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئامېرىكانىڭ نېمىشقا تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقى تېخىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە.

خىتاينىڭ ئاساسلىق مېدىيا ئورگانلىرى دۆلەت ئىلكىدە. چىرىكلىككە دەۋەت قىلىش مەسئۇلىيىتى ھەر دائىم خىتايدىكى چەتئەل ئاخبارات خادىملىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. غەرب مېدىيالىرى خىيانەتچىلىك، چىرىكلىككە قارشى تۇرغان ئەمەلدارلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى خاتا يولغا يېتەكلەش، باج ئالدامچىلىقى، جىنسىي سەتچىلىك، چەتئەل شىركەتلىرىنى نىشانلاش، پارىخورلۇق قاتارلىقلارنى پاش قىلىپ كەڭ دائىرىدىكى خىرىسلارغا قارشى دەس تۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن، 2013-يىلى قىسقىغىنە بىر ئاي ئىچىدە، ئاخباراتچى ئاندرىۋ جاكوبس بىر خىتاي ئاخباراتچىسىنىڭ «جىدەل-ماجرالارنى بازارغا سېلىپ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇش» جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى(20)، شۇنداقلا سچۇەن ئۆلكىسىدىكى قوللىرىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان تىبەتلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.(21) شۇنداقلا، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ شاڭخەيدىكى مۇخبىرى داۋىد باربوزا 2012-يىلى ئۆكتەبىردە (شۇ چاغدىكى) خىتاي باش مىنىستىرى ۋېنجياباۋنىڭ جەمەتىنىڭ گۇمانلىق يوللار ئارقىلىق ئىگە بولغان 2.7 مىليارد دوللارلىق مال-مۈلكى توغرىسىدا خەۋەر يازغان.(22)

بىراق، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ھەر خىل ئۇسۇل-چارىلەر ئارقىلىق بۇ خىل خەۋەرلەرنىڭ خەلق بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. 2012-يىلى بلۇمبېرگ ئاگېنتلىقى شى جىنپىڭ جەمەتىنىڭ بايلىقلىرى توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر ئاگېنتلىقنى بايقۇت قىلدى.(23) خىتايدا خىزمەت قىلىدىغان چەتئەللىك ئاخباراتچىلار دۇچ كېلىدىغان مەخپىي سودا مۇنداقتەك قىلىدۇ: سىز خىتاينىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى خەۋەر قىلسىڭىز بولىدۇ. بىراق، سىز ناۋادا خىتاي كومپارتىيىسىنى ياكى ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى رەھبەرلىرىنى تەنقىد قىلىپ قويسىڭىز، خىتاي دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىسىز.

خىتاي رەھبەرلىرى يەنە ئامېرىكا تېخنولوگىيە شىركەتلىرىگە ئۇلارنىڭ خىتايدىكى تور بەتلىرىنى سۈزگۈشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىدۇ. خىتايدا تىجارەت قىلماقچى بولغان ئىنتېرنېت مۇلازىمىتى شىركەتلىرى ۋە ئاممىۋىي مېدىيا شىركەتلىرى دۇچ كەلگەن رەھىمسىز رېئاللىق شۇكى: ئۇلار ياكى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈش تەلىپىگە ماقۇل بولۇشى كېرەك، ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز تور بېكەتلىرىنى چەكلىۋېتىشى سەۋەبلىك، خىتايدىكى

بازىرىنى تاقىۋېتىشى كېرەك.

ۋىكىپېدىيانىڭ قۇرغۇچىسى جىمى ۋېلىسقا كەلسەك، ئۇنىڭ تاللىشى ئاسان بولدى. ۋىكىپېدىيا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچۇرلارنى چەكلەش تەلىپىگە بويسۇنۇشنى رەت قىلدى.(24) «خىتاينىڭ تور سەددىچىنى» ۋىكىپېدىيانى خىتايدا كۆپ قېتىملاپ ئىشلىمەس قىلىپ قويدى.(25) ۋېلىس ۋىكىپېدىيانىڭ ئۇچۇر ئەركىنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە بىز (ئىنسانلار) ئۇچۇن قۇرۇلغانلىقىنى، تولىمۇ خاتا ئۇچۇرلارنى تارقىتىشقا مۇرەسسە قىلىنماقچى بولغانلىقىنى بايان قىلىپ: «يەر شارىدا <بىلەمسەن؟ بىز بەل قويۇۋەتمەيمىز> دېيىشنى خالايدىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى» دېدى.(26)

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نېمىشقا ۋىكىپېدىيانىڭ كۆرىشىنى قوللىمايدۇ؟ ئامېرىكا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋىكىپېدىيا، ياخۇ، فېيسبۇك ۋە باشقا ئامېرىكا مېدىيا شىركەتلىرىگە يولسىزلىق قىلىشىغا قارشى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشى كېرەك. شۇنداقلا، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ خىتاي خەلقى بىلەن خىتايچە ئالاقە قۇرۇش تىرىشچانلىقىنى ئىككى ھەسسە كۈچەيتىشى كېرەك. سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەركىن ياۋروپا رادىئوسى سوۋېتنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتىغا قارشى ئۆكتىچىلەرنىڭ باغچىسى ھېسابلىناتتى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مارافون مۇسابىقىسىدە ئەينى چاغدىكى ئەركىن ياۋروپا رادىئوسى ئوينىغان رولنى ئوينىيالماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك. بىراق، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مالىيە خامچوتى ئەڭ كامىدا ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇلىشى كېرەك.

## ئون بىرىنچى باسقۇچ: دېموكراتىيە ئىسلاھاتچىلىرىنى قوللاش

سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئامېرىكا ئىستراتېگىيىسىنىڭ كۆپۈنچىسى ئەڭ كامىدا كۈنىمىز ئۈچۈن مۇھىم ھېسابلانمايدۇ. يېڭى سوغۇق ئۇرۇش چاقىرىقى خىتاي قاتتىق قوللىرى تەرىپىدىن كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكادىن كېلىدىغان تەھدىتنى مۇبالىغە قىلىۋېتىشكە مايىل. جاھاندا دۇنياۋى ئىدىئولوگىيە كۈرىشى دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداقلا، كېڭىيىۋاتقان ئىمپېرىيەنى چەكلەشنىڭ، يەنى خىتايغا قارشى تۇرۇشتا شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئوخشاش ئىتتىپاقتىن بىرنى شەكىللەندۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بىراق، سوغۇق ئۇرۇشتىن ئالغان ساۋاقلىرىمىزدىن بىرى، ئامېرىكا دىققەت قىلىشى كېرەك بولغان نۇقتىلاردىن بىرى شۇكى، ئامېرىكا خىتايدىكى دېموكراتىك گۇرۇپپىلارنى ۋە خەلقنىڭ قوللىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. خىتاينىڭ يېڭى سوغۇق ئۇرۇش (27) جەھەتتىكى ئەندىشىسى ئامېرىكالىقلارنىڭ ئىدىيەنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىچكى جەھەتتىن موللاق ئاتقۇزغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىكى پىلانىنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدۇر. كۆپچىلىك خىتاي قاتتىق قوللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پىلانىنىڭ 1947-يىلى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ بولغىنىدەك، خىتاي دېموكراتىيىسىنى ئاغدۇرىدىغان بۇ پىلان ئاللىقاچان ھەرىكەتكە ئۆتۈپ بولدى، دەپ قارايدۇ. كەم دېگەندە خىتايچە چىققان ئىككى كىتابتا بۇ پىلانغا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.(28)

سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى روبېرت گېيتىز (Robert Gates) 1975-يىلىدىكى «خېلسىنكى كېلىشىمى» سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دېموكراتىك گۇرۇھلارنى غىدىقلاپ، «سوغۇق ئۇرۇشتا ئۇتۇپ چىقىشىمىزدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى» دەپ كۆرسەتكەن.(29) قارىماققا ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى خىتاي قاتتىق قوللىرى توغرا كۆرگەندەك قىلىدۇ. خىتاي قاتتىق قوللىرى دائىملا ئامېرىكانىڭ ئاسان غىدىقلىنىدىغان خەلق ئىچىدىكى خىتاي سەرخىللىرىنى دېموكراتىك كۆپ پارتىيىلىك سايلامغا ۋە ئەركىن بازار سېستىمىسىغا كۈشكۈرتىدىغان پىلاندىن بىرنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىپ بولغانلىقى توغرۇلۇق ئۆز ئەندىشىلىرىنى بايان قىلىشىدۇ.(30) 2013-يىلى ئۆكتەبىردە، خىتاي قاتتىق قوللىرى ئامېرىكا بىر پارتىيىلىك تۈزۈمگە خاتىمە بېرىدىغان، گورباچېفقا ئوخشاش رەھبەردىن بىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ، دېگەندىن

ئىبارەت باشقا بىر قورقۇنچىنى ئاشكارىلاپ قويدى. خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ خىتاي لىدىرلىرىغا ئىشەنمەسلىكى 2013-يىلى ئۆكتەبىردە تارقىتىلغان، «جىمجىت مۇسابىقە» دەپ ئاتالغان توقسان مىنۇتلۇق ۋىدىئودىكى ئىنتوناتسىيىلەردىن بىلىنىپ قالغان.(31) خىتاي قاتتىق قوللىرى خەلق ئىچىدىكى سەرخىللارنىڭ خىتايدا كۆپ پارتىيىلىك ھاكىمىيەتنىڭ ۋە دېموكراتىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان غەرب رەھبەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشىدىن قورقىدۇ.

خىتاي گېنرالى لو يۈەن تور زىيارەتلىرىدىن بىرىدە ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خىتاي ھەربىي ئاخبارات ساھەسىنى كۆزىتىدىغان، ئاندىن بۇ ساھەدىن «قاتتىق قوللار»نى ئايرىپ چىقىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىسىم تىزىملىكى خىتايدىكى نوپۇزلۇق خەلق سەرخىللىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، نەتىجىدە بۇ قاتتىق قوللارنىڭ دەرىجىسى چۈشۈرۈۋېتىلىدىغان، ياكى باشقا شەكىلدە جازالىنىدىغان بىر پىلاننى بايان قىلغان. بۇ زىيارەتتە لو ئۈچ مىسالنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەتتا بۇ پىلاننىڭ يۈرگۈزۈلىشىدىن خۇشال بولغۇچىلار قاتارىدا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىشى مېنى قىزىقتۇرمايدۇ، بىراق ئۇ تىلغا ئالغاندىكىدەك پىلان ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.(32)

ھەقىقەت شۇكى، ئامېرىكا ياكى غەرب خىتاي كومپارتىيەسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق ھەرىكەت قىلغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. خىتايدىكى دېموكراتىيەنى قوللاش ئۈچۈن ھەريىلى سەرپ قىلىنغان پۇل ئەللىك مىليون دوللارغا يەتمەيدۇ (33). ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بەزى پۇقراۋى جەمئىيەت پروگراممىلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ CIA نىڭ خۇپىيانە ھەرىكىتى ئەمەس، شۇنداقلا بۇ پروگراممىلارنىڭ كۆلىمى (خىتاي كومپارتىيەسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن) زۆرۈر بولغان دەرىجىدىن كىچىك. بۇ خىل پروگراممىدىن كەم دېگەندەك ئالتىسى بار، بۇلار سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە باشلانغان، شۇنداقلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلىغى ئاستىدا، AFL-CIO، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە ئامېرىكادىكى ئاساسلىق ئىككى سىياسىي پارتىيە قاتارلىق تۇرلۇك تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغان. مەزكۇر پروگراممىلار ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىچىدىكى تەشكىلاتلارغا، شۇنداقلا چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارغىمۇ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلگەن (34).

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتايدىكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇقراۋى جەمئىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇنىي كېسىم سىستېمىسىنى ياخشىلاش، سايلانغان يېزا ئەمەلدارلىرىنى تەربىيەلەش ۋە سوتچىنىڭ مۇستەقىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قانۇنىي ۋە تېخنىكىلىق ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كۆپ پروجېكت تېپىپ چىقىشى كېرەك (35). سايلامنى نازارەت قىلىشنى قوللاش، يەرلىك سايلام قائىدىلىرىنى تۈزۈش جەھەتتە تېخنىكىلىق ياردەم بېرىش ۋە خامچوت ۋە ھۆكۈمەت قارارلىرىنى نازارەت قىلىش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، بىز يەنە ھۆكۈمەت مۇستەقىل تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان پروجېكتلەرگىمۇ موھتاج (36).

ئامېرىكا (خىتايدا) دېموكراتىيەنى كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە خىتاي چوقۇم ئىقتىسادىنى سىرتقا ئېچىۋېتىدۇ دەپ قاراپ ئولتۇرماي، ئەركىن بازار ئىسلاھاتىغىمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى دۆلەتلىك دېموكراتىيە ئىئانە فوندى ۋە خەلقئارا خۇسۇسىي كارخانىلار مەركىزى ئارقىلىق بېيجىڭدىكى قوش تەرەپلىك مەبلەغ كېلىشىمىنى تەرغىب قىلىدىغان (37) يۇنىرۇل ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنى يۆلەۋاتىدۇ (38). بۇ (يەنى قوش تەرەپلىك كېلىشىم) خىتاينىڭ (خۇاۋېي قاتارلىق) باشلامچى كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. خىتايدىكى غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار ۋە ئامېرىكا مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان پروجېكتلار يەنە بىردەك دىققەت

نەزىرىنى خىتايدىكى نامۇۋاپىق ئىشچى ئىشلىتىش مەسىلىسىگە قاراتتى (39).

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئىچكى بەس – مۇنازىرىلىرىگە قارىتا ئىزچىل پاسسىپ بولۇپ كەلگەن ياكى بىخەۋەر قالغانمۇ ئەمەس. 1980 – يىللاردا ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى جورج شۇلتىز (George Shultz) خىتاينىڭ يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىشى جەھەتتە خەلقئارالىق ئۆلچەمگە رىئايە قىلىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرغانىدى (40). ئامېرىكا بېيجىڭنىڭ «يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك كېلىشىمى» ئىمزالاشنى خالىماسلىقىغا قارىتا، (بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئەسقاتىدۇ دەپ قارالغان) تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا ياردەم قىلغان ۋە شەخسلەرنى تەربىيەلىگەنىدى (41).

پالاتا ئەزاسى جوسېف بايدېن خىتاينى «شىددەت بىلەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى <ۋەھشىي پىل>غا ئايلىنىۋاتقان دۆلەت» دەپ تەسۋىرلىگەن (42) شۇنداقلا، ئەگەر خىتاي يادرو قورالنى كېڭەيتمەسلىك ھەققىدىكى سىياسىتى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆزگەرتمىسە، ئۇنىڭ تىجارەتتىكى ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتلىك ئىمتىيازىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئالماشتۇرۇش پروگراممىلىرى خىتاينىڭ ھەربىي ھازىرلىقنى كونترول قىلىش ساھەسىدىكى ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ماك ئارتۇر فوندى ۋە فورد فوندى (43) دېگەندەك غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك خۇسۇسىي تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ توپلىدى (44). چەتئەللەرنىڭ بېسىمى ۋە مەبلىغى تۈرتكىسىدە، خىتايدىكى شىركەتلەرنىڭ چەكلەنگەن تېخنىكىلارنى ئېكسپورت قىلىشىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە توسىدىغان تۈنجى ئېكسپورتنى كونترول قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى (45).

ھالبۇكى، يېقىنقى مەزگىللەردە ئامېرىكا (بۇ جەھەتتە) پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى. شى جىنپىڭنىڭ «ھوقۇقنى قەپەسكە سولاش» دېگەن سۆزى خىتايدا ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلىش جەھەتتە ئۈمىدكە تولغان غۇلغۇلىغا سەۋەب بولدى. يەتمىش ئىككى ئاكادېمىك قانۇن پروفېسسورى جاڭ چيەنفەن تۈزگەن مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويدى. جاڭ چيەنفەن (مۇراجىئەتنامىدە) خىتاي ئاساسىي قانۇنىدا «ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخس ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلاردىن ئۈستۈن ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولسا بولمايدۇ» دېيىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ بىر جۈملە قانۇن ئىجرا قىلىنغان تەقدىردە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولاتتى. شى جىنپىڭ خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي قانۇنى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىغا ئاتاپ «ئاساسىي قانۇن پۇقرالارنىڭ ئۆز ھەققى - ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قانۇنىي قورالى بولۇشى كېرەك» دېگەندە بۇ خىل (ئۈمىدۋار) غۇلغۇلا يەنە داۋاملاشتى (46). نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 2013 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى خىتاينى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئايرىشقا ۋە چوڭقۇر بازار ئىسلاھاتىغا چاقىرىق قىلغان خەۋىرىدە، «شى جىنپىڭنىڭ ئاساسىي قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەكىتلىگەن سۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېقىنقى بىر قاتار سۆزلىرى (خىتايدا) ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا ئىنتىلىدىغان كىشىلەرگە ئۈمىد ئاتا قىلدى» دېيىلگەن (47). بۇ بېيجىڭدىكى قاتتىق قوللار قورقىدىغان تىپتىكى خەۋەرلەردىندۇر. بۇ مۇددىئانى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئامېرىكا تاماشىبىن ئەمەس، ئىشتىراكچى بولۇشى كېرەك ئىدى.

## 12 - باسقۇچ: خىتاي قاتتىق قوللىرى بىلەن ئىسلاھاتچىلىرى ئارىسىدىكى مۇنازىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش.

نۆۋەتتە خىتاي ئامېرىكاغا قارشى ئۆزىنىڭ سوغۇق ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىپ، ۋاشىڭتوندىكى خىلمۇخىل مەزھەپ - گۇرۇھلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە بېيجىڭنىڭ قوللىغۇچىلىرىمۇ، خىتايدىن گۇمانسىرايدىغانلارمۇ، تىزگىنلىگىلى بولىدىغانلىرىمۇ، مارافون ئىستراتېگىيەسىنى كۆرۈپ يەتكەنلەرمۇ بار. ئىلگىرى ئامېرىكامۇ بۇنىڭغا ماھىر ئىدى. ئامېرىكا سوغۇق ئۇرۇش

مەزگىللىرىدە، سوۋېت سىياسىي بيۇروسىدىكى خىلمۇخىل كىشىلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تىڭ - تىڭلاش ئۈچۈن، ۋاقىت، تېخنىكا ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن تېخىمۇ ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارمۇ، ئامېرىكانى چوقۇم ئېشىپ كېتىش كېرەك بولغان خەتەرلىك رەقىب دەپ قارايدىغانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن سوۋېتقا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىمىزگە سېلىشتۇرغاندا، خىتايغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشتا بەكلا كېيىن قالدۇق.

ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى سەزگۈر ئىچكى تالاش - تارتىشلاردا خىلمۇخىل كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. گەرچە (خىتاينىڭ) مارافون قەدىمى تېزلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىدىيە جەھەتتە تامامەن بىردەك ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق قوللار ئەلۋەتتە كۆپ سانلىقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىسلاھات ۋە ئەركىنلىكنى ھەقىقىي قوللايدىغان، خىتاينىڭ ئامېرىكاچە بىر دۆلەت بولۇشقا قاراپ مېڭىشىنى ئارزۇلايدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ بار. بۇنداقلار مەۋجۇت بولغىنىكەن، چوقۇم بايقىلىشى ۋە ياردەم بېرىلىشى كېرەك. لېكىن، مەسىلە شۇكى، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى كىمنىڭ دائىم ئىسلاھاتچىدەك سۆزلەرنى قىلىپ يۈرىدىغان نۇرغۇن خىتاي رەھبەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەقىقىي ئىسلاھاتچى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە مەبلەغ ئاجراتمىدى. بۇ ھېلىھەم ناھايىتى چوڭ ئىستىخبارات خىرىسى سۈپىتىدە داۋاملاشماقتا (48).

بۇ خىل خىرس ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. 1980 - يىللاردا، كارتېرنىڭ پرېزدېنتلىق مەزگىللىرىدە، مايكېل ئوكسېنبېرگ مېنى ئۆزى دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى زبىگنىيېۋ بىرزېزىنسكى (Zbigniew Brzezinski) ئۈچۈن تەييارلىغان ئەسلەتمىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئېچىلغان دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتى خىزمەتچىلىرىنىڭ يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى. مەزكۇر ئەسلەتمىدە بىزنىڭ خىتاي ھەققىدىكى ئىستىخباراتىمىزنىڭ «ئاسانلا 1979 - يىلى ئىران شاھى تەختتىن چۈشۈرۈلگەندە، ئىراندا ئۇچرىغاندەك زور ئىستىخبارات مەغلۇبىيىتىگە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن» بولغۇدەك دەرىجىدە يېتەرسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنىدى (49).

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا بەزى ئىلگىرىلەش-لەر بولدى - يۇ، ئانچە كۆپ بولمىدى. ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى، شۇنداقلا 27 يىللىق CIA خادىمى جېيمىس لىلېي 1996 - يىلى دۆلەت مەجلىسىگە گۇۋاھلىق بەرگەندە، (ئامېرىكا بۇ جەھەتتە دۇچ كېلىۋاتقان) خىرىسنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ «خىتايلارنىڭ سۇنزىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، يەنى 2500 يىلدىن بېرى <قادىر بولغىنىڭدا، ئاجىز كۆرۈنگىن> دەيدىغان بىر گېپى بار. خىتاي ئۆزىنىڭ (ھەر دائىم ئازايتىپ كۆرسىتىلىدىغان) خامچوتىنى، سوۋېتتىن ياردەم ئېلىشىنى، تېخنىكا يۆتكىشىنى، ئۆز تۇپرىقىدىن يىراق جايلاردا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىنى، جۈملىدىن بۇلارنىڭ ھەممىنى مەخپىي تۇتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى تېخنىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ مەخپىي ھالدا ئۇچۇر توپلاشتۇر. لېكىن، تەكرار دەيدىغىنىم، ھەممىدىن مۇھىمى (تېخنىكىلىق ئۇرۇنۇشلار ئەمەس، بەلكى) ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىدۇر» (50). ئالدىدىمۇ قەيت قىلىنغىنىدەك، لىلېي 2001 – يىلى، يەنى تيەنئەنمېن قەتلىئامىدىن 12 يىل كېيىن، دۆلەت مەجلىسى كومىتېتىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ پۇشايمىنىنىڭ خىتايدىكى ئالاقىدار ئىچكى ھۆججەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ (ئەينى ۋاقىتتا) دېموكراتىيەگە قانچىلىك يېقىنلاشقانلىقىنى، ئۆز ۋاقتىدىكى قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ كوممۇنىستىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە تاسلا قالغانلىقىنى ئون نەچچە يىل كېچىكىپ بىلگەنلىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەزكۇر سابىق باش ئەلچى بۇ ھەقتە، ئەگەر بۇ رېئاللىقلارنى ئەينى ۋاقىتتا بىلگەن بولسا، پرېزدېنت جورجى H بۇشنى خىتاي رەھبەرلىرىگە

ئالدىنىپ، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلار تەرەپتە تۇرۇپ، بۇ ئىشقا قەتئىي ئارىلىششقا ئۈندەيدىغانلىقىنى ئېيتتى (51).

***

خىتايدىكى قاتتىق قوللار بىلەن ئىسلاھاتچىلار ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ قوشنىلىرى ھەققىدىكى نىيەت – مەقسىتى ھەققىدە تامامەن پەرقلىق قاراشتا. قاتتىق قوللار ئامېرىكانىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى قورشاۋ شاھماتتا خىتاينى قورشاۋغا ئېلىپ، خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن بېسىلغان بىر قەدەم دەپ قارايدۇ. يېقىنقى يىللاردا، (خىتايلارنىڭ نەزىرىدە) ھېچبىر ھەرىكەت پرىزدېنت ئوبامانىڭ 2012 – يىلى 11 – ئايدا بېرمانى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى باھاردا بېرما رەھبىرىنىڭ ئامېرىكانى زىيارەت قىلغانلىقىدەك مۇھىم بولمىغانىدى. دەرۋەقە، ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ئاسىيادىكى رىقابىتىدە بېرما مەركىزىي نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» شۇ يىلنىڭ بېشىدا كۆرسەتكەندەك «ئامېرىكانىڭ ئاسىيادا قايتىدىن بوي كۆرسىتىشى ۋە خىتاينىڭ ئۆتمۈشتە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى كۆز – كۆز قىلىشى سەۋەبلىك، ھەر ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي تىركىشىش جەھەتتە قولىدىن كېلىدىغانلىكى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە بېرمانى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ» (52).

2013 – يىلى، مەن بېرمانىڭ رانگون شەھىرىدە يېقىندىلا ئامېرىكانىڭ بېرمادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن دوستۇم دېرېك مىتچېل (Derek Mitchell)نى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئۇ بۇ ئىشنى (باش ئەلچىلىك خىزمىتىنى) يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرغان تۇنجى ئادەم ئىدى (53). مىتچېل ئىككىمىز تۇنجى قېتىم 1996 – يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا بىللە خىزمەت قىلغانىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ تۇنجى، شۇنداقلا بىردىنبىر «شەرقىي ئاسىيا ئىستراتېگىيەسىگە نەزەر

ھۆججىتىنى تۈزۈپ چىققانىدى. يېقىنقى يىللاردا بولسا، مىتچېل پرىزدېنت ئوبامانىڭ قول ئاستىدا ئاسىياغا قايتىش ئىستراتېگىيەسىنى پىلانلىغان كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىن ئايرىلىپ، بېرمادىن ئىبارەت بۇ گېئوپولىتىك قىزىق نۇقتىدا باش ئەلچى بولۇشنى ئۆزى تەلەپ قىلغان، شۇنداقلا بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

مەن ئۇشبۇ يېڭى باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ خىتاي سىياسىي بيۇروسىدىكىلەرنىڭ ئىختىلاپلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىگىلىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قاتتىق قوللارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا - بېرما مۇناسىۋىتىنى ئاپئاشكارا ۋە كۆز ئالدىدىكى تەھدىت دەپ قارىسىمۇ، مىتچېل ئىككىمىز خىتايدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ بېرمانىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلسا ھەممە تەرەپكە پايدىسى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئامېرىكانىڭ بېرماغا ئېچىۋېتىلىشىگە جىددىي ئىنكاس قايتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىردە ئىدۇق. مەسىلەن، خىتاي ئۆزىنىڭ بېرمادا ئېنېرگىيە ساھەسىگە، بولۇپمۇ ئىرراۋادى دەرياسىدىكى بىر يۈرۈش سۇ توسمىلىرىغا سالغان مەبلىغى سەۋەبلىك بېرمانىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ قاتتىق قوللارنىڭ ئامېرىكا قورشاۋ شاھمات ئويناۋاتىدۇ دېگەن قارىشىغا زىت، شۇنداقلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قەدىرلىشى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى كېرەك بولغان مەۋقەدۇر. مەن بېرما رەھبەرلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەسىگە قانداق قارايدىغانلىقىغا قىزىقىمەن. ئەجەبا ئۇلارمۇ غەربتىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش خىتاينى «دۆلەتلەر ئارىسىدا تىنچ قەد كۆتۈرمەكچى بولغان كاپىتالىست» دەپ قارامدىغاندۇ؟ مىتچېلنىڭ دېيىشىچە بېرما زىيالىيلىرى سىنگاپورنىڭ 89 ياشلىق سابىق باش مىنىستىرى لى گۇاڭياۋنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن ئۇچرىشىۋېتىپتۇ. ئۇ سىنگاپور ئىقتىسادىي مۆۋەپپەقىيىتىنىڭ ئۇلچىسى دەپ تەرىپلىنىدىغان بولۇپ، غەربتىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشقا سازاۋەر. رىچارد نىكسون ئۇنى چېرچىلغا، دىسرالىغا ۋە

گىلەدستونغا سېلىشتۇرغانىدى (54). شۇنداقلا، بىل كىلىنتون ۋە جورجى H بۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئىراقنى كۆرەر دەپ تەرىپلەشكەن. لېكىن، غەلىتە يېرى غەربتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ خىتاي ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. بېرمالىق بىر ئەمەلدار ماڭا رانگوندىكى بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى دەۋرىگە تەۋە، ۋىكتورىيە ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئەمدىلىكتە چۆكۈۋاتقان غەرب ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىسى سۈپىتىدە ئۆرە تۇرۇۋاتقان،سىتراند بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىسىدا سېتىلىدىغان، لى گۇاڭياۋنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئالاقىدار كىتابنىڭ ئۇچۇرىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. «لى گۇاڭياۋ خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشنى خىتاينىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق كۆزەتكۈچى ياكى تەھلىلچىدىن بەكرەك ياخشى بىلىدۇ» دەپ يازىدۇ كىتابنىڭ مۇھەررىرلىرى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى گراھام ئاللىسون ۋە روبېرت بىلەكۋىل (55). مەن بۇ كىتابنى ۋاراقلاپ باقتىم ۋە لى گۇاڭياۋنىڭ خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەسىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ھالبۇكى، ئۇ خىتاينى غەربتىكى بىزلەردىن خېلىلا بۇرۇن، يەنە نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى يېقىندىن كۆزەتكەنىدى. «خىتاينىڭ مەقستى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىش، شۇنداقلا غەربنىڭ نامدىكى ھەمراھىلا ئەمەس، بەلكى (ھۆرمەتكە سازاۋەر) «خىتاي» (دۆلىتى) سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشتۇر... ئۇلارنىڭ زېھنىيىتىنىڭ يادروسىدا ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشتىن، شۇنداقلا ئۇ ئېلىپ كەلگەن زۇلۇم ۋە خارلىقتىن ئىلگىرىكى دۇنياسى بار» دەپ يازىدۇ لى گۇاڭياۋ ئۇدۇللا. ئۇ يەنە «بېيجىڭ خىتاي خەلقىنىڭ 1989-يىلىدىكى تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىنكى مەيدانىدىن زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن تەشنالىقىنى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن تىزگىنلىدى. ئەگەر سىز خىتايدا ئاللىقانداق دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، خاتالاشقان بولىسىز. خىتاي خەلقىگە لازىمى (دېموكراتىيە ئەمەس) قايتىدىن گۈللەنگەن خىتاي دۆلىتىدۇر» دەپ يازىدۇ. لى گۇاڭياۋ كىتابنى تۈزگۈچىنىڭ «خىتاي قانداق قىلىپ دۇنيادىكى بىرىنچى نومۇرغا ئايلىنالايدۇ؟» دېگەن سوئالىغا «ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى ھەربىي تەسىر كۈچى ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي تەسىر كۈچىدۇر... ئۇلارنىڭ (ئىقتىسادىي) تەسىر كۈچى بارغانسېرى كۈچىيىپ مېڭىپ، ئامېرىكانىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن (56).

گەرچە لى گۇاڭياۋ خىتاينىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا يەنە نەچچە ئون يىل ۋاقىت بار دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مارافون ئىستراتېگىيەسىنىڭ زۆرۈر ئېلېمېنتلىرىنى جەزملەشتۈرگەندەك قىلىدۇ.

«ئەگەر خىتايلار <تىنچ قەد كۆتۈرۈش> (دېگەن شوئار)تە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتە بىرىنچى ئورۇنغا چىقىشقا كۈچىسىلا، بۇ ئىشتا غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. ئامېرىكاغا ئوخشاش ئۆزىدىن كۈچلۈك ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە كۈچكە (بىۋاستە) خىرس قىلىش ئۇلارنىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈش پىلانىنى بەربات قىلىدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا كۆرسىتىلگەن، خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «بۈيۈك دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى»ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمدىكىگە ئوخشاش يول تۇتۇۋاتىدۇ. مەنچە خىتاي رەھبەرلىرى «ئەگەر ئامېرىكا بىلەن ھەربىي كۈچ جەھەتتە رىقابەتلەشسەڭ، ئۇتتۇرۇۋېتىسەن، ۋەيران بولىسەن. شۇڭا بۇنىڭدىن ساقلان. (رەقىبىڭگە) بېشىڭنى ئېگىپ، قىرىق ياكى ئەللىك يىل چىشىڭنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ يۈرگىن» دېگەن قائىدىنى چۈشىنىپ يەتكەن (57). مەن بۇ گەپلەرنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى چۈشەندۈرەلمىگەن بولاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى مۇشۇنداق بىر مەۋقەدىشىم (لى گۇاڭياۋ) بولۇپ قاپتىكەن.

لى گۇاڭياۋ ئىككىلا پارتىيە تەرىپىدىن، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خىتاي ھەققىدىكى بۇرمىلانمىغان پەرەزلىرى غەربتىكى خىتاي سىياسىتى مۇتەخەسسىسلىرى-نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇنداق بولۇشىغا بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ تەنقىدچىلىرىنىڭ «خىتاي ئاللىقانداق سەۋەبلەر تۈپەيلى (ئۆزلۈكىدىن) غۇلاپ چۈشىدۇ ياكى غەربچە دېموكراتىك دۆلەتكە

ئايلىنىدۇ» دېگەن ئاساسسىز ئۈمىدۋارلىقى ۋە خاتا مۆلچەرى سەۋەب بولغان. ئىككىنچىدىن، خىتاينىڭ كەمتەر كۆرۈنۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەرزىمەس بىر ئىشتەك كۆرسىتىشكە پەۋقۇلئاددە زور كۈچ چىقىرىشى سەۋەب بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، قىسقا مۇددەت ئىچىدە خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتلەر ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغان. مەن لى گۇاڭياۋغا ئوخشاش خىتاينىڭ 2049 - يىلىغا بارغاندا قانچىلىك كۈچىيىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە توختالدىم. مېنىڭ دىققەت نەزىرىمنى يىراققا مەركەزلەشتۈرۈشۈم يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن 12 قەدەمنى ئىجرا قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي توغرىسىدىكى گەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى «خىتاي پات يېقىندا دۇنياغا خوجا بولماقچى ياكى ھەربىي جەھەتتە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى» دېگەن شەكىلدىكى ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئاگاھلاندۇرۇشلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ئەمما يۇقىرىقى ئىككىلا خىل ئەھۋال يېقىن كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشمايدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سىياسەت تەتقىقاتچىسى جوسېف ناي بۇ ھەقتە «بىزنىڭ خىتاينى ئەمەلىيەتتىكىدىن كۈچلۈك مۆلچەرلىۋالغانلىقىمىز، شۇنداقلا خىتاينىڭمۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلىيەتتىكىدىن كۈچلۈك مۆلچەرلىۋېلىۋاتقانلىقى بىز دۈچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەردۇر. ئەمەلىيەتتە خىتاي ھېچقايسى جەھەتتە ئامېرىكاغا يېقىن كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاينى كۆپتۈرۈۋېتىش سەۋەبلىك ئامېرىكادا تەشۋىش، خىتايدا كۆرەڭلىكنىڭ پەيدا بولۇشى بىز يۈزلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەردۇر» دەيدۇ (58).

خىتاينىڭ كۆرەڭ، ئۇرۇشخۇمار ھالەتتە قوشنىلىرىنى پاراكەندە قىلىپ، رايوندىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئىدىيەدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشى يىراقنى ئويلىغاندا ئامېرىكاغا پايدىلىق. ناپالېئون بوناپارتنىڭ «دۈشمىنىڭ خاتالىشىۋاتقاندا، ئۇنى ھەرگىز توختاتما» دېگەن مەشھۇر سۆزى بۇنىڭغا دەل ماس كېلىدۇ. ئەمما، بۇ (خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ھېچنېمە قىلماسلىققا باھانە قىلىنسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

خىتاي بىلەن ئۇزۇن مۇددەت رىقابەتلىشىشتە خىتاينىڭ تەمەسىنى تويپتوغرا بىلىش ۋە خىتاينىڭ قىلمىشلىرى قوبۇل قىلىنىپ كېلىۋاتقان خەلقئارالىق ئۆلچەملەردىن ھالقىپ كەتكەندە، ئۇنى تەنقىدلەش كېرەك. مەن بۇنى خىتاينىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت تاكتىكىسى ئارقىلىق روياپقا چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىمەن، بۇ ھەم خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرىنىڭ سۇپىتىگە ۋە ئىجادچانلىقىغا ھۆرمەت قىلغانلىقتۇر. مەزكۇر بابتا قەيت قىلىنغان 12 قەدەمنىڭ خىتاي بىلەن سۈركىلىشكە سەۋەب بولۇشى شەكسىز. خىزمەتداشلىرىم دائىم خىتايلارنى قاتتىق تەنقىدلىۋەتمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ خىل مەۋقەدە ئارىستوتىلنىڭ «بىز ھېچنېمە دېمەسلىك، ھېچنېمە قىلماسلىق، ھېچنېمە بولالماسلىق بەدىلىگە تەنقىدلەشتىن ئاسانلا ساقلىنالايمىز» دېگەن نەسىھەتى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان.

بېيجىڭنىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، غالىب گېئوپولىتىك كۈچكە ئايلىنىش ئىستراتېگىيەسى ئامېرىكانىڭ ياخشى نىيىتى ۋە ياردىمىگە موھتاج. (يەنى بۇنىڭ ئۈچۈن) ئامېرىكا چوقۇم بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۆزى چۆكۈپ، ئامېرىكا پەيدىنپەي كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەزگىلىدە قىلغىنىدەك قىلىشى كېرەك. خىتاي ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئامېرىكانىڭ ئۆزىگە (خىتايغا) بولغان كۆز قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىشكە بۇ قەدەر كۈچەپ كېتىۋاتىدۇ. ليۇ مىڭفۇ «خىتاي چۈشى» دېگەن كىتابتا خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ «خىتاي چوقۇم ئامېرىكانى (غەزەپلەندۈرۈپ) شەيتانغا ئەمەس، پەرىشتىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك» دەيدۇ. ئۇنىڭ تەشەببۇسى تۆت نەپەر قاتتىق قول تەرىپىدىن يېزىلغان «يېڭى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى» دېگەن كىتابتىكىگە ئوخشايدۇ (59). خې سې ۋە باشقا قاتتىق قول خىتايلار كەلگۈسى نەچچە ئون يىلنى ئۇرۇش ياكى زېمىن ئىستېلا قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىقتىساد، سودا كېلىشىمى، پۇل، تەبىئىي بايلىق جەھەتلەردىكى تىركىشىش ۋە

گېئوپولىتىك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈش بىلەن ئۆتىدۇ، دېيىشمەكتە.

بۇ يەردە مەسىلىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن بولغان تۇزاقتىن كەم دېگەندە ئۈچى بار. بىرىنچىسى، خىتاي تەھدىتىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىشى. مارتىن جەككۇسنىڭ **2012** - يىلىدىكى كىتابىدا دېيىلگەندەك، خىتاي «دۇنياغا ھۆكۈمدارلىق قىلىش»قا ئاز قالغىنى يوق **(60).** خىتاي ئامېرىكاغا ئوخشاش دۇنيا مىقياسىدا ھەربىي بازىلارنى قۇرۇش ئارقىلىق ئۆز تۇپرىقىدىن يىراق جايلاردا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىۋاتقىنى يوق. خىتاي پۇلىمۇ دوللارنىڭ خەلقئارالىق زاپاس پۇللۇق ئورنىنى ئالغۇدەك ھالغا كەلگىنى يوق **(61).** جورجى ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دېيۋىد شامباۋنىڭ ئېيتقىنىدەك «خىتاي (ھازىرچە خەلقئارالىق ئەمەس) پەقەت رايون خاراكتېرلىك كۈچ»تۇر **(62).** ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيە پىلانىدا خىتايغا كەڭ كۆلەملىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلاپ، **(63)** تەنقىدچىلەرنى «خىتاي بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە كىم ئىجازەت بەردى؟» دېگەندەك ماۋزۇلاردا ماقالە يېزىشقا رىغبەتلەندۇرۇۋاتىدۇ **(64)**

ئىككىنچى تۇزاق، خىتاينى تەنقىدلەيدىغانلارنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش ئىستراتېگىيەسىنى خاتا تونۇۋېلىشىدۇر. گەرچە بۇ ئىستراتېگىيە مەخپىي بولسىمۇ، لېكىن بىزدە بۇ ئىستراتېگىيەگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى تونۇۋېلىشقا يېتەرلىك دەلىل بار. ھېچبىر نوپۇزلۇق خىتاي تەتقىقاتچى ھىتلېر، ستالىن ياكى (ياپونىيە گېنېرالى) توۋجوۋنىڭكىدەك تاجاۋۇزچىلىق مېتودىنى تەشەببۇس قىلىپ باققىنى يوق. خىتايدىكى ھېچبىر قاتتىق قول قەلەمكەش زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ياكى خەلقئارالىق ئىدىئولوگىيە ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستراتېگىيەسى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ باقمىدى. دەل ئەكسىچە، خىتاي قاتتىق قوللىرى باش ئەلچى زىممېرمانىنىڭ «تۇنجى بۈيۈك غەلىبە: بەش ئامېرىكالىق قانداق قىلىپ ئۆز دۆلىتىنى دۇنياۋى كۈچكە ئايلاندۇرالىدى؟»دېگەن ئەسىرىدەك ئامېرىكانىڭ دۇنياۋى كۈچ بولۇپ قەد كۆتۈرۈشىگە ئالاقىدار كىتابلارغا مەپتۇن بولغاندەك قىلىدۇ **(65).** كۆرگىنىمىزدەك، خىتاي پارتىيە مەكتىپىدىكى دەرسلەردە ئامېرىكانىڭ سودا - سانائەت سىياسىتىگە تايىنىپ بىرىتانىيە ۋە گېرمانىيەدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ، شۇنداقلا قاتتىق قوللارنىڭ كىلاسسىك ئوقۇشلۇق كىتابلىرىدىن بولغان «بۈيۈك ئىستراتېگىيە»دە ئامېرىكانىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن پايدىلىپ، **1945** - يىلى ياۋروپانى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، نۆۋەتتىكى دۇنياۋى تۈزۈمنى ئورناتقانلىقىدەك مەككارلىقى ماختالغان **(66).**

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن ئېلىنىدىغان ساۋاق بىلەن خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىن ئېرىشكەن تەجرىبىسى بىر – بىرىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. خىتاي پارتىيە مەكتىپىدە مەن مەزكۇر كىتابنىڭ سەككىزىنچى بابىدا تىلغا ئالغان، ئامېرىكانىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئالاقىدار نۇرغۇن كىتابلاردىن سىرت، قەد كۆتۈرۈۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ كونا زوراۋاننى ئوڭۇشلۇق ۋە تىنچ شەكىلدە تىز پۈكتۈرەلەيدىغانلىقى چۈشەندۇرۈلگەن كىتابتىن كەم دېگەندە ئۈچى (دەرسلىك كىتاب سۈپىتىدە) قوللىنىلىدۇ. بۇلار ئان ئوردې **(AnnOrde)**نىڭ «بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ چۆكۈشى»؛ ئارون فرېيدبېرگ **(Aaron Friedberg)** «ھارغىن تىتان» دېگەن كىتابى ۋە شياڭ لەنشىننىڭ «يىراق شەرق ئېمپىرىيەسىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش» دېگەن كىتابىدۇر **(67).** خىتايدا تونۇلغان بىر تەتقىقاتچى ھەتتا **1880** – يىلىدىن **1914** – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئامېرىكا دىپلوماتىيە تارىخىدىكى ھالقىلىق پەيتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئامېرىكانىڭ بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچلۈك ئورنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى قانداق پەپىلىگەن ۋە بىخۇدلاشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ ئامېرىكانىڭ بىخۇد، جەڭدىن زېرىككەن بىرىتانىيەنى خەلقئارالىق يېتەكچىلىك سەھنىسىدىن ئاجايىپ زېرەكلىك بىلەن سىقىپ

چىقارغانلىقىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن (68).
خىتاي ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيەسىگە يۇقىرى باھا بەرگەندە دائىم خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى تاكتىكا ئۇقۇملىرىنى ئىشلىتىدۇ، مەسىلەن «ئامېرىكا پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىشتىن پايدىلىنىپ، <ئارىلاشماسلىق>(无为) تاكتىكىسىنى قوللاندى ۋە باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلاندى (借刀杀人)» دېگەندەك. خىتاي ئامېرىكا بۇ ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى (ئامېرىكا)نىڭ مارافون ئىستراتېگىيەسىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ.
خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسى غەربنىڭ تارىخي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قەدىمكى خىتاي ئىمپېرىيەلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈش ۋە چۆكۈش تارىخىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىدە ئۆلۈك يول خەرىتىسى، ۋاقىت جەدۋىلى ياكى پىلان لايىھەسى ئىشلىتىلمەستىن، ھەرزامان — زۆرۈر تېپىلغاندا ھەتتا تۈيۈقسىز — پۇرسەتنى تۇتۇشقا تەييار تۇرۇلىدۇ.
ئۈچىنچى تۇزاق پەقەت ئامېرىكانىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغىلا مۇناسىۋەتلىك. ئامېرىكا پۇقرالىرى ۋاشىڭتون بىلەن بېيجىڭنىڭ ئۆتكەن قىرىق يىل جەريانىدىكى مەخپىي ھەمكارلىقلىرىنىڭ سالمىقىدىن بىخەۋەر. خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرىنى قوللاش تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن، خىتايلار شۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنى خىتاينى ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كېلەچەكتىكى شېرىكى دەپ قاراشقا كۆندۈرگەن. بىز (ئامېرىكا بىلەن خىتاي)نىڭ مەخپىي ھەمكارلىق تارىخىمىز نۇرغۇن ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنى ئاشۇ مەخپىي پىلانلارنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولغان خىتاي قاتتىق قوللىرىغا مايىل قىلىپ قويغان.
(خىتاينىڭ) مارافون پىلانى بارلىقىنى تونۇپ يېتىشتىن ئىبارەت تۇنجى قەدەمنى بېسىش ھەممىدىن قىيىن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ قەدەم ئۆز نۆۋىتىدە ھەممىدىن مۇھىم. ئامېرىكا مەسىلىنى تونۇپ يېتەلمەسلىكى ۋە خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەتتە بىزدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماي، 2049 – يىلىغا بارغاندا بىزنى ئىقتىسادتا ئىككى، ھەتتا ئۈچ قات قاتلىۋېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېھتىماللىقىقا يۈزلەنگىلى ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ۋاقتى كەلگەندە غەلىبە تەبىئىيلا خىتايغا مەنسۇپ بولىدۇ.



# كىتابنىڭ خاتىمىسى

**2015**-يىلى يازنىڭ باشلىرىدا ئايالىم ئىككىمىز جورجتاۋندىكى ئۆيىمىزدە كۈتۈلمىگەن شەرەپ مېھمىنىمىز – خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ سابىق پولكوۋنىكى ليۇ مىڭفۇنىڭ كىتاب زىياپىتىگە ساھىبخانلىق قىلىپ قالدۇق. ليۇ مىڭفۇ بازارلىق كىتابى بولغان «خىتاي چۈشى» ناملىق كىتابتا بېيجىڭنىڭ «مارافون»دا غەرب بىلەن بولىدىغان قارشىلىقلىرى ۋە ئامېرىكا بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان زىددىيەتلىرىنى تىلغان ئالغان. مەن «يۈز يىللىق مارافون» دېگەن ئۇقۇمنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان كىتاب دەل ليۇنىڭ مۇشۇ كىتابى ئىدى. يۈز يىللىق مارافون – بېيجىڭنىڭ خىتاينى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئورنىدىن ئەڭ زور دۇنياۋى كۈچ قىلىپ چىقىشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى كۆرستىدۇ.

ليۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى نۆۋەتتىكى مۇسابىقىنىڭ «دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسابىقىسى» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. پولكوۋنىك ليۇ (كىتابىنىڭ تارقىلىشىدىن) كېيىن نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتىغا قىلغان سۆزىدە «بىر زامانلاردا خىتاي شەرقنىڭ ئۈيقۇدىكى شىرى دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە بىز ئويغاندۇق، شى جىنپىڭ شىرلار توپىنىڭ سەركىسىگە ئايلاندى. ئەمدىكى كىممۇ بىز بىلەن ئۇرۇشۇشقا جاسارەت كۆرستەلىسۇن؟» دېگەن. ئۇ يەنە «ئاسىيا ئوت يالقۇنى ئىچىدە؛ كەلگۈسىدە ئاسىيانىڭ ھەممە يېرى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن» دېگەن.(1)

بۇ خۇشخۇي، جانلىق پولكوۋنىكنى خىتاينىڭ ھەربىي ۋە ئاخبارات ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىمدىكى يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە تونۇغان ئىدىم. ئۇ كىتابىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، (جورجتاۋندىكى ئۆيۈم) ئامېرىكالىق ئاخباراتچىلار ۋە تاشقى سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن تولۇشتىن ئىلگىرى – پولكوۋنىك ليۇ كىتابىدىكى «كېيىنكى ئامېرىكا دەۋرى» دەپ ئاتالغان، خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەشەببۇسلىرىدىن بىرەرسىنى بايان قىلايمۇ؟ ليۇ خىتاينىڭ «مونرو تەلىماتى»غا – لاتىن ئامېرىكاسىدىن ياۋروپا كۈچلىرى چوقۇم چىقىپ كېتىشى كېرەك دېگەن تەلىماتقا – ئەگىشىشى كېرەكلىكىنى، بىراق خىتاينىڭ بۇ ئۇقۇمنى ئاسىيا قىتئەسىدە بارچە غەرب كۈچلىرىنىڭ تەسىرى بولماسلىقى كېرەك، دېگەن ئىدىيە بويىچە ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەكلىكىنى ياقىلايدىكەن.

مېنىڭ ليۇغا زىياپەت بېرىشتىكى مەقسىتىم تولىمۇ ئاددىي. مەن مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدە ۋە بەش بۇرجەكلىك بىنادا ئىشلەيدىغان مېھمانلىرىمنىڭ خىتاي قاتتىق قوللىرىدىن بىرىنى يېقىن كۆرۈۋېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق قىلدىم. ئامېرىكادا خىتاي قاتتىق قوللىرى خىتاينىڭ ئاساسىي ئېقىمدىن چەتنىگەن ياۋا گۇرۇپپىلارنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى خىتاينىڭ غول ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنى ئىسپاتلايدىغان كۆپلەپ دەلىل-پاكىتلار مەۋجۇت. ئالدى بىلەن، نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ دېيىشىچە، ليۇنىڭ كىتابىنىڭ ئېنگىلىزچە نەشرى بېيجىڭ شەھەرلىك تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ سابىق خىزمەتچىلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئامېرىكادىكى مەلۇم بىر نەشرىيات تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.(2) ئۆكتەبىردە نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىدە پولكوۋنىك ليۇنىڭ كۆز قاراشلىرى بايان قىلىنغان «خىتاي پولكوۋنىكىنىڭ قاتتىق قول كۆز قاراشلىرى ئاساسى ئېقىمغا سىڭىپ كىردى» دېگەن ماۋزۇدىكى بىر ماقالە مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن ئېلان قىلىندى. مەن ئۇيۇشتۇرغان يىغىلىشقا قاتناشقان «ئامېرىكا ئاۋازى» مۇخبىرلىرىدىن بىرى ليۇنىڭ سۆزلىرىنى خىتايغا تارقاتتى، ئاۋازلىق تارقىتىش خىتاي تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىدى. قارىماققا خىتاي ئۇنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى تەستىقلىغاندەك قىلاتتى.

مەن بۇ كىتابىمدا توختىلىپ ئۆتكىنىمدەك، ئامېرىكانىڭ ئاخبارات ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى ئەمەلدارلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى خىتاي ئىستراتېگىيىسى توغرۇلۇق خام خىياللارغا غەرق بولدى، شۇنداقلا خىتاينىڭ غەربكە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئوچۇق دەلىل-پاكىتلارغا سەل قارىدى. خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەل قاراش بەلكىم دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىستىخبارات خاتالىقى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ لىدېرلىرىمىز بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى مەندىن ئاڭلاشنى خالىمىسا، بۇ ھەقتە نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ. بىز قىرىق يىللىق ئۇيقۇدىن كېيىن خىتاينىڭ **2049**-يىلىغا بارغاندا ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشنى كۆزلەپ ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىنچىكە ۋە پىلانلىق ئىستراتېگىيىسىگە نىسبەتەن ئەمدىلەتىن ئويغىنىشقا باشلىدۇق. بىز بۇ ئويغىنىشنىڭ بەك كېچىكىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەقىقەت شۇكى، بۇ كىتاب تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان ئايلاردىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى يۈز يىللىق مارافون ناملىق بۇ كىتاپنىڭ مەركىزى نۇقتىسىنى يورۇتىدىغان دەلىل-پاكىتلارنى چىقىرىشقا باشلىدى. بېيىجىڭنىڭ ئۆزى يېتەكچى بولغان ئاساستا، دۇنيا تەرتىپىنى قايتا تەشكىللەشكە ئۇرۇنۇشى، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ كۈچى ۋە تەسىرىنىڭ قارشىسىدا تۇرۇشى قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. خىتاينىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە نەشر بۇيۇملىرى «بېيجىڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىسى يوق، خىتاي پەقەت تىنىچ ھالەتتە دېموكراتىك، ئەركىن بازار تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر قاتارىغا قوشۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ» دەپ قارايدىغان كۆپلىگەن ئامېرىكا ئالىملىرى ۋە ئىستراتېگىيە بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ مەزكۇر ھۆكۈملىرىگە نىسبەتەن ئېغىر دەرىجىدە گۇمان تۇغدۇردى.

### خىتاينىڭ دۇنياۋىي ھەربىي كۈچىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش

**2015**-يىلى **5**-نويابىر، كۆزەينەك تاقىۋالغان، تەقى-تۇرقى سۇرلۇك بىر كىشى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىغا تەۋە «تېئودور روزۋېلت» ناملىق ئاۋئىماتكىسىغا ئاياق باستى. بۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئاشتون كارتېر **(Ashton Carter)** بولۇپ، ئۇ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ رادارلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئاۋئىماتكىنىڭ پولات سۇپىسىدا تۇرۇپ، خىتاينىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا توغرىلانغان مىڭلىغان باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ ئالدىدا

تۇرۇپ، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ قۇياش ئاستىدىكى گۈرۈلدەشلىرىنى تاماشا قىلدى. بۇ ھال ئامېرىكا ھەربىي كۈچىنىڭ كىچىككىنە نامايەندىلىرىدىن بىرى ئىدى.

دەرۋەقە، كارتېر ئۆز سىگنالىنى ياكى بۇ سىگنالنىڭ تاپشۇرۇۋالغۇچىسىنى مەخپىي تۇتۇپ يۈرمىدى. كارتېر رايوندىكى كۇنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان جىددىيچىلىكنى «خىتاينىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقى»نى تىلغا ئېلىپ، بېيجىڭغا ئامېرىكانىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى ئاشكارا نامايان قىلدى. كارتېرنىڭ يېنىدا خىتاينىڭ لۈكچەكلىكلىرىدىن ئارامسىزلىقا چۈشكەن كۆپلىگەن خىتايغا قوشنا دۆلەتلەردىن بىرى بولغان مالايسىيانىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى تۇرغان ئىدى. كارتېر سۆزلىرىدە «خىتاينىڭ قىلمىشلىرى توغرۇلۇق بەك كۆپ ئەندىشىلەر مەۋجۇت» دېگەن گەپنى مۇنداقلا دەپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.(4) ئەپسۇسلۇنارلىقى شۇكى، شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن كېيىن، مالايسىيا خىتاي دېڭىز ئارمىيىسىنى كوتا كىنابالۇدىكى مۇھىم پورتنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا تەرەپ تۇتمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولدى. كۆپلىگەن ئاسىيا لىدېرلىرى ئامېرىكانىڭ خىتاينى قىرىق يىل قۇچاقلىشىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىگە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، (ئامېرىكا تەرەپتە تۇرۇش سەۋەبلىك ئۆز ئىستىقبالىنى) دوغا تىكىشتىن ساقلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

«يۇز يىللىق مارافون» نەشىر قىلىنغان ئايلاردىن باشلاپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھەربىيلەشتۈرۈش، دېڭىزنى تىندۇرۇپ يېڭى ئارال بەرپا قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆز تەۋەلىكى دەپ ئېلان قىلىش، شۇنداقلا بۇ ئاراللاردا ئايرودروم، پورت ۋە ئەسكىرىي بازىلارنى قۇرۇش قاتارلىق قىلمىشلار ئارقىلىق، بۇ رايوندا خىتاينىڭ ھەربىي مەۋجۇتلۇقىغا زېمىن ھازىرلىماقچى بولدى. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى خىتاينىڭ نىيىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن باش كۆتۈرۈش دەپلا قارىلىپ كەلدى. كارتېرنىڭ ھەرىكىتى نەچچە ئون يىللىق بۇ خىل خام خىيالنىڭ غەربتە بەربات بولغانلىقىنىڭ ئەڭ يېقىنقى نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ئاراللارنى «تەرەققىي قىلدۇرۇش» بىلەن ئالدىراش بولۇشىدىكى ئاساسى سەۋەب، ئۆزىنىڭ قوشنىلىرىغا – جەنۇبىي كورىيە، تەيۋەن، فىلىپىن، ياپونىيە قاتارلىق ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئىتتىپاقداشلىرىغا – قارشى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىگىلەشتىن ئىبارەت. بۇ سۇنئىي ئاراللاردا بەرپا قىلىنغان پورتلار خىتاي دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قىرغاق مۇداپىئە پاراخوتلىرىنىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى پورتلارغا قايتماستىن، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى روياپقا چىقىرىدۇ. مەسىلەن، خىتاي ئوتلۇق كرېست خادا تاشلىرى **Fiery Cross Reef** ) ) دا قۇرغان ئايرودروم خىتاينىڭ ھەربىي قورال-ياراق ئىسكىلاتىدىكى ئېغىر تىپلىق توشۇغۇچى ۋە جەڭ ئايروپىلانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارچە ئايروپىلانلارنى سىغدۇرالايدۇ. خىتاينىڭ بارچە جەڭ ئەسلىھەلىرىنى توشۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاۋئىئاماتكىسى بولمىغانلىقى، شۇنداقلا ھاۋادا ماي قاچىلاش ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئاراللار خىتاينىڭ قورال-ياراقلىرىنى خىتاي قىرغىقىدىن يىراق جايلاردا ئورۇنلاشتۇرالىشىنى، ھەمدە يېڭى رادار ۋە سۇنئىي ھەمرا ئالاقە سىستېمىسىنى بۇ جايلاردا قۇرالىشىنى روياپقا چىقىرىدۇ.(5) بۇ ئاراللارغا يېڭى رادار ۋە سۇنئىي ھەمراھ ئالاقە سىستېمىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى دېڭىز تەۋەلىكى ئېڭىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ.

خىتاينىڭ بۇ خىل شەكىلدىكى كېڭەيمىچىلىك قەدىمى ئاستىلايدىغاندەك ئەمەس. خىتاي ھەربىي جەھەتتە زامانىۋىلىشىش پىلانىدا دېڭىز ئارمىيىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. خىتاي ئىلگىرى «خىتاينىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسى» ناملىق دۆلەت مۇداپىئەسى ئاق تاشلىق كىتابىدا «قۇرۇقلۇق ئەسكىرىي كۈچ دېڭىز ئەسكىرىي كۈچىدىن ئۈستۈن بولۇشى كېرەك دېگەن ئەنئەنىۋىي چۈشەنچىدىن چوقۇم خوشلىشىش كېرەك» دەپ جاكارلىغان.(6) خىتاي «ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن دۇنياۋىي ئەسكىرىي كۈچىنى

كېڭەيتىشنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېڭىز رايونلىرىدىكى ئىگىدارچىلىق تەلەپلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ «غەزەب-نەپرەتلىك ھەرىكەتلىرى»گە ۋە ئامېرىكانىڭ «ئارىلىشىشى»غا قارشى مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.(7)

ئامېرىكا بىخەتەرلىكىگە ئائىت يېڭى مەركەزلەردىن بىرىدە خىزمەت قىلىدىغان ئاسىيا سىياستى مۇتەخەسسىسى پاترىك كرونىننىڭ دېيىشىچە، مەزكۇر ئاق تاشلىق كىتاب «خىتاينىڭ بارغانچە رايوندىكى زومىگەر كۈچ بولۇشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىق پىلانى» ئىكەن.(8)

## ئالەم بوشلۇقىنى بويسۇندۇرۇش

بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە ئايان بولغىنىدەك، خىتاينىڭ «قاتىل خەنجىرى» ناملىق پىلانى ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىش تېخنولوگىيىسىنى ئاساس قىلغان. بۇ يېڭى تېخنولوگىيەنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى باشقا بىر چېگرا ھېسابلانغان «ئالەم بوشلۇقى»نى بويسۇندۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەۋەلىكىدىكى ئامېرىكا-خىتاي ئىقتىسادى ۋە بىخەتەرلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان دوكلاتلاردىن بىرىدە خىتاينىڭ قوش ئوربىتىلىق، سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قورال-ياراقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىنغان. دوكلاتتا «بۇ سېستىمىلار قورال-ياراق قاچىلانغان سۈنئىي ھەمراھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ قورال-ياراقلار پارتلاتقۇچ دورا، پارچىلىنىش ئۈسكۈنىسى، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى قورالى، لازېر نۇرى قورالى، رادىئو چاستوتىلىق قورال، ماشىنا ئادەملەشكەن قوراللار قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان» دېيىلگەن. «ۋاشىنگتون ۋاقتى گېزىتى»دىكى بۇ دوكلات ئانالىز قىلىنغان ماقالىلەردىن بىرىدە «قوش ئوربىتىلىق قوراللار بوشلۇقتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن، سۈنئىي ھەمراھلارغا يېقىن ھالەتتە ھەرىكەت قىلىپ، سۈنئىي ھەمراھلارنى نىشانغا ئالىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ ياكى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. قوش ئوربىتىلىق قوراللار يەنە سۈنئىي ھەمراھلارغا سوقۇلۇش ياكى ئاپتوماتىك قولى بىلەن ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ.»(9)

«ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، مەزكۇر كومىتېت يەنە خىتاينىڭ باشقا سۈنئىي ھەمراھلارنىمۇ ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئىككى يېڭى باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەييارلاۋاتقانلىقىنى بايقىغان. «تۆۋەن ھەم يۇقىرى ئوربىتىلاردىكى سۈنئىي ھەمراھلارنى پاچاقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە، بىۋاستە ئالەم بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئىككىسى، يەنى SC-19 بىلەن DN-2 تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ئەڭ يېقىندا بۇلتۇر ئېلىپ بېرىلدى. يۇقىرى ئوربىتالىق DN-2 باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ئامېرىكانىڭ خەلقئارالىق ئورۇن بەلگىلەش (GPS) سۈنئىي ھەمراھىنى ئېتىپ چۈشۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، لېكىن مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئامېرىكانىڭ ئىستىخبارات، كۆزىتىش ۋە چارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سۈنئىي ھەمراھلىرىنى پارتلىتىۋېتىشكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. DN-2 باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە ئىشقا كىرىشتۈرگىلى بولىدۇ» (10).

خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى تېخنىكىسى ئامېرىكانىڭ ئالاقە سىستېمىسىغا روشەن ۋە جىددىي خەتەر شەكىللەندۈرگىدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

## خىتاينىڭ زورىيىۋاتقان ئىقتىسادىي كۈچى

گەرچە ئامېرىكادا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقى، ھەتتا چۆكۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۈمىدۋار پاراڭلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ئىقتىسادى يەنىلا بىزنىڭكىدىن ئۈچ – تۆت ھەسسە تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىۋاتىدۇ. 2015 – يىلى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئارانلا ئىككى پىرسەنت، خىتاينىڭ بولسا يەتتە پىرسەنت بولدى (11). بۇ «خىتاي ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتەلەمدۇ، يوق؟» ئەمەس، «خىتاي ئامېرىكادىن قاچان ئېشىپ كېتىدۇ؟» دېگەن مۇلاھىزىنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولدى.

خىتاي ئېكسپورت، ئائىلە ئېشىنچا كىرىمى ۋە مىلىيادىرلارنىڭ سانى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاللىقاچان بىزدىن ئېشىپ كەتتى. نوبېل ئىقتىساد

مۇكاپاتى ساھىبى جوسېف ستىگلىتزنىڭ «شۆھرەت سەھنىسى» ژۇرنىلىدىكى ماقالىسىدە دېيىلگىنىدەك «خىتايدا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل بىلەن مەبلەغ GDP نىڭ ئەللىك پىرسەنتىنى ئىگىلىگەچكە، خىتاي ئامانەت پۇل جۇغلانمىسىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرىمەكتە، (بۇنىڭ ئەكسىدە) ئامېرىكا ئامانەت پۇل جۇغلانمىسىنىڭ زىيادە ئازلىقىدىن تەشۋىشلەنمەكتە» **(12)**. ياسىمچىلىق دېگەندەك بەزى ساھەلەردە خىتاي تېخى يېقىندىلا بىزدىن نىسبىي ھالدا ئېشىپ كېتەلىدى. لېكىن، **2014** – يىلىدىن **2015** – يىلىغىچە ئارىلىقتا (خىتاينىڭ خۇرۇن بايلار تىزىملىكىگە كۆرە) پەيدا بولغان **200** يېڭى مىلياردېرنى قوشقاندا، خىتايدا ھازىر جەمئىي **596** مىلياردېر بار، ئامېرىكادا بولسا **537** سى بار **(13)**.

شۇنىڭدەك، خىتاي شىركەتلىرىمۇ «بايلىق» ژۇرنىلىنىڭ «**Fotune Global 500**» (دۇنيادىكى **500** كۈچلۈك شىركەت) تىزىملىكىگە بەس – بەستە كىرىشكە باشلىدى. **2000** – يىلى، مەزكۇر تىزىملىكتە خىتاي شىركىتىدىن بىرىمۇ يوق ئىدى. **2015** – يىلىغا كەلگەندە، بۇ سان **98** گە چىقتى. «بايلىق» ژۇرنىلىدا كۆرسىتىلىشىچە، «خىتاي بۇ جەھەتتە مەزكۇر تىزىملىككە كىرگەن شىركىتىدىن **128** ى بار ئامېرىكادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ» **(14)**. شۇنداقلا، مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنغان «باشلامچى كارخانىلار» سىستېمىسى ئۇنتۇقلۇق بولغان بولۇپ، خىتايدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى **12** شىركەتنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بەزى بانكا ۋە نېفىت شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ **.(15)**

**2015**– يىلى ئونىنچى ئايدا، خىتاي پۇلى، يەنى (ئاتالمىش) «خەلق پۇلى» ياپونىيەنىڭ يېن (ياپونىيە پۇلى)دىن ئېشىپ، خەلقئارا تىجارەتتە پۇل تۆلەشتە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پۇللارنىڭ ئىچىدە تۆتىنچى ئورۇنغا چىقتى. ئۇ ھازىر ئامېرىكا دوللىرى، ياۋرو ۋە ئەنگلىيە فوندستېرلىڭىنىڭ كەينىدىلا تۇرىدۇ **(16)**. شۇنداقلا، **11** – ئاينىڭ ئاخىرىدا خەلقئارا پۇل فوندى خىتاي پۇلىنى ئۆزىنىڭ داڭلىق «زاپاس پۇللار سېۋىتى »گە كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك گۈللىنىشىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ خىتاي ئىقتىسادى تۈگىشىۋاتىدۇ دېگەن مۆلچەرلىرىگە روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغىنى، خىتايدىكى نوپۇزلۇق ئىقتىسادشۇناسلار **IMF** (خەلقئارا پۇل فوندى) قا ئوخشاشلا (خىتاي ئىقتىسادىغا قارىتا) تولىمۇ ئۈمىدۋار. خىتايدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىقتىسادشۇناسلاردىن بىرى بولغان لىن يىفۇ **2015** – يىلى **1** – ئايدا «خىتاي ئىقتىسادىدا كەلگۈسى ئون يىلدىن ئون بەش يىلغىچە **7%** دىن **7.5%** كىچە بولغان **GDP** ئېشىشى داۋاملىشىدۇ» دەپ مۆلچەرلىگەن **(17)**. لىن يىفۇ يەنە «**2030** - يىلىغا بارغاندا، خىتايدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئامېرىكا يۇقرالىرىنىڭكىنىڭ ئەللىك پىرسەنتىگە، شۇنداقلا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمى ئامېرىكانىڭكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ» دەپ مۆلچەرلىگەن **(18)**. لىن يىفۇنىڭ مۆلچەرى قاتتىق ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئۇ دۇنيا بانكىسىنىڭ سابىق باش ئىقتىسادشۇناسى، شۇنداقلا چىكاگو كونسېرۋاتىپ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتىدۇر. يېقىنقى باشقا مۆلچەرلەردىمۇ ئامېرىكانىڭ تېخىمۇ رىقابەتچان بولۇش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زور كۈچ چىقارمىغان تەقدىردە، دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي گەۋدىلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا **(19)**.

روبېرت ئاتكىنسون «خىرىستىيان ئىلىم – پەن ئۆگۈتلىرى گېزىتى»دا شۇنداق دەپ يازغان:

خىتاي يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە يۇمشاق دېتال قاتارلىق ھالقىلىق ساھەلەردە ئامېرىكادىن ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا نەچچە ئون مىلياردلاپ مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ؛ ئامېرىكا تور بەتلىرىگە، ئەپ(**App**)لىرىگە ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر سۇپىلىرىغا ئېرىشىشنى چەكلەۋاتىدۇ؛ بىزنىڭ شىركەت ساھىبلىرىمىزنى ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى،

تېخنىكىلارنى ۋە مەنبە كودنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ؛ مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنىنى دەستەك قىلىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنى يول قويۇشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ؛ ھەتتا خىتاي كارخانىلىرىنى ئامېرىكا ئىشلەپچىقارغان يۇمشاق - قاتتىق دېتاللارنى ئىشلەتمەسلىككە زورلاۋاتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ، خىتاي سىستېمىلاشقان قوشۇمچە سوداگەرلىك ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى ئۈچۈن پۇل ۋە ئۆلچەمنى تىزگىنلەشتىن تارتىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئالاھىدە مەنپەئەت بېرىشكىچە (بىر قاتار) تەڭسىز ئەۋزەللىكلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ (20).

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكىنىڭ رىقابەتچانلىقى تۆۋەنلەپ كەلدى. ئامېرىكا تىزىملاش (Census Bureau) ئىدارىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئامېرىكىنىڭ تىجارتى مەزكۇر ئىدارە 1980 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ تېز سۈرئەتتە چېكىنىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2014 - يىلىدىكى دۇنيا ئىجادچانلىق كۆرسەتكۈچىدە ئامېرىكا يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىدا ئالتىنچى ۋە يېڭىدىن تىجارەت باشلاشنىڭ ئاسانلىقى جەھەتتە 39 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، شارائىت ھەرۋاقىت خىتاينىڭ يەرلىك يېڭىلىق يارىتىشىغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. ستىگلىتزنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، «مۇكاپاتلانغان پاتېنتلار جەھەتتە، خىتاي ھېلىھەم ئامېرىكىنىڭ ئارقىسىدا، ئەمما ئۇلار (خىتايلار) ئارىدىكى پەرقنى بارغانسېرى كىچىكلىتىۋاتىدۇ» (21). خىتاي ئايروپىلان، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ، تېببىي مەھسۇلاتلار ۋە تاۋار ياسىمىچىلىقى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەشنى ئويلايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، خىتاي سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى خىتاي بازىرىنى مۇستەقىل ھالدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارالىق بازارغا توسقۇنسىز كىرىش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تېخنىكا ئېكسپورتىنىڭ ھالاۋىتىنى سۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرتكىسى-دە خىتاي دۇنيا سوداگەرلىك تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇنغا چىقتى (22).

## ئوباما - شى جىنپىڭ ئۇچرىشىشى

خىتاي بىلەن مۇرەككەپ دىپلوماتىيە ئويۇنى ئويناش خىرىسى پرېزىدېنت ئوباما بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2015 - يىلى 9 - ئايدىكى ۋاشىڭتون ئۇچرىشىشىدا تولۇق گەۋدىلەندى. شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا مەلۇم بولغان ئەڭ گەۋدىلىك ھادىسىلەردىن بىرى كونسېرۋاتىپ ھەربىي قاتتىق قوللارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى تەسىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە زور ئىكەنلىكى بولدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خىتايدىكى ھەربىي قاتتىق قوللار شى جىنپىڭنى ئوباما ھۆكۈمىتى بىلەن بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەشمەسلىككە ئۈندىگەن (23). ئىلگىرى ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، ھازىر خىتاينىڭ دۆلەتلىك ئاقىللار ئامبىرىدا ئىشلەۋاتقان، مەن خىتاينىڭ «تەتقىقاتچى گېنېراللىرى» دەپ ئاتايدىغان كىشىلەر ماڭا شى جىنپىڭنىڭ شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش جەريانىدا نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىش ئىلكىدە بېشارەت بېرىشكەنىدى.

ھەربىي قاتتىق قوللار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشنى پىلانلاش ئىشلىرىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تاشلاپ بەرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەكسىچە، ئۇلار شى جىنپىڭنىڭ بىر مۇنچە گېنېراللار بىلەن ھەپتىلىك يىغىن ئاچقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شۇ قېتىملىق سەپەر ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ ئۈلگۈرگەن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «مەركىزى سىياسىي بۆلۈم» دەيدىغان، كۆپىنچە ئادەم بىلمەيدىغان بىر چەتئەل سىياسىتى ئەترىتى بار. بۇ ئەترەتتىكىلەر سىياسىي پۇرسەتلەرنىڭ قىممىتىنى باھالايدىغان، شۇنداقلا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى، ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىغان تىپتىكى دېلىغۇل زىيالىيلار بىلەن دائىم جېدەللىشىپ تۇرىدىغان قاتتىق قوللاردۇر (24). ھەربىيلەر ھېچقانداق دىپلومات قاتناشتۇرۇلمىغان تۆت ياكى بەش قېتىملىق مەجلىستە شى جىنپىڭنىڭ پرېزىدېنت ئوباما بىلەن كۆرۈشكەندىكى نۇتقى ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ ھەربىيگە ئالاقىدار تەرەپلىرىنى قارار قىلىپ بولغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچى، شۇنداقلا

شى جىنپىڭ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەشەببۇسى شۇكى، شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكا زىيارىتىگە ھېچقانداق يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي گېنېرال قاتناشماسلىقى، شۇنداقلا (ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى) مۇزاكىرىدە ھەربىي ئىشلار قەتئىي تىلغا ئېلىنماسلىقى كېرەك (25). پرېزىدېنت ئوباما بىلەن بولىدىغان سۆھبەتتە تۆۋەندىكى ئالتە ساھەنى تىلغا ئالماسلىق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن:

1. خىتاينىڭ خاككېرلىق ھۇجۇمى: ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا تور بىخەتەرلىكى كېلىشىمى تۈزۈشكە، شۇنداقلا 2014 - يىلى ئامېرىكا ئەدلىيە تارمىقى تەرىپىدىن تور ئىشپىيونلۇقى بىلەن ئەيىبلەنگەن بەش نەپەر ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسېرى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىشكە بولمايدۇ.

2. ئالەم بوشلۇقى: خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەرىكەتلىرى ھەققىدە، خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى پروگراممىسىنى چەكلەش ياكى ئالەم بوشلۇقى قورال چەكلىمىسى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىشكە بولمايدۇ.

3. ھەربىي ئالماشتۇرۇش: خىتاي ئامېرىكانىڭ ھەربىي ھەرىكەت ئاجىزلىقلىرىنى چۈشىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەربىي ئالماشتۇرۇشلارنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىشى، ئەمما (ئامېرىكانىڭ) خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سەزگۈر ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش ئىستىكىنى رەت قىلىشى كېرەك.

4. تېخنىكا: خىتاينىڭ مەخپىي دۆلەت مۇداپىئە-سى تېخنىكىلىرىغا ئېرىشىشنى ئازايتىدىغان چەكلىمىلەر بولماسلىقى كېرەك.

5. تەيۋەن: خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تەيۋەنگە قارشى ھەربىي تەرەققىياتىنى چەكلەش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشمەسلىك كېرەك.

6. جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى: خىتاي (خىتاينىڭ) جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا قېزىش ۋە ھەربىي ئىنشائاتلارغا چەكلىمە قويۇش ھەققىدىكى ھەرقانداق مۇزاكىرىگە قوشۇلماسلىقى كېرەك.

قاتتىق قوللار تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ ئوباما بىلەن كۆرۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «ئامېرىكاچە» سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىشنى ۋە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئامېرىكا كىتابلىرىنى تىلغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

شى جىنپىڭ مەزكۇر سىنارىيەگە بىنائەن، بىر قېتىملىق سىپايە نۇتقىدا «خىتاي خەلقى ئەزەلدىن ئامېرىكانىڭ كارخانىچىلىق روھىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولىمۇ چوڭ بىلىدۇ. ياش ۋاقىتلىرىمدا، ئالېكساندىر خامىلتوننىڭ <فېدېرال يازمىلار> دېگەن كىتابى بىلەن توماس پېيىننىڭ <ئومۇمىي ساۋاتلار> دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغانىدىم» دېگەنىدى.

ئوباما ھۆكۈمىتى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالقىشلاپ، خىتاي بىلەن پەقەت پۇقراۋى ساھەدىكى تور جىنايەتلىرى توغرىلىقلا مۇزاكىرىلەشتى ۋە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قارشى خاككېرلىق ھۇجۇملىرى ھەققىدە داۋراڭ سېلىشتىن ساقلاندى. دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىدىكى ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك مۇدىر دان كرىتېنبىرىك (ئوباما - شى جىنپىڭ ئارىسىدىكى) ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى تاراتقۇلارنىڭ تور بىخەتەرلىكى كېلىشىمى سۆھبىتى ھەققىدە سورىغان سوئالىغا «مەن سىلەر بايا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈش ھەققىدە ئۈمىدلىك سۆزلەرنى قىلىشنى خالىمايمەن. بۇ بىر ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان. بىز بۇ نىشانغا يېتىشتىن تېخى يىراق» دېگەنىدى (26).

ئۇ شۇنچە زور خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بىرەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار ياكى ھەربىي تور مۇتەخەسسىسىنىڭمۇ كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغانىدى. شى جىنپىڭ ئاقسارايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قاپ يۈرەكلىك بىلەن پۈتۈن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ خىتايغا تەۋە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندە، خىتاي قاتتىق قوللىرى چوقۇم قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

## خىتاي خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش

نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك رىقابەتنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نوھ فېلدمەن نۆۋەتتىكى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى سۈپەتلەشتە «سوۋۇق ئۇرۇش» (cool war) دېگەن

ئىبارىنى قوللانغان. بىز خىتايغا قارشى ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىكنى ساقلاشقا ئۇرۇنغاندا، «سوۋۇن ئۇرۇش»نى سوۋۇتۇۋەتمەسلىك، تېخىمۇ يامىنى «ئىسسىق» (يەنى قوراللىق) ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇۋەتمەسلىكنى نىشان قىلساق، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەسىگە ماس كېلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن سىياسەتكە بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى روشەنلىشىدۇ. بۇ ئامېرىكانىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك پرېزدېنتى ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى دۇچ كېلىدىغان خىرس بولىدۇ. ئۇلار يۈز يىللىق مارافوننىڭ ئەھۋالىغا كۆرە، ئامېرىكانىڭ قەدىمىنى بەلگىلەيدۇ.

«خىتاينىڭ ھېچقانداق ئىستراتېگىيەسى يوق، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى قەد كۆتۈرۈشىدۇر» دېگەندەك ساددا خىياللاردا يۈرگەن كىشىلەر پەيدا قىلغان مۇجمەللىك (بىز دۇچ كېلىۋاتقان) ھەقىقىي خىرستۇر. مېنىڭ (خىتاي توغرىسىدىكى) كۆز قاراشلىرىم «خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش نىيىتىمۇ، ئىستراتېگىيەسىمۇ، ئىقتىدارىمۇ يوق» دېگەن قاراشتىكىلەرنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا ئۇچراپ كەلدى. لېكىن، بۇ خىل قاراش ئالدىمىزدىكى يىللاردا تەدرىجىي يوقىلىدۇ. ئەگەر خىتاي راستلا ھېچقانداق ئىستراتېگىيەسىز ھالدا تۇيۇقسىزلا گۈللىنىپ قالغان بولسا، نېمە ئۈچۈن (خىتاينىڭ) يېڭى دۆلەت مۇداپىئەسى ئاق تاشلىق كىتابىدا خىتاينىڭ خەلقئارالىق مەنپەئەتىنى قوغداش ئېھتىياجى تىلغا ئېلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خىتايدىكى نوپۇزلۇق ئىقتىسادشۇناسلار خىتاينىڭ ئىقتىسادىنى ئامېرىكانى ئىككى، ھەتتا ئۈچ قاتلىۋېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خىتاي كۆپىنچىسىدە «ئاسىيا ئاسىيالىقلارنىڭدۇر» دەپ جار سېلىنغان، رايوننى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى ئېلان قىلىدۇ؟ شۇنداقلا، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ نېمە ئۈچۈن 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يېرىمىدىكى چەتئەل سودىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول» دەپ ئاتالغان پەۋقۇلئاددە زور پىلانىنى بىۋاستە ئۆزى جاكارلىغاندا، ئامېرىكانى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ؟» (27).

ئەڭ ئاخىرىدا، نېمە ئۈچۈن خىتايدىكى ئوتتۇز بەش نەپەر ھەربىي ئەمەلدار يەرشارى مىقياسىدا خىتاينىڭ ھەربىي بازا تورىنى شەكىللەندۇرۇشنى تەرغىب قىلىدىغان «ئىستراتېگىيە ئىلمى» ناملىق، ئانچە كۆپ ئادەم بىلمەيدىغان كىتابنى نەشر قىلدۇرىدۇ؟

مەزكۇر يېڭى تەكلىپلەرنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا ئىستراتېگىيەسى يوق بىر دۆلەتنىڭكىدەك كۆرۈنمەيدۇ.

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**ھېكمەتيار ئىبراھىم**

**ئەنۋەر قاراقۇرۇم**

(تۈگىدى. بوشلۇق ئېھتىياجى بىلەن ئىزاھاتلار قىسقارتىلدى. ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى كىتاپنىڭ 306-315- بەتلىرىگە قارالسۇن)



# گىلەم شەھرى


# خوتەن

# گىلەم شەھرى -خوتەن

ئاپتورى: نىلس ئامبوت

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇساجان ھۇسەيىن

خوتەنگە يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئۆلكە باشلىقى، شەھەر باشلىقى، پولكوۋنىك ۋە تاموژنا باش نازارەتچىلىرىدىن بىردىن ئادەم كەلگەنىدى، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەگ ـ غوجاملار ئىدى. بۇ شەھەر ئاۋات ـ باياشات بولۇپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى گۈللەنگەنىدى. بۇ شەھەر باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش كوناشەھەر ۋە يېڭىشەھەردىن رايونىغا بۆلۈنگەنىدى. ھەرقايسى يۇرتلاردا ھەر كۈنى بازار قىزىيتتى.



خوتەن رايونىدىكى گىلەمچىلىك كارخانىسى

بازار كۈنلىرى چوڭ ـ كىچىك رەستىلەر قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمۈپ، رەڭگارەڭ كۆرۈنۈش نامايان بولاتتى.

بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ تارىخى كىشىنى جەلىپ قىلاتتى. مەزكۇر شەھەردىكى تۇرمۇش توغرىسىدا مۇئەييەن تەسىراتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇ يەردىكى بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىشىپ باقايلى. بىز گەپنى پولكوۋنىك ما دۇڭلىندىن باشلايلى. چوڭ كوچا دوقمۇشىدىكى ھەربىي گازارمىدا بىرنەچچە ئەمەلدار تۇراتتى. قاراۋۇللار بۇ كوچىنىڭ ئوڭ قاسىنقىدىكى چوڭ دەرۋازىغا قارايتتى. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى توغرا ياغاچ ئاق سىرلىنىپ، ئۈستىگە كۆك سىر بىلەن خەنزۇچە بېغىشلىما يېزىلغانىدى. ئىككى ئۇيغۇر ئەسكەر ئەتراپنى چارلاپ تۇراتتى. دەرۋازىدىن كىرگەن يەردە 17 ـ ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى ئىككى دانە زەمبىرەك بار ئىدى. مەن بۇ زەمبىرەكلەرنىڭ بۇ يەرگە تىزىپ قويغاندىن باشقا، يەنە نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم. بىرئازدىن كېيىن، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئەسقاتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

تاشقىرىقى ھويلىدىن كىرىپ، پاكار ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن كۆزنى چاقنىتىدىغان قىزىل گۈللۈك باغقا كىرگىلى بولاتتى. پولكوۋنىك ما دۇڭلىن گۈلنى ياخشى كۆرەتتى، بۇ باغ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۈچ تەرىپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغانىدى، تۆت ئەتراپتىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى. يىراقتا بىر كۆلچەك بولۇپ، نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى چوڭ كارىدور ئەپچىللىك بىلەن ئېگىزرەك يەرگە سېلىنغانىدى. بىنەپشە رەڭ كۆلچەك، ھۇپپىدە ئېچىلغان قىزىلگۈللەر، كۆكۈلنى ئېچىپ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى، بۇ مەنزىرە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بىر تۈپ باراقسان ئۆسكەن قېرى ياڭاق دەرىخى يانغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ياز كۈنلىرى ئۇنىڭ سايىسىدا چۈشلۈك



تىجارەت باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى بازار

غىزا يېيىشلەتتى. ئەمەلىي نەپنى كۆزلەيدىغان خەنزۇلار دائىم مەھكىمىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ كارىدوردا تاماق يەتتى. مۇنداق سورۇندا ھەممە يەرلەرگە نەپىس، رەڭدار گىلەم سېلىناتتى.

ما پولكوۋنىكنىڭ خوتەندە تۇرغىنىغا ئۇزاق بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئورنىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىناتتى. بۇ يەردە گەرچە ئۆزىنىڭ چۈشتىكىنى توشتۇرالايتتى، ئەگەر ھەر ۋاقىت ئۇزاق يول يۈرۈشكە توغرا كەلسە بۇ ياخشى بولمايتتى. ما پولكوۋنىك مۇداپىئە رايونى قوماندانى بولۇپ، تەخمىنەن تۆت يۈزدەك ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇ مۇشۇنىڭغا ماس ھالدا ھەربىي تەمىنات، كىيىم - كېچەك، ھەربىي لاۋازىمەتتىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە پەقەت ئارمىيەنىڭ يېرىمىنى، يەنى 200 كىشىنى باشقۇرالايتتى. بۇ ئەسكەرلەر قانداق تاللىنىدۇ؟ جەڭگاھ بولسىمۇ، جەڭ بولمىغاچقا، ئەسكەرلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقا، ئۇلار دائىم بىكار يېتىپ دەم ئالاتتى. خوتەن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا گىلەمچىلىك كەسپى بىلەن داڭ چىقارغانىدى.

پولكوۋنىڭ ما قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىگە دەسلەپتە گىلەم توقۇشقا بۇيرۇق قىلغان، ئۇ تەدرىجىي تەرتىپنى تامامەن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، كەسىپ ئالماشقان ئەسكەرلەرنى گىلەم توقۇش ئىشچىسى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلغان!

ئۇنىڭ گۈزەللىك قارىشى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، ئەتراپىتىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گىلەملەر بۇنىڭ دەلىلى ئىدى. يەرگە رەڭگارەڭ گۈللۈك گىلەم سېلىنغانىدى. كارىدورنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە نەپىس ھەم ئېسىل بېزەلگەن بىرنەچچە ئېغىز كەڭتاشا ئۆي بار ئىدى. غۇۋا يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنىڭ ئاستىغا ئەپيۇن چىلىمى يوشۇرۇپ قويۇلغانىدى. ما دۇڭلىن بۇنداق خەتەرلىك زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكمەيتتى. ئۇ ياش، ساغلام، شاللاق بولۇپ، باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشاش خوتۇنى كۆپ ئىدى.

بىز ئەڭ ياخشىسى ما دۇڭلىننىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، داۋاملىق كوچىنى بويلاپ، شەھەردىكى بىرىنچى باي ھېسابلىنىدىغان خۇدابەردى باينى كۆرۈپ باقايلى. كەڭرەك بىر ئېرىقتىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلۇپ، سىرلىق ئوردىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تار كوچىغا كىرسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا چىرايلىق سېلىنغان بىر مەسچىت نامايان بولىدۇ، مەسچىتنىڭ قۇببىسىدىكى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ھىلال ئاي كۆزنى چاقنىتاتتى. مەسچىتنىڭ يېنىدا بىر مەخپىي توسما بولۇپ، ئۇنى ياقىلاپ تاقىر ھەم مۇستەھكەم ئېگىز تام سېلىنغانىدى، تامنىڭ بىر قىسمى كۆك كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغانىدى، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار مەسچىتنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

پەلەمپەي ئون پەشتاقلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرىش ئېغىزىغا تۇتىشاتتى. ئىشىك ئادەتتىكىدەك رۇس ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، ئىچىدىن توم تىرەك بىلەن تاقاپ قويۇلغانىدى، بۇ ناتونۇش كىشىلەردىن مۇداپىئەلىنىشتە زۆرۈر ئەسلىھە ھېسابلىناتتى. بىز سالقىن پېشايۋاندىن ئۆتۈپ، ئاستى يەرگە

تىگىدىغان دېرىزىسى بار سارايغا كىردۇق. سارايىنىڭ تېمىنى بويلاپ پاكار ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئورۇندۇق ئۇستىگە يۇمشاق توق قىزىل ئاق قۇ پېيىدىن ياسالغان ماموق يىكەنداز ۋە ياپقۇچ سېلىنغانىدى. پولغا بايىنىڭ ئۆزىنىڭ گىلەم كارخانىسىدا توقۇلغان چوڭ گىلەم سېلىنغانىدى. بىر تەرەپتىكى ئۇزۇن تامغا چىرايلىق زىننەتلەنگەن تام مەش چىقىرىلغانىدى، تۆت تامدىكى ئويۇقلارغا گۈللەر تىزىلغانىدى، بۇ زىياپەت زالى ئىدى. ئۆي ئىگىسى ئايۋاندا مېھمان كۈتۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئايۋاننىڭ ئۈچ تەرىپىنى چوڭ ئۆي قورشاپ تۇراتتى، تۆتىنچى تەرىپى كىچىك گۈللۈككە ئېچىلغانىدى. مېھمانلارنى قارشى ئالغاندا، ئايۋان بىلەن پەلەمپەينىڭ ئارىلىقىغا ھەمىشە گىلەم سېلىناتتى. ئۇ ئۆزى تۆردە ئولتۇرۇپ ئىخلاسمەن ئاڭلىغۇچىلىرىغا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان كىچىككىنە سۆيۈملۈك قىزى چىلىمدىن كۆزىنى ئۇزمەيتتى. بىز رۇسلارنىڭ تاتلىق - تۇرۇم يېمەكلىكلىرى ۋە پىرەنىك بىلەن چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

كاتتا ئوقۇرلۇق ئات ئېغىلى (بۇ يەر ئەسلىي چوڭ ئىسكىلات ئىكەن)دىن ئۆتۈپ، ئۇستى ئوچۇق ھويلىغا كىردۇق. بۇ يەردە رۇس ئۇسلۇبىدىكى «تەلەيگەي» (پۇرژىنىسىز تۆت چاقلىق پوۋۇسكا) توختىتىپ قويۇلغانىدى. بۇ يەردىن چۇشكەندىن كېيىن، بايىنىڭ چوڭ كوچىدىكى دۇكانلىرىغا چىققىلى بولاتتى. بۇ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان كىچىك دۇكانلار بولۇپ، بىر كىشى ھەمىشە ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بازاردىكى مال باھاسىنىڭ ئۆسكەن - چۈشكەنلىكىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. چوڭ كوچىنىڭ يەنە بىر قاسنىقىدا، توقۇمىچىلىق كارخانىسىغا كەلدۇق. بۇ يەردە يۈزلىگەن قىزلار ۋە ياشانغان ئاياللار ياللىنىپ قوي يۇڭىدىن يىپ ئىگىرىۋاتاتتى. تەخمىنەن ئوتتۇزچە گىلەم توقۇش دۇكىنىدا گىلەمچىلەر ئالدىراش گىلەم توقۇۋاتاتتى. ئەڭ چوڭ گىلەم

توقۇش دۆكىنىدا بەش ئادەم قاتار ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇيتتى، ئەڭ كىچىكلىرىدە بىر ئادەم گىلەم توقۇيتتى. گىلەمنىڭ ئۆرۈش يىپىگە پاختا، ئارقاق يىپىغا قوي يۇڭى ئىشلىتىلەتتى، تاسادىپىي ئەھۋالدا تۆگە يۇڭىمۇ ئىشلىتىلەتتى. بەزىدە يىپەك تېپىش تەس بولسىمۇ، يىپەكمۇ ئىشلىتىلەتتى. ئەڭ ئادەتتىكى گىلەم توقۇش دۆكىنىدا ئۈچ كىشى گىلەم توقۇيالايتتى. ئىككى ئەر كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئايالى يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇلار قولىدا ئەپچىللىك بىلەن يىپ ئۇلايتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى گىلەم نۇسخىسىغا ياكى باشقا بىر گىلەمدىكى نۇسخىغا ئەگىشىپ تېزدىن يۆتكىلەتتى. بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى، بۆشۈك ئۇنىڭ كەينىگە قويۇلغانىدى. ھېچنېمىگە ياردىمى تەگمەيدىغان بالىلار ھەممىلا يەردە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئەڭ مەلىكىلىك ئىشچىلار باشقىلارغا ئارىلاشماي بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتى. ئۇلار نۇسخىغا قارىماي، ئېسىدە ساقلىنۋالغان گۈل نۇسخىسىغا تايىنىپ گىلەم توقۇيتتى. ئۆيىنىڭ تورۇسى پۈتۈنلەي بورا بىلەن يېپىلغان بولۇپ، بۇ يەردە قىش كۈنلىرى ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇڭ تەرەپتىكى چوڭ ئۆيلەردە ئەللىكچە چوڭ تۈڭ بار بولۇپ، بۇ تۈڭلاردىكى قايناق سۇدىن ھور چىقىپ تۇراتتى، بۇ شۇلتا سۇدا يىلە غوزىسىدىن يىپەك تارتىلاتتى. قومۇشتا توقۇلغان چويلا بىلەن غوزىلارنى سۇزۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى، ياخشى يىپەك تارتىلىپ توقۇش ئىشچىسىغا سۇنۇپ بېرىلەتتى. بۇ ھەۋەس قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، چۈنكى قايناپ تۇرغان شۇلتىدا قول كۆيۈپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولاتتى. بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تېرىسىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن ياشانغان ئاياللار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بىرنەچچە ئاقساقال كىشى بار ئىدى، سەل نېرىدىراق بىر ئېغىز قورغاق ئۆي بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يىلە باققۇچىلاردىن سېتىۋالغان يىلە غوزىسى بار ئىدى.

بىز ئۆتكەن ئاشۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇپ ياسالغان سۇپا بار، ئۇنىڭدا تەخمىنەن 30 ئادەم بەھۇزۇر ئۇخلىيالايتتى. باي مۇشۇ سۇپىدىكى گىلەمدە ئولتۇرۇپ، ھەربىر يۆگەم يىپەك يىپنى جىڭلاپ ئۆتكۈزۈۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن ئۆينى سەگەكلىك بىلەن نازارەت قىلاتتى. يىپ ئىگىرىش چاقى ئۇچقاندەك پىرقىرايتتى، تۆمۈر تۇخۇدىن بۇلدۇقلاپ ھور چىقاتتى، باللار ئويىنىغاچ، يىغلاپ خەقىشلىك قىلاتتى. بۇ يەردە خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن نۇر بىرلىشىپ كەتكەنىدى، لېكىن بۇ يەردىكى سېسىقچىلىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بولۇپ، كىشىنى بىزار قىلاتتى.

زوردۇنخاننىڭ دېڭىگە بېرىشقا پەقەت ئىككى مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. بىز پەلەمپەي ئۈستىگە تىزىلغان ئۇزۇن تىجارەت يايمىسىدىن ئۆتتۇق، بۇ يەردە بىر ھىندىستانلىق گىلەم سودىگىرى خوتەننىڭ ئەڭ ياخشى گىلەملىرىنى باھا تالىشىپ سېتىۋېلىۋاتاتتى. بىز ئېگىز پەلەمپەي ئارقىلىق بىر ھويلىغا كىردۇق. كىچىك ئېرىقنىڭ سول تەرىپىدە ئېگىز ھەم قىپقىزىل پىياز گۈلى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ چېدىر بار ئىدى. خوتەندە چېدىرنىڭ مەنىسى باشقىچىرەك بولۇپ، «تېمى يوق سايىلىق» دېگەننى بىلدۈرەتتى. چېدىردىن سالقىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بۇ ئەرلەر ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان جاي بولۇپ، ئاياللارنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىناتتى. بۇ يەردە ئەرلەر ناماز ئوقۇيتتى (بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى ئىدى)، چاي ئىچەتتى، چىلىم تارتاتتى، پاراڭلىشاتتى، تىجارەت قىلاتتى، ھېكايە ئېيتىشاتتى، تاماق يەيتتى، ئەڭ مۇھىمى ئۇخلايتتى. ئىشىكى ھويلىغا قاراپ تۇرىدىغان مېھمانخانا زوردۇنخاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، نەپىس ئىشلەنگەن داستىخان سېلىنغانىدى. ئەگەر بىرەرسى ئۇنى «خان بوۋا» دەپ چاقىرسا، ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى.

زوردۇنخان ھويلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى كىچىك بىر



خوتەندىكى گىلەمچىلىك بازىرى

ئېغىز ئۆيدە تۇراتتى، ئېگىز بىر تام ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرالغۇسىنى تۇسۇپ تۇراتتى، باشقا كىشىلەر ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەيتتى. تامنىڭ ئىچىدە قىز ھۇجرىسى بولۇپ، مەخپىي ھەم چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر تېپىلغاندىلا، ئەرلەر كىرەتتى. بۇ چاغدا، بارلىق ئايال زاتى ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى.

مەن ئادەتتە ناھايىتى بالدۇر ئورنۇمدىن تۇراتتىم. بەزىدە ئايال غوجايىنىمنىڭ دېرىزەم ئالدىدىن ئۆتۈپ، كىچىك كۆلچەكتىن سۇ ئالغانلىقىنى كۆرەتتىم. مەن ئەۋرىشىم، نازاكەتلىك، كېلىشكەن، پاكىز، چىرايلىق كىيىنگەن، قاپقارا چاچلىرىغا بىر تال گۈل قىستۇرۇۋالىدىغان بىر قىزنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ زىلۋا، نازۇك بولۇپ، دادىسىغا ئوخشايتتى. سۇ كۆتۈرگەندىكى ھالىتى لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ئىدى.

لېكىن، زوردۇنخانىنىڭ قىزلىرى كۆلچەككە ھەممىدىن بالدۇر كەلمەيتتى. ھىندىستانلىق بىرەيلەن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى دەڭدىن چىقىپ، بىر كۈن ئىشلىتىدىغان سۇيىنى ئەكىرىۋالاتتى. ئۇ ئېگىز بويلۇق كىشى بولۇپ، قولىدا كۆتۈرۈۋالغان سېرىق مىستىن ياسالغان سۇ باكى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ بېشىدا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئالتە گاللون سۇ كۆتۈرەتتى. سۇ ھىندىستانلىقلار ئۈچۈن مۇقەددەس نەرسە ھېسابلىناتتى. ئۇ ۋارونكىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تولدۇراتتى، سۇ ۋارونكىدىن ئاستا ـ ئاستا باكقا چۈشەتتى. بەزىدە ئۇ باكقا سۇ قۇيۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېنىغا ئادەم كېلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم كەتكەندىن كېيىن، باكنى دۈم قىلىپ پاكىز يۇغاندىن كېيىن، ئاندىن «سۇ قۇيۇش مۇراسىمى»نى داۋاملاشتۇراتتى.

مەن ھەمىشە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ خىرامان ھالدا سۇ باكىنى كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىنى ئۇسسۇلغا كەلتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن سۇ ئالغىلى كېلەتتى. ياشانغان بىر ئايال خان

بوۋايغا يۈز يۇيىدىغانغا پارقىراق چىلاپچا، ئاپتۇۋا ئاپىرىپ بېرەتتى. بوۋاي چېدىرنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئوچۇق يەردە ئۇخلايتتى. ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، يۆگەپ قويغان جاينامازنى ئالاتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى جامالخانمۇ دادىسىغا ئەگىشىپ چىقاتتى، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىرلىكتە بامدات نامىزى ئوقۇيتتى. ئاندىن كېيىن مەن ۋە تاۋمۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆتەيلەن چاي ئىچكەچ، تەبىئەتنىڭ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىناتتۇق. بىز ھەر كۈنى چۈشلۈك ئارام ئېلىشتىن باشقا ۋاقىتتا ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ توختىماي پاراڭ سالاتتۇق.

خان بوۋاينىڭ دېگىنى يوقلاش ھەمىشە كىشىنى خۇشال قىلاتتى. ئۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئۇششاق ئىشلارنى سۆزلىگەچ، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قوياتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قىزىقچىلىق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ قويغاندىكى قىياپىتى بەئەينى «قېرى پومېشچىك»نىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ نەۋرىلىرىگە بىر ـ بىرلەپ كەمپۈت تارقىتىپ بەرگەن ۋاقىتتا، قانچىلىك بەختلىك، قانچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، نەۋرىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسىنى ھۆرمەت قىلاتتى.

زوردۇنخاننىڭ ئائىلىسىنى پولكوۋنىك ما دوڭلىننىڭ يامۇلىدىكى ھەشەمەتخورلۇق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بايلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كاتتا قورۇلۇش ۋە «تاقىر ـ تۇقۇر، تاقىر ـ تۇقۇر» ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان توقۇش ماشىنىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى سودىدىكى ئادىللىقى، يوللۇق ئىش قىلىۋاتقانلىقى ۋە خەير ـ ساخاۋەتلىكى، مېھىر ـ شەپقەتلىكىگە تايىنىپ ياخشى نامغا ئېرىشكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا شۇ يەردىكى دۆلەتمەن ئائىلە ھېسابلىناتتى، بۇمۇ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك مۆھىم بىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ بىر شاد ـ خۇراملىققا تولغان ئىناق ئائىلە ئىدى.

بىراق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاللاھ ئۇنىڭغا غەيۋەت ـ شىكايەتلەردىن ساقلايدىغان شىپالىق دورا ئىنئام قىلغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى. ئۇ بۇنىڭغا موھتاج ئىدى.

ئاق كۆڭۈلنىڭ يولى ئاق بولاتتى.

خوتەندە بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئەتراپىدىكىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى، ئۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان پاك ھەم ئالىيجاناب كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى «كەلكۇنباي» بولۇپ، پۈتۈن شەھەرگە داڭلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى كىلايكىن مۇردۇك ئىدى. ئۇنىڭ خوتەندە تۇرغىنىغا 30 يىل بولغانىدى. ئۇ قىممەتلىك بايلىقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ئۆسۈملۈك بويىقى بىلەن قوي يۇڭىنى بوياشتىكى ماھىر ئۇستا ئىدى. ئۇ تەبىئىي ئانىلىن بوياق بىلەن يىپ بوياشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغانىدى، لېكىن ئۇ پەسكەش ھەم چاكىنا كىشىلەر بىلەن قەتئىي باردى ـ كەلدى قىلمايتتى.
خوتەن ۋە لوپتىكى چوڭ گىلەمچىلىك كارخانىلىرىدا ئەنئەنىۋى نۇسخىلار ۋە يېقىشلىق، جۇلالىق رەڭلەردە توقۇلغان گىلەملەر قالمىغانىدى. بۇنداق نۇسخىلار ئەسلىدە خوتەننىڭ داڭلىق



خوتەندىكى گۈللەنگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك

مەھسۇلاتلىرى ئىدى. لېكىن، بۇگۈنكى كۈندە نۇرغۇن گىلەمچىلەرنىڭ گىلەم رەڭگىگە قاتتىق تەلەپ قويماسلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن شالغۇت نۇسخىلارنى توقۇشقا باشلاپ چۆكۈپ كېتىش نەتىجىسىدە، قارىسا كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى.

مۇردۇك ئەپەندى 83 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تەڭدىشى يوق ھۈنىرىنى يەنىلا تاشلاپ قويمىغانىدى، ئۆزى قېرىسىمۇ روھى قېرىمىغانىدى. ئۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا گىلەم توقۇش كەسپى ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق كەسپى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەزەلدىن پۇقرالارغا زۇلۇم سالمايتتى. ئۇ ئىشچىلارغا رەڭنى قانداق تەڭشەش، يېڭى ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە رەڭلەرنى قانداق ئىجاد قىلىشنى ئۆگەتكەنىدى. ئۇ يەرلىك ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلار ئىچىدىكى تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇلاتلارنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ، بوياق ماتېرىياللىرى ياساشتىكى رېتسېپىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى قازانلاردا ھەمىشە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، غولى، پوستى ۋە مېۋىسى قايناپ تۇراتتى. ئۇلار ئىچىدىن ئۇزاققىچە ئۆچمەيدىغان، جۇلالىق رەڭلەرنى ئايرىپ



خوتەندىكى ھىندىستانلىق پېشقەدەم سودىگەر كىلايكىن مۇردۇك

چىقاتتى، مانا بۇلار ئالىي ئۆلچەملىك رەڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. نەپىس توقۇلغان ئەنئەنىۋى نۇسخىدىكى گىلەملەرنىڭ چىرايلىقلىقىدىكى سەۋەب، يالغۇز ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ جۇلالىق بولغانلىقىدىلا بولماستىن، بەلكى ئېسىل قوي يۇڭىدا توقۇلغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گىلەمگە ئاق قۇنىڭ پېيىدەك يۇمشاق، پارقىراق پاقلان يۇڭى ئىشلەتكەندىلا، رەڭگى قاشتاش ھەم مەرۋايىتقا ئوخشاش جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك كۆتۈپخانىسى ۋە ئارام ئالىدىغان كىچىككىنە ئۆيى ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئالىي سورتلۇق قەھۋە ھەر ۋاقىت تەييارلاپ قويۇلاتتى. لېكىن، كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى ئۇنىڭدىكى كىشىلىك پەزىلەت ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن خۇشال مىنۇتلارنى ئۆتكۈزدۇم. ئۇ ھەقىقىي سەمىمىي دوست بولۇپ، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى ھەمىشە خۇشاللىق دەپ بىلەتتى، كىشىلەرگە ھەر دائىم ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مەسلىھەت بېرىشكە تەييار ئىدى. ئۇ بۇ يۇرت ۋە بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئوبدان تونۇشقاچقا، خەيرخاھلىق قىلىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان كىشىدۇر. ئۇ سەمىمىي، ئىشەنچلىك، پىداكارانە روھقا، ئالتۇندەك قەلبكە ئىگە كىشى ئىدى.

مەن 1931 ـ يىلى كىلايكىن مۇردۇنىك ئەپەندى بىلەن مىلاد بايرىمىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدىم. 1932 ـ يىلى يېڭى يىلدا ۋىراتنىكوف تاغدىن قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق. مەن شىۋېتسىيە يېزىقىدىكى «ئاشپەزلىك رىسالىسى» دېگەن كىتابتىن پايدىلىنىپ، كەچلىك تاماق ئېتىشتىن ئىبارەت يۇكسەك ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. مېنىڭ ئېسىمدە: تۇخۇم تۇرمىلى، رۇسچە كۆك پۇرچاقلىق ئۆردەك كاۋىپى، ياڭيۇ بىلەن مايدا پىشۇرۇلغان گۆشنان، ياڭاق قايمىقى قاتارلىقلارنى تەييارلىغىنىم ھېلىھەم ئېسىمدە. بۇ 22 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ مۇردۇنىك ئەپەندىگە

ھەمراھ بولۇپ مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈشى بولغاچقا، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولغانىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەھۋە دەملەشتىكى ماھىر ئۇستا ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم. يىراق دېسە دۇنيانىڭ چېتىدىكى، يېقىن دېسە كۆز ئالدىدىكى سۆيۈملۈك كىشىلەرگە ئېھتىرام بىلەن سۇنۇلغان قەھۋە، تاتلىق ھاراق ۋە بىر پارچە بولكا كەچلىك غىزانى تېخىمۇ موللاشتۇرغانىدى.



قوغۇن - تاۋۇزدىن مول ھوسۇلچىلىق

# گۇگىل تەرجىمانى قانداق ئىشلەيدۇ؟



«گۇگېل تەرجىمانى» سىستېمىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەرجىمانلىق سىستېمىسى بولسىمۇ، ئىلگىرى مەزكۇر سىستېمىغا ئۇيغۇر تىلى كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ۋە دائىرىسى نىسبەتەن چەكلىك ئىدى. ئەمما يېقىندا مەزكۇر سىستېمىغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا، زىيالىيلاردىن ئوقۇغۇچىلارغىچە ۋە باشقا ھەرساھەدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ دېتالغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئۇنداقتا سۆز – جۈملىلەرنى، ھەتتا بىرەر پارچە كىتابنىمۇ (سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) بىردەمدە تەرجىمە قىلىپ بولالايدىغان ئۇشبۇ سىستېما زادى قانداق ئىشلەيدۇ؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتە قولمىزدىن كېلىشىچە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىشكە تىرىشىمىز.

ئالدى بىلەن، مېخانىك تەرجىمە ئەمەلىيەتتە ئاڭلانغىنىدەك ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى، تىللار ھېچقاچان بىر – بىرىگە سۆزمۇ سۆز ماس كەلمەيدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزدا «قاپاقباش» دەيدىغان بىر سۆز بار. بۇ ھەرگىز بىر ئادەمنىڭ بېشىنىڭ قاپاقنىڭ شەكلىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئېنگلىزچىدە «قاپاقباش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «قاپاق» **(gourd)** بىلەن «باش» **(head)** دېگەن ئىككى سۆزنى بىلىشىڭىز كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ئالدى بىلەن بۇ سۆزنىڭ «دۆت، نادان، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان» دېگەندەك مەنىلىرىنى بىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ئېنگلىزلاردىمۇ «ئىنتايىن دۆت، ئاخماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆز بار، لېكىن ئۇلار بىزگە ئوخشاش «قاپاقباش» دېمەستىن، «**blockhead**» «خىشباش» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ.

يەنە مەسىلەن، سىز فىرانسۇز بىر تونۇشىڭىز بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، ئۇ بىر دوستى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى سۆزلەۋېتىپ «**Il m’a pose un lapin**» «ئۇ ماڭا توشقان بەردى» دېگەن جۈملىنى ئىشلىتىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ قارشى تەرەپنىڭ راستلا ئۇنىڭغا توشقاندىن بىرنى سوۋغا قىلغانلىقىنى بىلدۈرمەستىن، كۆرۈشۈشكە كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە ئەڭ مۇھىمى سۆزنىڭ لەۋزى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىپادىلەۋاتقان مەنەدۇر.

بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنىڭ تەرجىمە قىلىشنى ئۆگىنىش جەريانى بوۋاقلارنىڭ تىل ئۆگىنىش جەريانىغا ئوخشايدۇ.

مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنىڭمۇ «مېڭە»سى بار. بۇ مېڭە مېخانىك تەرجىمە موتورى **(machine translation engine)** دەپ ئاتىلىدۇ. سىز بۇ موتورلارنى سۆز بىلەن تەمىنلەشتىن بۇرۇن، ئۇ تامامەن قۇرۇق بولىدۇ. بەزىدە سىز «ئالما» دېگەن يەككە سۆزنى كىرگۈزۈشىڭىز، يەنە بەزىدە «مەن ئالمىدىن ئۈچنى يېدىم» دېگەن شەكىلدە سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە شەكلىدە كىرگۈزۈشىڭىز مۇمكىن.

مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنىڭ موتورى بۇ سۆزلەرنى «قائىدە (گىراماتىكا)گە كۆرە» ۋە «ئادەتكە كۆرە»دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىدۇ. تەرجىمە قىلغۇچى كومپيۇتېر ياكى ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىككىلى خىل ئۇسۇل تىلنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چوڭلار بوۋاقلارنىڭ ئەتراپىدا دائىم پۈتۈن جۈملىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئالمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ئالما» دېگەن سۆزنى تەكرار – تەكرار ئىشلىتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار يەنە (ئەتراپتا ئالما يوق ئەھۋالدىمۇ) «ماۋۇ بالىنىڭ يۈزى ئالمىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇغۇ؟» دېگەن جۈملىنىمۇ ئىشلەتمەي قالمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى خۇددى «ئالما» دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىكىگە ئوخشاش،

سۆزلەرنىڭ سۆز مۇھىتى (كونتېكست)دا قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئاڭقىرىش ئۈچۈن سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدۇ. مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى ئۈچۈن سۆزلەرنىڭ قانداق يەردە ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن بەكرەك، قانداق يەردە ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى ئۆگىنىش مۇھىمدۇر. نورمال ئىنسان ھەرگىز «دادام بىلەن ئاپام ئالمىدا گاتلىنىبېرگكە بارغان» دېمەيدۇ، ئەمما ئۇ «دادام بىلەن ئاپام بايرامدا چوڭ ئالما (نيۇيورك شەھىرىنىڭ لەقىمى)غا بارغان» دېيىشى مۇمكىن. سۆزلەر بىردىن كۆپ مەنىنى بىلدۈرگەچكە، «ئادەتتىكە كۆرە» تەھلىل قىلىش موتورى مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ.

ئەمما، تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ جەھەتتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئۆرنەكلەر يېتەرسىز. «گرامماتىكىغا كۆرە تەھلىل قىلىش موتورى» دەل مۇشۇ خىل يېتەرسىزلىك تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. مەزكۇر موتور مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىغا ئىسىمنىڭ نېمىلىكىنى، پېئىلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىسىمنىڭ پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىدىغانلىقىنى ۋەھاكازا ئۆگىتىدۇ. گرامماتىكىغا كۆرە تەھلىل قىلىش موتورى يەنە مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىغا «ئالما»نىڭ ئىسىم ئىكەنلىكىنى، يەنى توغرا جۈملە شەكلىنىڭ «مەن يېيىشنى ئالمالايمەن» ئەمەس، «مەن ئالمىنى يەيمەن» ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

بىراۋنىڭ ھەقىقىي سەۋىيەسىنى نامايەن قىلىشتا، گرامماتىكا تولىمۇ مۇھىم. ئەمما، تولا چاغلاردا كىشىلەر گرامماتىكا قائىدىلىرىگە ئانچە بويسۇنۇپمۇ كەتمەيدۇ. چاتاق يېرى، كومپيۇتېر گرامماتىكىغا زىت جۈملىلەرنى ئاڭقىرالمايدۇ. مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى سۈنئىي ئەقىل (**artificial intelligence**) گە ئىگە دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىگە ئۆگىتىلگەن گرامماتىكىغا زىت جۈملە شەكىللىرىنىلا ئاڭقىرالايدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەر يېڭى جۈملىلەرنى تۈزۈش جەريانىدا گرامماتىكىغا خالىغانچە خىلاپلىق قىلىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى تىلنى كىشىلەر چۈشەنگەندەك چۈشىنىپ، كىشىلەر ئىشلەتكەندەك ئىشلىتەلەش ئۈچۈن، قانداق ۋاقىتتا گرامماتىكىغا خىلاپلىق قىلىنسا بولىدىغانلىقىغا ئالاقىدار قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، لاياقەتلىك مېخانىك تەرجىمە موتورى ھەم ئادەتتىكە كۆرە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا، ھەم گرامماتىكىغا كۆرە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا موھتاج.

ھەم شۇ سەۋەبتىن، كومپيۇتېر پروگراممىچىلىرى بۇ ئىككىلا خىل ئىقتىدارغا ئىگە، يەنى تەرجىمانلار تەرىپىدىن «شالغۇت» دەپ ئاتىلىدىغان تەرجىمە موتورىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنى ناھايىتى چوڭ ھەجىملىك ئۈچۈرلار ئارقىلىق مەشىقلەندۈرىدۇ. باشلىنىشىدا گۇگېل تەرجىمانىنىڭ پروگراممىچىلىرى ئۇنى پۈتۈن بىر پارچە كىتاب ئارقىلىق مەشىقلەندۈرىدۇ. كىتابلار گرامماتىكىغا ئۇيغۇن جۈملىلەرنىمۇ، زىت جۈملىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنى قانچە كۆپ گرامماتىكىغا ئۇيغۇن ۋە زىت جۈملىلەر بىلەن مەشىقلەندۈرسەك، ئۇ شۇنچە كۆپ نەرسە ئۆگىنىۋالالايدۇ.

نېمە ئۈچۈن بەزى تىللارنىڭ گۇگېل تەرجىمانىدىكى تەرجىمە قىلىنىش سۈپىتى باشقا تىللارنىڭكىدىن ئۈستۈن؟ چۈنكى، ئۇ تىللارنىڭ مېخانىك تەرجىمە موتورى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر بىلەن مەشىقلەندۈرۈلگەن. ھەربىر تىل ئۆزىگە خاس مۇستەقىل بىر گەۋدە بولغاچقا، ھەربىر

تىل يۆنىلىشى (مەسىلەن ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش يۆنىلىشى، ئىنگلىزچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش يۆنىلىشى دېگەندەك)نىڭ ئايرىم مېخانىك تەرجىمە موتورى بار. مەزكۇر سىستېمىدا ئىنگلىزچىنى تەرجىمە قىلىدىغان بىر موتور، ئىسپانچىنى تەرجىمە قىلىدىغان بىر موتور بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، بەلكى ئىنگلىزچىنى ئىسپانچىغا تەرجىمە قىلىدىغان بىر موتور ۋە ئىسپانچىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىدىغان تامامەن پەرقلىق يەنە بىر موتور بار بولىدۇ.

ئىسپانچە ۋە فىرانسۇزچىغا ئوخشاش بەزى تىللار تولىمۇ باي ئەدەبىيات خەزىنىسىگە ئىگە. مەزكۇر تىللاردا يېزىلغان كىتابلار كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بۇ تىللار ئارىسىدا ۋە ئىنگلىزچىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار تەرجىمە قىلىنغان.

بۇنىڭغا روشەن سېلىشتۇرما هاسىل قىلغان هالدا، ئافرىقانىڭ سومالىيا، دىژىبوتى، كېنىيە ۋە ئېفئوپىيە دېگەندەك جايلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سومالى تىلىدا مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنى مەشىقلەندۈرۈشكە يېتەرلىك دەرىجىدە يازما ماتېرىيال يوق. هەتتا، **1962** – يىلىدىن ئىلگىرى سومالى يېزىقىدا هېچنەرسە يېزىلىپ باقمىغان. مۇهەممەد دىرىيە ئابدۇللاهنىڭ «سومالىيانىڭ كۇلتۇرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى» دېگەن كىتابىدا دېيىلگىنىدەك، «سومالىيانىڭ سىياسەتچىلىرى تاكى **1972** – يىلىغىچە سومالى تىلى ئۈچۈن قانداق ئېلىپبە قوللىنىش كېرەكلىكى هەققىدە جەڭگى – جېدەل قىلىشقان. دېمەك، تۇنجى يازما ئەسىرى مىلادى **602** – يىلى يېزىلغان ئىنگلىز تىلى بىلەن سومالى تىلىنىڭ يازما ماتېرىيال تارىخى ئارىسىدا **1370** يىل پەرق مەۋجۇت. سومالى تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر تا بۈگۈنگىچە بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى هەققىدە بىرلىككە كېلىپ بولالمايۋاتىدۇ. ئەنە شۇ خىل شارائىت تۈپەيلى، كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئازلىقى ۋە (بىرلىككە كەلمىگەن) خىلمۇخىل ئىملا سەۋەبلىك، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى بۇ تىللارنى سۈپەتلىك تەرجىمە قىلالمايدۇ.

خۇددى بوۋاققا ئوخشاشلا، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنىڭ ئازغىنە نەرسىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ سۆز بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك بولىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسىنىڭ تەرجىمە ئىقتىدارى شىددەت بىلەن ئاشىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر سىستېما هەرقېتىملىق ئۆزئارا تەسىرلىشىش (سۆز ئىزدەش) جەريانىدا مەلۇم نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. سىز هەر قېتىم گۇگېل تەرجىمانىنى ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭغا سۆز مەشىقى قىلغۇزۇۋاتقان بولىسىز. بوۋاقلار چوڭ بولغاندا تاماق يېيىشتىن توختاپ قالمايدۇ، يەنى ئىنسان هايات بولغان مۇددەتتە تاماق يەيدۇ. شۇنىڭدەك، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى ئۆگىنىشنى باشلاش ئۈچۈن نۇرغۇن سۆزلەرگە موهتاج، ئەمما ئۇنىڭ تەرجىمە سەۋىيەسى ياخشىلانغاندا، ئۇ ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ كۆپ سۆزنى ئۆگىنىشكە موهتاج بولىدۇ. ئەگەر سىز سومالى تىلىغا ئوخشاش گۇگېل تەرجىمانى ياخشى تەرجىمە قىلالمايدىغان تىللارغا نەزەر سالسىڭىز، بۇ تىللارنىڭ ئىنتېرنېتقا چىقىش قىيىن بولغان رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن گۇگېل تەرجىمانىنىڭ بۇ تىللاردا يېتەرلىك سۆزلەر بىلەن مەشىقلەندۈرۈلمىگەنلىكىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك تېز تەرەققىي قىلالمايۋاتقانلىقىنى بايقايسىز.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن، سىز گۇگېل تەرجىمانىغا قانداق نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا سۆز كىرگۈزمەسلىكىڭىز كېرەك. سىز گۇگېل تەرجىمانىغا سۆز كىرگۈزگەندە، ئۇنى سۆز بىلەن بېقىۋاتقان (مەشىقلەندۈرۈۋاتقان) بولىسىز. سىز نېمە بەرسىڭىز ئۇ يەۋېرىدۇ. گۇگېلنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا كۆرە، كىشىلەر گۇگېل تەرجىمانىغا هەركۈنى **140** مىليارد سۆز كىرگۈزىدىكەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، گۇگېل تەرجىمانى ئاللىقاچان بوۋاقلىق دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ بولدى. ئەمما، چوڭلۇق هەرۋاقىت كۈچلۈكلۈكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا نامۇۋاپىق سۆزلەرنى كىرگۈزسىڭىز، مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى

كۈچىيىشىنىڭ ئورنىغا سەمىرىدۇ، خالاس. ئەگەر ئۇنىڭغا توغرا سۆز – ئىبارىلەرنى كىرگۈزسىڭىز، ئۇ بارغانسېرى زېرەكلىشىدۇ، تېزلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقېتىم گۇگېل تەرجىمانىغا سۆز كىرگۈزگەندە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا توغرا سۆزلەشنى ئۆگىتىۋاتقان ئاتا – ئانا دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا توغرا ياكى خاتا سۆزنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىڭىزنى ياخشى ئويلاڭ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، كىشىلەر گۇگېلغا كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن قالايمىقان ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈپ باقىدۇ. مېخانىك تەرجىمە سىستېمىسى بۇ سۆزلەرنى ھەزىم قىلىۋېلىشىنىڭ ئورنىغا، ئۇنى تۈكۈرۈۋېتىشنى ئۆگەنگەنگە قەدەر، بۇ خىل قالايمىقان ئۇچۇر كىرگۈزۈش گۇگېلنىڭ تەرجىمە سۈپىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەخلەت يېمەكلىك (قالايمىقان سۆزلەر) ئۇنىڭ چوڭ بولۇشىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ.

خۇلاسە، بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۇگېل تەرجىمانى تىل ئامبىرىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى تىلىمىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بىز گۇگېل تەرجىمانىنىڭ، جۈملىدىن مەزكۇر تەرجىمە سىستېمىسىغا يېڭىدىن قوشۇلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى، يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، گۇگېل تەرجىمانى دېتالىغا سۈپەتلىك، ئۆلچەملىك سۆز – ئىبارىلەرنى كىرگۈزۈشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىغا دىققەت قىلماسلىق ئەھۋالى بەكلا ئېغىر. بۇ نۇقتىغا ھەم پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك.

ئېنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەييارلىدى

مەنبەلەر:


https://medium.com/@TerenaBell/how-google-translate-works-a-machine-translation-guide-for-kids-d6eac5d6e867

https://www.theatlantic.com/technology/archive/2018/01/the-shallowness-of-google-translate/551570/

https://blog.statsbot.co/machine-learning-translation-96f0ed8f19e4

# نورۇزنىڭ تۈرك مەنبەلىك ئىكەنلىكىگە دائىر قاراشلار



نۇرانىيە ھىدايەت ئەكرەم

نورۇز بۈگۈنكى كۈندە تۈرك دۇنياسى ۋە قوشنىلىرى تەرىپىدىن قەدىمكى زامانلاردىن بېرى يېڭى يىلنىڭ كېلىشى قائىدە-مۇراسىملار ئارقىلىق تەبرىكلىنىدىغان ۋە ئۇلۇغلىنىدىغان ئالاھىدە كۈن ھېسابلىنىدۇ. نورۇز – ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ئاسىيا، كافكازىيە، بالقان ۋە باشقا رايونلاردىكى كۆپلىگەن ئۇلكىلەردە باھار كەلگەنلىكىنىڭ ۋە يېڭى يىلنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. (بوكوۋا،2015) كۈنىمىزدە نورۇز تۈركىيە، ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، قازاقىستان، پاكىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق ئۆلكىلەردە رەسمىي زىياپەت ھازىرلىنىپ تەبرىكلىنىدىغان (ئۆزبەي، 2016) خەلقئارالىق بايرام ھالىتىگە كەلگەن. نورۇز 2009-يىلى «ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى كۈلتۈر مىراسى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 2010-يىلى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 21-مارتنى «خەلقئارالىق نورۇز كۈنى» قىلىپ بەلگىلىگەن. (بوكوۋا، 2015) ئىرانلىقلار نورۇزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىدۇ. تۈرك تەتقىقاتچىلىرى بولسا، نورۇز ئەنئەنىسىنى ئۆز كۈلتۈر ئەنئەنىسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايدۇ. بۇ سەۋەبلىك نورۇزغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار كۆپەيگەن ۋە چوڭقۇرلاشقان. تۈركلەرنىڭ نورۇز ئەنئەنىسىنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى نورۇز، ئىسلامدىن كېيىنكى نورۇز ۋە بۈگۈنكى دەۋردىكى نورۇزدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا، خىتايچە مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىنغان ئاساستا، تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى نورۇز ئەنئەنىسى تەتقىق قىلىنغان ۋە نورۇزنىڭ تۈركلەردىن مەنبەلەنگەن بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەسناسىدا، مېتود جەھەتتە مايتلەندنىڭ سېلىشتۇرۇشسىز ھالەتتە تارىخ ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغانلىقى (دىۋىتچى ئوغلى،1992، 19-ب) كۆز قارىشى ئاساس قىلىنىپ، تۈركلەرنىڭ نورۇز ئەنئەنىسى پارسلارنىڭ نورۇز ئەنئەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. تۈركلەر ئىسلامدىن بۇرۇن «يىل بېشى»، «يېڭى كۈن»، «باھار بايرىمى» ۋە «ئەرگەنەكون بايرىمى» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىغان بۇ بايرامنىڭ كۈنىمىزدىكى ئىسمى خىلمۇ خىل فونېتىك ۋارىيانتلاردا «نەۋرۇز» دەپ ئاتالغان. بۇ ۋەجىدىن، ماقالە ماۋزۇسىغا «نەۋرۇز» كەلىمىسى قويۇلغان بولسىمۇ، تەتقىقاتىمىزدا مەنبە قىلىنغان تېكىستتە نورۇز قانداق ئاتالغان بولسا، شۇ ئاتالغۇ ئۆز پېتى بېرىلدى.

## بىرىنچى: نەۋرۇزنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار

نورۇزنىڭ يېڭى يىلنىڭ باشلانغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى، بۇنىڭغا بىنائەن كالېندارلار ئىشلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىدىن سىرت، نورۇزنىڭ مەنبەسى ھەققىدە پەرقلىق كۆز قاراشلار ئىلگىرى سۈرۈلگەن. نورۇزنىڭ تۈركلەردىن كېلىپ چىققانلىقى، ئىرانلىقلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ۋە يۇنانلىقلاردىن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا كۆز قاراشلار مەۋجۇت.(تۇران،1998، 91 ب) نورۇز يەنىسەي-ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدىن ئالتايغا، ھونلارنىڭ ياۋروپا سەپەر قىلىشى بىلەن ئۇ يەردىن ۋېنگىرىيەگە ۋە بالقان رايونلىرىغا تارقالغان. مىلادىدىن كېيىن 800-يىللاردىن ئېتىبارەن ھازار دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىن ئاناتولىيە ئارقىلىق مېسوپوتامىيەگە يۆتكەلگەن.(تۇران، 1998، 90-ب) نورۇزنىڭ بۇ دەرىجىدە كەڭرى تارقىلىشى نورۇزنىڭ ئوخشىمىغان كۈلتۈرلەردە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتكىنىدەك، نورۇزنىڭ يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى، بۇنىڭغا ئاساسەن كالېندار سېستىمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئىشلىتىلىشىدىن سىرت، نورۇزنىڭ قايسى كۈلتۈردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىقلاش قىيىنلاشقان،(تۇران، 1998، 90-ب) نورۇزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە يول ئاچقان. شۇ ۋەجىدىن، كۈنىمىزدە نورۇز. تۈركلەر بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلارغا سەۋەب بولغان.

مۇستافا كافالى (1995، 25 ب) ئون بىرىنچى ئەسىردىكى مەشھۇر ئالىم بىرۇنىنىڭ كۆز قارىشىغا بىنائەن، نورۇزنىڭ تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيا جەمئىيەتلىرىدە ئاكتىپلىق بىلەن تەبرىكلەنگەنلىكىنى بايان قىلغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دىۋانىدىمۇ، نورۇزنىڭ يىل بېشى ئىكەنلى-

نى بايان قىلىنغان.(قەشقەرى، 1940، 175 ب؛ دانكوف، 1982، 272 ب؛ ئەرجىلاسۇن ۋە ئاككويۇنلۇ، 2015، 150 ب)

## نورۇز ئىرانلىقلاردىن كەلگەن دېگەن كۆز قاراش

نورۇز سۆزىنىڭ پارسچە كەلىمە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، نورۇزنىڭ ئىراننى مەنبە قىلغان بايرام ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. (گۈندۈز، 2007، 60 ب) نورۇزنىڭ پارسلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر ئاخمانىدلار زامانىدا ئاخمانىدلار ھۆكۈمدارىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقى ۋە بۇ ئىمپېراتورلۇققا قاراشلىق باشقا ئەللەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «نورۇز سالامى» ئۈچۈن ئاخمانىدلار سارىيىغا كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن رەسىمنى دەلىل قىلىدۇ. (ئىران كۇلتۇر ئۆيى، 2015)

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى باش ئەلچىلىكى كۇلتۇر مەسلىھەتچىلىكى «ئىرانلىقلارنىڭ خەلقئارا بىلەن بولغان بىرلىكىنىڭ سىمۋولى نورۇز» (2015) ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن:

«تۈركلەر، ئەرەپلەر، ئافغانلار، پاكىستانلىقلار، ھىندىلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىراننىڭ قوشنىلىرى سۈپىتىدە بۇ تارىخي ۋە بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ۋە نورۇز مۇراسىملىرى بۇ مىللەتلەرگىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر سىڭگەن. بۇ ھال ئىران مەدەنىيەتنىڭ سىرتقا قارقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.» (ئىران كۇلتۇر ئۆيى، 2015)

يېزىقچە مەنبەگە ئەمەس، بىر قاپارتما رەسىمگە، ياكى خىلمۇخىل ئەپسانىلەرگە تايىنىپ پىكىر بايان قىلىش ئىلمىيلىككە زىتتۇر. چۈنكى:

نورۇزنىڭ پارسلارغا نىسبەت بېرىلىدىغانلىقىغا دەلىل كۆرسىتىلگەن رەسىمدە «ئاخمانىدلار دەۋرىدە فەرۋەردىن ئېينىڭ تۇنجى كۈنىدە ئاخمانىدلار ھۆكۈمدارىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقى ۋە بۇ ئىمپېراتورلۇققا قاراشلىق باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نورۇز سالامى ئۈچۈن ئاخمانىدلارنىڭ سارىيىغا كەلگەنلىكى تەسۋىرى» ئىكەنلىكى پەقەت بۇ رەسىمگە بېرىلگەن ئىزاھاتتىن ئىبارەت. ئىزاھاتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ نورۇزنى پارسلارغا باغلاشنىڭ ئىلمىيلىكى قانچىلىك؟ ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ رەسىمگە باشقىچە ئىزاھات بېرىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئاخمانىدلار ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ھەر خىل خەلقلەرنىڭ نورۇز كۈنى ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ھەدىيە بېرىش ئۈچۈن ئاخمانىدلارنىڭ سارىيىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ۋەياكى پارسلار نورۇز تەبرىكلەشنى ئۆزى ھاكىم بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىن قوبۇل قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن ئەسىرىدە نورۇز تەبرىكلەشنىڭ ئىران شاھى جەمشىد دەۋرىدىن باشلانغان دېگەن ئەپسانىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، نورۇزنىڭ پارسلارغا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى داۋاملاشماقتا. (گۈندۈز، 2007، 61 ب) شاھنامە 11-ئەسىردە يېزىلغان، ئۇنىڭدا ئومۇمەن مىلادىدىن بۇرۇنقى ۋەقەلەر رىۋايەت ئاساسىدا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن سىرت، جەمشىد توغرىسىدا ئوخشىمىغان رىۋايەتلەرنىڭ بولۇشى بۇ مەنبەنىڭ ئىشەنچىلىكلىكى جەھەتتە كىشىنى ئويغا سالىدۇ.

پارسلار نورۇز بايرىمىنى ئون بىرىنچى ئەسىردىن ئېتىبارەن تەبرىكلەشكە باشلىغان. پارماكسىزئوغلى نورۇزنىڭ پارس مىللەتچىسى فىردەۋسىنىڭ تەشۋىق قىلىشى بىلەن تەبرىكلىنىشكە باشلىغانلىقىنى، فىردەۋسىنىڭ بۇ بايرامنى پارسلارنىڭ بايرىمى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەنلىكىنى، پارسلارنىڭ نورۇزنى تۈركلەردىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (پارماكسىزئوغلى، 1989، 218-ب)

نورۇزنى پارس ئەنئەنىسىگە باغلىغان فىردەۋسىنىڭ شاھنامەسى ۋە باشقا مەنبەلەرنىڭ بۇ نۇقتىدىكى خاتالىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇستافايېۋ (2013، 70-ب) مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە پارس مەتىنلىرىدە نورۇز توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بولمىغانلىقىنى، نورۇز توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ پارسلاردا ئون بىرىنچى ئەسىردىن ئېتىبارەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1200 يىلدىن بېرى باشقا تۈركىي مىللەتلەر بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى قالمىغان ساكالار( ياقۇتلار)دا نورۇز ئەنئەنىسىنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە كۈچلۈك ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋىشىغا دىققىتىنى ئاغدۇرغان مۇستافايېۋ:«ئەگەر نورۇز غەربتىن ياكى ئىراندىن

تارقالغان بىر ئەنئەنە بولغان بولسا، بۇ بايرامنىڭ قانداقسىگە ساكالارغا قەدەر يېتىپ بارغىنىنى مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلغان ئاساستا ئىزاھلاش كېرەك بولىدۇ» دېگەن. (مۇستافايېڤ، 2013، 71-ب)

ئىلخانىلارنىڭ تۆتىنچى ھۆكۈمدارى ئارغۇن خاننىڭ پاپا ھونورىس تۆتىنچىگە يازغان مەكتۇپى «توخۇ يىلى (1258)»، فىلىپقا يازغان مەكتۇپى «كالا يىلى (1289)» يۈز بەرگەن ھادىسىلەردۇر. ئىلخانىلار دەۋرىدە يېزىلغان «جامىئۇت تەۋارىخ ۋە رەۋزەتۇس سافا» قاتارلىق ئەسەرلەردە ھىجرىيە تارىخى بىلەن بىرلىكتە ئون ئىككى مۇچەلمۇ بايان قىلىنغان. پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەردىكى مۇچەللەرنىڭ ئىسىملىرى پارسچە ياكى مۇڭغۇلچە بولماستىن، تۈركچە بولۇشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. تەتقىقاتلارغا كۆرە، ئون مۇچەللىك تۈرك كالېندارى سېستىمىسى ئىلخانىلاردىن سىرت، ئىراندىمۇ قوللىنىلغان ۋە زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. (Tel, 2008, s. 137-138)

ئوسمان تۇراننىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە (تۇران، 2005، 65 ب) مۇڭغۇللار بۇرۇنلا ئىسلام تۇپراقلىرىدا ئون ئىككى مۇچەلنى ھىجرى تارىخقا باغلىغان. چۈنكى، سەلجۇق ھۆكۈمدارىنىڭ ئالائىددىن كەيقۇبادقا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدىن بىرىدە مەكتۇپنىڭ يوللانغان ۋاقتىغا ئائىت «ھىجرىيە 633-يىلى، مايمۇن يىلى يېزىلدى» دېگەن قۇرلار مەۋجۇت. ھىجرىيە كالېندارى قەمەرىيە كالېندارىغا تەۋە بولغانلىقىنى ئۈچۈن، تۈركلەر ئىشلەتكەن شەمسىيە كالېندارىغا نىسبەتەن ھەر ئوتتۇز ئۈچ يىلدا بىر شەمسىيە يىلى كام چىقىدۇ. مەسىلەن، ئىراندا مالى كالېندار سېستىمىسى ئىشلىتىلگەن زامانلاردا «1152-مايمۇن يىلى»دىن بىراقلا «1154-توخۇ يىلى»غا ئۆتۈپ كەتكەن. يەنى، 1153-يىلى مەۋجۇت بولمىغان. (Tel, 2008, s. 137)

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ شاھنامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىران مەنبەلىرىدە نورۇزنىڭ ئون بىرىنچى ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانلىقىنى قەيت قىلغان رەشات گەنچ ئىراندا مىلادىدىن ئىلگىرى ھونلاردا بولغىنىدەك، نورۇز ئەنئەنىسىمۇ مەۋجۇت بولغان تەقدىردە، ئون بىرىنچى ئەسىردىن ئىلگىرىكى مەتىنلەردىمۇ نورۇزغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (گەنچ، 1995، 16 ب) بۇنىڭدىن سىرت، نورۇز كەلىمىسىنىڭ دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە تىلغا ئېلىنىشى، نورۇزنىڭ تۈرك كۈلتۈرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا تۈرك كۈلتۈر ئەنئەنىسىدە ئەڭ كەم مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن مۇستافا كافالى مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋردە ئىران-ساسانى دۆلىتىنىڭ يوقالغىنىغا 400 يىل بولغانلىقىنى، ئىرانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي ياكى كۈلتۈرەل ئىزلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (كافالى، 1995، 2-265 ب) بۇ جەھەتتە ئەكرەم مەمىشمۇ ئىران جۇغراپىيىسىدە 1040-يىللاردىن ئېتىبارەن تۈرك خاندانلىقىنىڭ ھاكىم بولغانلىقىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، قەدىمي تۈرك ئەنئەنىسى بولغان نورۇزنىڭ كۈلتۈرەل مۇناسىۋەتلەر رامكىسىدا ئىرانلىقلار تەرىپىدىن ياقتۇرۇلمىغانلىق مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلغان. (مەمىش، 1996، 153 ب) بۇ كۆز قاراشلار ئاساسىدا، يېڭى كۈن كەلىمىسىنىڭ تەڭدىشى بولغان نورۇزنىڭ پارسلارغا تۈرك ئەنئەنىسىنى ياخشى كۆرگۈزۈش ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقى مۇمكىن. (كافالى، 1995، 26 ب)

ئىرانلىقلارنىڭ كۈلتۈرىنى، ئەنئەنىلىرىنى ۋە قەدىمكى ئېتىقادلىرىنى تەتقىق قىلغان ئاساستا نورۇز ئەنئەنىسىنىڭ ئىرانلىقلارغا تەۋە قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئەخمەت پىرۋەردىئوغلى (2002، 44-50 ب) بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك سەككىز نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈگەن:

1. قەدىمكى ئىراننىڭ يازما مەنبەسى ھېسابلانغان «ئاۋېستا»دا ئاخمانىدلار دەۋرىدىكى مەنبەلەردە نورۇز توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. ساسانىيلار دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللاردا بولسا، ھۆكۈمدارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سارايي ئەنئەنىلىرى بايان قىلىنغان. ھۆكۈمرانلار بىلەن بىرگە خەلقنىڭمۇ قاتناشقان بايرام توغرىسىكى تۇنجى ئۇچۇرلار ئون بىرىنچى ئەسىر مۇئەللىپلىرىدىن فىردەۋسى، بىرۇنى، نىزامۇل مۇلك ۋە مەھمۇد قەشقەرى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ، بۇ بايراملارنىڭ ئىران ئەنئەنىسىنىڭ ياكى تۈرك ئەنئەنىسىنىڭ تەسۋىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

2. ئىراندا كەڭ تارقالغان ئەپسانىگە كۆرە، نورۇز ئەپسانىۋىي ھۆكۈمدار جەمشىدنىڭ ئەزەربەيجانغا (ئىران تۇپراقلىرىنىڭ سىرتىدا) قىلغان سەپىرىدىن كېيىن تەبرىكلىنىشكە باشلايدۇ.

3. 365 كۈنلۈك (360+5) ئىران كالېندارىغا كۆرە، نورۇز تۆت يىلدار بىر كۈن پەرقلەنگەن ھالدا، ئوخشىمىغان مەۋسۇملارغا توغرا كېلىدۇ. ئىراندا يىل بېشىنىڭ 21-مارتقا مۇقىملىشىشى سەلجۇق ھۆكۈمدارى مەلىك شاھ سەۋەبلىك باشلانغان. (بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ كەڭرى مەلۇمات تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.)

4. قەدىمكى كىچىك ئاسىيا كۈلتۈرىدە مەۋجۇت بولغىنىدەك، ئىران كۈلتۈرىدە تېخىمۇ بەك ساراي ئەنئەنىسى ھېسابلانغان يىل بېشى، نورۇز مىللىي بايراملىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس. جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن ۋە دىنىي نۇقتىدىن ئىرانلىقلار بىلەن پەرقكە ئىگە بولغان تۈركلەردە بولسا، بۇ بايرام مىللىي بايرام خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان.

5. ئىران ئەنئەنىسىدە يىل بېشى سۈپىتىدە تەبرىكلىنىدىغان نورۇز، تۈرك كۈلتۈرىدە ھەم يىل بېشىغا، ھەم تەبىئەتنىڭ جانلىنىپ باھارنىڭ كەلگەنلىكىگە سىمۋوللۇق قىلىدۇ. شۇنداقلا چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ھازىرلىق مۇراسىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6. نورۇزدا يېقىلغان ئوت ئىراننى مەنبە قىلغان ئاتەشپەرەسلىك ۋە زەردۇشتىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. بۇ دىنلاردا ئوت چوقۇنۇلىدىغان ئوبيېكت بولۇپ، ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇ ئوتنىڭ ئۈستىدىن ئىنسان، بولۇپمۇ يات دىن ۋە كۈلتۈرگە مەنسۇپ كىشىلەر ئاتلىيالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدۇ. تۈرك كۈلتۈرىدە بولسا، ئوت پاكىزلىنىش ۋاستىسىدۇر. قاغانلارنىڭ يېنىغا كەلگەن باشقا ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ يامان روھلاردىن پاكلىنىش مەقسىتىدە ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى، كېسەللىكلەرنىڭ ئوت بىلەن داۋالىنىشى، كىر بولدى دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ ئوتنىڭ ئۈستىدە «پاكىزلىنىشى» تۈرك كۈلتۈرىدە كەڭ تارقالغان ھادىسىدۇر.

7. نورۇز كەلىمىسى پارسلارغا يىل بېشى مۇراسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە پارسلارنىڭ تۈركلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆزلەشكەن. پارسلارنىڭ تۈركلەر بىلەن ئارىلىشىشىدىن ئىلگىرى پارسلار يىل بېشى ئۈچۈن «فەرۋەردەگان كۆرىكى» ئاتالغۇسىنى قوللانغان. پارس تىلى قائىدىسى بويىچە «رۇزى نەۋ» بولۇشى كېرەك بولغان نورۇز كەلىمىسىنىڭ، دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە زىكىر قىلىنغان، شۇنداقلا كۈنىمىزدىمۇ كۆپلىگەن تۈرك خەلقى قوللىنىدىغان يېڭى كۈن كەلىسىمىنىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى ئوچۇقتۇر. شۇنداقلا، دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە بۇ كەلىمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «بايرام» تەبىرى ئىراندا ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، «بايرام» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئىيد» كەلىمىسى ئىشلىتىلمەكتە. (پىرۋەردىئوغلى)

بۇ مەلۇماتلار بىزگە «نورۇز» ئاتالغۇسىنىڭ پارسچىدىن كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، نورۇز ئەنئەنىسىنىڭ تۈركلەردىن ئىرانلىقلارغا كىرگەنلىكى كۆچلەندۈرىدۇ. ھەقىقەتەن، پارس ئەسلىلىك نىزامۇل مۇلك سىياسەتنامە دېگەن ئەسىرىدىمۇ نورۇزنىڭ يىل بېشى ئىكەنلىكىنى ۋە تۈركلەرنىڭ بۇ بايرامنى بەس-بەس بىلەن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. (نىزامۇل مۇلك، 1989، 3-114،32-ب) بىرۇنى (973-1048) «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار»، « قانۇنى مەسئۇدى» ۋە «ئەتتەفھىم» ناملىق ئەسەرلىرىدە نورۇز توغرۇلۇق توختىلىپ، نورۇز بايرىمىنىڭ تۈركلەردە، پۈتكۈل ئىچكى ئاسىيادا، كىچىك ئاسىيادا، ھەتتا ئىراق شەرقتە تەنتەنە بىلەن تەبرىكلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مەھمۇد قەشقىرى دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە، نورۇزنىڭ تۈركلەرنىڭ يېڭى يىل كۈنى ئىكەنلىكىنى يازغان. ئۆمەر ھەيياممۇ (1045-1131) «نورۇزنامە» ناملىق ئەسىرىدە تۈركلەرنىڭ نورۇز بايرىمى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. (كافكاسيالى، 2000، 28-29-ب)

يەنە بىر جەھەتتىن، نىزامى گەنجەۋى «ئىسكەندەرنامە»، ئەلىشىر نەۋائىي «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئەسەرلىرىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 350-يىلى نورۇزنىڭ خەلق بايرىمى سۈپىتىدە تەبرىكلەنگەنلىكىنى يازغان. (تۇتار، 2002، 1116-ب)

تۈركلەر ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسى (بىلەن ئوخشاش ھالدا) ئاينى ئاساس قىلغان ھىجرىيە كالېندارىنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقىغا قارىماي، سەلجۇق سۇلتانى مەلىكشاھ (1079-1092) مەشھۇر شائىر ۋە ماتېماتىك ئۆمەر ھەييامغا (1048-1131) بىر كالېندار تەييارلاتقۇزغان. سۇلتان

مەلىكشاھنىڭ «جالالۇد دەۋلە ئەبۇل فەتھ مىلىكشاھ» دېگەن لەقىمى سەۋەبلىك، بۇ كالېندار جالالى كالېندارى، مەلىكى كالېندارى، «تەقۋىمى مەلىك شاھ» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. (كافكاسيالى، 2000، 27-29-ب)

## نورۇز تۈركلەردىن كەلگەن دېگەن كۆز قاراش

خىتاي مەنبەلىرىدە هونلار مىلادىدىن يۈز يىل بۇرۇنقى مەزگىللەردە پىشۇرۇپ تەييارلانغان تاماقلار بىلەن دالىلارغا چىققانلىقى، باھارنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكى خاتىرلەنگەن. بۇ خىل ئەنئەنە هونلاردىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىمۇ مەۋجۇت بولغانلىقى مەلۇم. سىماچيەننىڭ «تارىخى خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدىكى «هونلار تەزكىرىسى» بۆلۈمىدە، هونلارنىڭ بۇ كۈندە ئۈز ئادەتلىرى بويىچە تۇرلۇك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىدىغانلىقى، ئىبادەت قىلىدىغانلىقى، ئەجدادلىرىغا ۋە تەڭرىگە ئاتاپ مال بوغۇزلىغانلىقى، داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. شۇنداقلا، فەن يېنىڭ كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخىدىن ئورۇن ئالغان «جەنۇبىي هونلار تەزكىرىسى» بۆلۈمىدىمۇ، نورۇزنى ئاساس قىلغان هالدا يىلدا ئۈچ قېتىم يىغىلىپ تەڭرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلغانلىقى ۋە تۇرلۇك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەنلىكى بايان قىلىنغان. (ئەكرەم، 1995، 156 ب) «جوۋ سۇلالىسى تارىخى» ناملىق ئەسەردە «كۆكتۈركلەر ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخ سۈرگەن چاغنى يىل بېشى سۈپىتىدە تەبرىكلەيدۇ» دېگەن ئىپادە مەۋجۇت. (تۇران، 1998، 90-ب؛ ئەكرەم 1995، 156-ب)

## ئىككىنچى: خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە قەدىمكى تۈركلەردىكى يىللىق مۇراسىملار

«تارىخى خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» قاتارلىق خىتايچە مەنبەلەردە هونلارنىڭ ۋە كۆكتۈركلەرنىڭ يىللىق پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار مەۋجۇت:

«هونلارنىڭ ئەنئەنىسىدە يىلدا ئۈچ قېتىم قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. بىرىنچى ئايدا چاقىلىرىغان قۇرۇلتايدا قەبىلە باشلىقلىرى، هون هۆكۈمدارىنىڭ چېدىرىغا توپلىنىدۇ. ئىبادەتخانىدا دىنىي ئىبادەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەشىنچى ئايدا ساناقسىز كىشىلەر ئەجدىرھا شەھىرىگە (لوڭ چېڭ) يىغىلىپ مال بوغۇزلاش ئارقىلىق ئەجدادلىرى، تەڭرى، جىنلار ۋە رۇھلار ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ. كۈز مەزگىلىدە ئاتلار سەمرىگەندە كىشىلەر توپلىشىپ، دەيلىن دېگەن يەردە ئىنسانلارنىڭ ۋە هايۋانلارنىڭ سانى ئېلىنىدۇ. (سىماچيەن، 1959، 2892-ب؛ بەن گۇ، 1962، 3752-ب)

«هونلار بىرىنچى، بەشىنچى ۋە توققۇزىنچى ئايلاردا مال بوغۇزلاپ، تەڭرى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ.»(فەن يې، 1965، 2944-ب) «453-454-يىللىرى، بەش قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان ئېگىز هارۋىلىقلاردىن (گاۋچې) نەچچە ئون مىڭ كىشى بىر يەرگە يىغىلىپ، چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا مال بوغۇزلىنىدۇ، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ، سەيلە قىلىشىدۇ ۋە ناخشا ئېيتىدۇ. خەلقنىڭ خۇشاللىقى چۆمگەن هالىتى يۈزلىرىدىن بىلىنىدۇ. ئېگىز هارۋىلىقلارنىڭ دېگىنىگە كۆرە، بۇ ئەنئەنىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر بۇنىڭدەك زوخ-شوخلۇق ئىچىدە تەبرىكلىنىپ باقمىغان. (ۋېي شوۋ، 1974، 2309-ب) «ئېگىز هارۋىلىقلار ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇزۇن نەپەسلىك ناخشىلىرى بۆرىلەرنىڭ هۇۋلاشلىرىغا ئوخشايدۇ.»(ۋېي شوۋ، 1974، 2307) «ئېگىز هارۋىلىقلار بۇ خىل قۇرۇلتايغا ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ئايرىماستىن، هەممىسى بىرلىكتە قاتنىشىدۇ. خەتەرلىك هالەت بولمىغان تەقدىردە، تەڭرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئىبادەت قىلىدۇ.» (ۋېي شوۋ، 1974، 2308-ب)

هونلارنىڭ داۋامى بولغان كۆكتۈركلەرنىڭ يىللىق مۇراسىملىرى توغرۇلۇق خىتاي مەنبەلىرىدە مەلۇماتلار مەۋجۇت.

«كۆكتۈركلەر ھەر يىلى (يىل بېشىدا\ نورۇز كۈنى) ئەجدادلىرىنىڭ غارلىرىغا يۆنىلىپ دىنىي ئىبادەت قىلىدۇ. بۆنىڭدىن سىرت، بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «他人水» دە مال بوغۇزلاپ تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدۇ. ئۆتۈكەننىڭ غەربىگە بەش يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا ئېگىز تاغلار بولۇپ، تاغدا ئوت-چۆپ يوق. كۆكتۈركلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ھونلارغا ئوخشايدۇ.» (Linghu Defen, 1973, s. 3288) كۆكتۈركلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ھونلارغا ئوخشىغىنىغا قارىغاندا، تۈركلەرمۇ ھونلارغا ئوخشاش يىلدا ئۈچ قېتىم يىغىلىپ، ھونلارغا ئوخشاش مۇراسىملار ئۆتكۈزگەن بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. چۈنكى، باشقا بىر خىتايچە مەنبەدە مۇنۇ بايانلار مەۋجۇت:

«كۆكتۈركلەر بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆپلەپ ئات ۋە قوي بوغۇزلاپ، تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدۇ، كۆكتۈركلەرنىڭ ئەرلىرى قىمار ئويناشنى، قىزلىرى توپ تېپىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىمىز ئىچىشتىن خۇشاللىق تاپىدۇ، ئۆز-ئارا بېيت ئوقۇشۇپ ناخشا ئېيتىش ئارقىلىق كۆڭۈل ئاچىدۇ. كۆكتۈركلەر روھلارغا ۋە جىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شامانلارغا ئىشىنىدۇ.» (لى يەن شوۋ، 1973، 1864-ب) «غەربىي كۆكتۈركلەر بەشىنچى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى توپلىشىپ مال بوغۇزلاش ئارقىلىق تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدۇ. مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرىن ئەجدادلىرىنىڭ غارلىرىغا ئەۋەتىپ، قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدۇ. (ۋېي شوۋ، 1935، 1077-س)

باشقا خىتايچە مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلگەن:«كۆكتۈركلەرنىڭ بەشىنچى ۋە سەككىزىنچى ئايلاردا توپلىشىپ تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغانلىقى مەلۇمدۇر.»(لى يەنشوۋ، 1973، 3288-بەت)

بۇلاردىن شۇ نەرسە ئېنىقلىشىدۇكى، تۈركلەر قەدىمدە يىلنىڭ بىرىنچى ئېيىدا قەبىلە رەئىسلىرى ھون ھۆكۈمدارلىرىنىڭ چېدىرىدا توپلىشىپ، شۇ يىللىق مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلاتتى. بەشىنچى ئايدا بولسا، نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىپ قەبىلە كىشىلىرى مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى. سەككىزىنچى ئايدا ھايۋانلار سەمىرىپ، سانى كۆپەيگەندە قەبىلە خەلقى بىر يەرگە توپلىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ سانىنى ئالىدۇ. كۆكتۈركلەر يەنە ئەجدادلىرىنىڭ غارلىرىنى زىيارەت قىلىپ، دىنىي ئىبادەت قىلىدۇ.

## تۈرك كالېندارىنىڭ تۇنجى ئېيى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان بىرىنچى ئاينىڭ مىلادىيە كالېندارىدا قايسى ئايغا توغرا كېلىدىغانلىقى بىر مەسىلىدۇر. خىتاي مەنبەلىرىدە بىرىنچى ئاي دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان بىرىنچى ئاي خىتايلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋي كالېندارى قەمەرىيە كالېندارىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە قەمەرىيە ۋە شەمسىيە كالېندارلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارىلاشما كالېندار سۈپىتىدە بىلىنىدۇ.

ئەنئەنىۋي خىتاي كالېندارىدا بىرىنچى ئاي، قىشلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىشتىن ئۈچ ئاي كېيىنكى ئايدۇر. يەنى، مىلادى ئايلارغا كۆرە، ئىككىنچى ئاي بىلەن ئۈچىنچى ئاي ئارىسىدىدۇر. بىرىنچى ئاينىڭ تۇنجى كۈنى ئاينىڭ پارلاقلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشكەن، يېڭى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدۇر. مەسىلەن، بىرىنچى يىلنىڭ بىرىنچى ئېيى مىلادىيە كالېندارىنىڭ بىرىنچى يىلى 11-فېۋرال بىلەن 12-مارت ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ. كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى تۇمەن قاغان 552-يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيىدا ئۆز ئۇستىدىكى جوجانلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ يەردىكى بىرىنچى ئاي 11-فېۋرال بىلەن 10-مارت ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ. (Linghu Defen, 1971, s. 909)

خىتاي مەنبەلىرىدە يايلاق رايونىدىكى قەدىمقى تۈركلەرنىڭ ۋە باشقا كۆچمەن قەۋملەرنىڭ ئوت-چۆپلەر بىخ سۈرگەن مەزگىلنى يىلنىڭ بىرىنچى ئېيى دەپ بىلگەنلى يېزىلغان. خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، كۆكتۈركلەر كالېندار بىلمەيدۇ، پەقەتلا ئوت-چۆپلەرنىڭ بىخ سۈرۈشى بىلەن يىلنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلىدۇ. (لى يەنشوۋ، 1973، 3289-ب؛ لىڭخۇ دېفېن، 1971، 910-ب) بۇ يەردىكى «كالېندار بىلمەيدۇ» سۆزى ئەسلىدە خىتايلار ئىشلەتكەن كالېندارنى بىلمەيدۇ دەپ چۈشىنىلىشى كېرەك. 659-يىلى تاماملانغان «شىمالىي

سۇلالىلار تارىخى» دا، تاڭغۇتلارنىڭ ئەجداتلىرى توغرۇلۇقمۇ ئوت-چۆپ ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ بىخ سۈرۈشى ۋە سارغىيىشى ئارقىلىق يېشىنى ۋە پەسىلنى بىلىدۇ دەپ خاتىرىلەنگەن. (لى يەنشوۋ، 1974، 3129-ب)

مۇڭغۇللار بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدۇ. بەشىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە يەندىدا ئۇزۇن ياشىشى سەۋەب بولغان ۋە جۇرجانلار ئەنئەنىسىدىن قالغان ئىشتۇر. (ۋاڭ گوۋېي، 2009، 353-354-ب) جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى پېڭ دايانىڭ 1232-يىلى ۋە ئەلچى شۇ تىڭ يىللىرى ئارىسىدا مۇڭغۇللارغا قىلغان زىيارىتى خاتىرلەنگەن ئەسىرىدە، مۇڭغۇللارنىڭ ئون ئىككى مۆچەلنى قوللىنىدىغانلىقىنى، بىراق ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پەقەت ئوت-چۆپلەرنىڭ بىخ سۈرۈشىنى بىر يىل دەپ ھېسابلاپ، ھەر يېڭى ئاينىڭ باشلىنىشىنى بىر ئاي دەپ بىلگەنلىكى، براۋ ئۇلارنىڭ يېشىنى سورىسا، ئوت-چۆپلەرنىڭ بىخ سۈرۈشىنى سانايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. (گوۋېي، 2009، 373-374) جېڭ شياۋنىڭ ئەسىرىدە مۇڭغۇللارنىڭ مەۋسۇم ۋە ئىقلىم كالېندارىنى بىلمەيدىغانلىقى، ئوت-چۆپلەرنىڭ ھەر بىخ سۈرۈشىنى بىر يىل ھېسابلاپ، كىشىلەرنىڭ يېشى سورالغاندا، ئوت-چۆپلەرنىڭ قانچە قېتىم بىخ سۈرگەنلىكى ئارقىلىق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. (جېڭ سى شياۋ، 1991، 179-ب)

يۇقىرىقى بايانلاردىن قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ۋە باشقا كۆچمەن قەۋملەرنىڭ خىتاي كالېندارىنى ئىشلەتمىگەنلىكى بىلىنىدۇ. تۈركلەر ئەسلىدە تەبىئەت ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلغان كالېندارىنى ئىشلىتەتتى. (سەي خوڭ شېن، 1998، 168-ب) بۇ خىل كالېندارنى پەقەت تۈركلەرلا ئەمەس، باشقا كۆچمەن قەۋملەرمۇ ئىشلەتكەن. خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، قەدىمكى تۈركلەر يىلنىڭ، مەۋسۇمنىڭ ۋە ئاينىڭ ھېسابلىنىشىنى بىلگەن. قىرغىزلار توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، قىرغىزلار يىلنىڭ تۇنجى ئېيىنى باش ئاي دەيدۇ. ئۈچ ئاي بىر مەۋسىم ھېسابلىنىدۇ. ئون ئىككى ھايۋان بىلەن يىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، يىل يىن بىلەن باشلانسا، بۇ كىچىك يىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ.(ئوۋياڭ شيۇ، 1975، 6147-ب) باشقا مەنبەلەرگە كۆرە، «ئىنسانلار يىلنىڭ تۇنجى ئېيىنى ماۋ شى دەيدۇ، يۆ نى ئاي دەيدۇ. تۆت مەۋسۇم بىر يىل ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ خىل ھالەتتە يىلنى باھار، ياز، كۈز ۋە قىش دەپ مەۋسۇملارغا ئايرىيدۇ. ئون ئىككى مۆچەل ئارقىلىق يىل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر، يىل زى بىلەن باشلانسا بۇ يىلنى توشقان يىلى دەپ ئاتايدۇ؛ شۇ بىلەن باشلانسا، بۇ يىلنى ئىت يىلى دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇرلاردىمۇ ئوخشاش.» (لې شى، 2007، 3820-ب)

## تۈركلەرنىڭ باھار مۇراسىمى

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئوت-چۆپلەر بىخ سۈرگەن زامانىنى «باشئاي»(نورۇز) سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقى بىلىنمەكتە. بىراق، مۇڭغۇل يايلاقلىرىدا ياز كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، باھار پەسلىدە ھاۋا سوغۇق بولاتتى. پېڭ دايا ۋە شۇ تىڭ يازغان مەلۇماتقا كۆرە، مۇڭغۇل تۇپراقلىرىدا تۆتىنچى ئايدا ئوت-چۆپلەر بىخ سۈرۈشكە باشلايدۇ، ئالتىنچى ئايدا ياپيېشىل بولىدۇ، سەككىزىنچى ئايدا قۇرۇشقا باشلايدۇ. (ۋاڭ گو ۋېي، 2009، 368-ب) مۇڭغۇل تەتقىقاتچى لوبساڭ چويدانىڭ (1874-1928) ئەسىرىدە تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتلار مەۋجۇت: مۇڭغۇل رايونىنىڭ قىشى ئونىنچى ئايدا باشلىنىدۇ، ئون بىرىنچى ئاي بەك سوغۇق بولىدۇ، ئون ئىككىنچى ۋە بىرىنچى ئايلارمۇ بەك سوغۇق بولىدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايلار ئوتتۇرىھال سوغۇقلۇقتا بولۇپ، تۆتىنچى ئايدا ھاۋا ئىسسىشقا باشلايدۇ. بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىردا ئىسسىق باشلىنىدۇ. ئالتىنچى ئاي ۋە يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىگىچە بەك ئىسسىق بولىدۇ، يەتتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىدىن باشلاپ ھاۋا ئىلىمانلىششقا باشلايدۇ. توققۇزىنچى ئايدا ھاۋالار ئىلىمانلىششتىن سوۋۇشقا ماڭىدۇ. (لوبساق چويدان، 1988، 152-ب) بۇنىڭغا قارىغاندا، تۈركلەر خىتاي كالېندارىدا بىلىنىشىلگىنىدەك، يىلنىڭ تۇنجى ئېيىدا، يەنى فېۋرال-مارت ئېيى ئارىسىدا كىچىك كۆلەملىك، بەشىنچى ئېيىدا چوڭ كۆلەملىك مۇراسىم ئۆيۈشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى، فېۋرال-مارت ئېيى ئارىلىقىدا قەبىلە رەئىسلىرى ھۆكۈمدار چېدىرىغا

تويلىنىشىنىمۇ بىر تۈرلۈك باھارنى كۈتۈۋېلىش ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلىنىدىغان ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

خىتاي مەنبەلىرىدە شۇ دەۋرنىڭ باشقا قەۋملىرىنىڭ بىرىنچى ئېيى توغرۇلۇقمۇ مەلۇمات بېرىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تىبەتلەر بۇغداي پىشقان تۇنجى ئاينى «باش ئاي» دەپ قارىغان. (لىيۇ شۇ، 1975، 5520-ب) سەمەرقەند ئون ئىككىنچى ئاينى (لىيۇ شۇ، 1975، 5310-ب)، مەرۋە مەملىكىتى بەشىنچى ئاينى يىل بېشى دەپ قارىغان. (ئوۋياڭ شيۇ)

554-يىلى يېزىلغان «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» ناملىق ئەسەر 386-534-يىللىرى ئارىلىقىدىكى تارىخ بايان قىلىنغان ئەسەرلىدۇر. بۇ ئەسەردە ساسانىلار توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇماتلار بار:

«پارىسلار ئالتىنچى ئاينى يىل بېشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. بولۇپمۇ يەتتىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى ۋە ئون ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈننى مۇھىم بىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە خەلق ۋە ھۆكۈمرانلار كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن مۇراسىم ئۇيۇشتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېچىشتىن تولىمۇ خۇشاللىق تاپىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھەر يىلنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ يىگىرمىنچى كۈنى ئۆلگەن ئەجدادلىرىنى خاتىرلەش ئۈچۈن مال بوغۇزلايدۇ.» (ۋېي شوۋ، 1974، 2272-ب)

خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، پارىسلار ئالتىنچى ئاينى يىل بېشى دەپ بىلىدۇ. (دۇ يوۋ، 1935، 1042-ب) باشقا مەنبەلەردە تېخىمۇ ئۇچۇق قىلىپ، پارسلارنىڭ ئالتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈننى يىل بېشى سۈپىتىدە تەبرىكلەيدۇ دەپ بايان قىلىنغان. (لىيۇ شۇ، 1975، 5312-ب) يەنى، پارىسلار يېڭى يىل ياكى تۇنجى ئاينى ئالتىنچى ئايدا، مۇراسىملارنى بولسا يەتتىنچى ۋە ئون ئىككىنچى ئۆتكۈزمەكتىدۇر.

## « دىۋانى لۇغەتىت تۈرك »تە نورۇز

نورۇز ئوتتۇرا ئاسىيا، ئاناتولىيە ۋە بالقان تۈپراقلىرىدا تولىمۇ قەدىمكى زامانلاردىن بېرى تەبرىكلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخىي ۋە ئەدەبىي مەنبەلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. (ئۆزكان، 1995، 5-7-س) دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە «يېڭى كۈن \نەۋرۇز، نەيرۇز» شەكلىدە خاتىرلەنگەن. ئەرجىلاسۇن ۋە ئاككويۇنلۇ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار مەۋجۇت:

تۈركلەردە يەتتە كۈننىڭ ئىسمى يوق، چۈنكى «ھەپتە» ئىسلامدىن كېيىن بىلىنگەن. شۇنىڭدەك، شەھەر-لەردە ئايلارنىڭ ئىسملىرىمۇ ئەرەپچە ئاتىلىدۇ. كۆچمەنلەر ۋە جاھىل كاپىرلار ئۇنى تۆت مەۋسىم بويىچە ئاتايدۇ. ھەر ئۈچ ئايغا تەڭ زاماننىڭ بىر ئىسمى بار. ئۇنىڭ بىلەن بىر يىلنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلىنىدۇ. نەۋرۇزدىن (ئەرەپچە نەيرۇز دەپ يېزىلغان) كېيىنكى باھارنىڭ باشلىنىشىغا ئوغلاق ئاي دېيىلگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي »دۇر. چۈنكى، ئىككىنچى ئايدا ئۇ ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئۇلۇغ ئاي، يەنى بۈيۈك ئايدۇر. چۈنكى، بۇ يازنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر. سۈتلەر كۆپىيىدۇ، پۈتكۈل ھايۋانلاردىن ۋە يەردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلار كۆپىيىدۇ. باشقا ئايلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. بىلگىنكى، بەك ئاز ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بايان قىلمايمەن. (قەشقەرى، 1940، 175-ب؛ دانكوف، 1982، 272-ب؛ ئەرجىلاسۇن-ئاككويۇنلۇ، 2015، 150-بەت)

## خۇلاسە

1. قەدىمكى تۈركلەر ھەر ئۈچ ئاينى بىر دەۋر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئىسىم بەرگەن. بۇلار، 1) باھارنىڭ باشلىنىشى بولغان دەۋرنىڭ تۇنجى كۈنى «نورۇز» كۈنى دەپ ئاتالغان بۇ تۇنجى ئۈچ ئاينى «ئوغلاق ئېيى» دەپ ئاتىغان. 2) ئىككىنچى ئۈچ ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي»، يەنى «بۈيۈك ئوغلاق ئاي» دەپ ئاتىغان. 3) ئۈچىنچى ئۈچ ئاينى «ئۇلۇغ ئاي»، يەنى «بۈيۈك ئاي» دەپ ئاتىلغان. 4) ئۈچ ئاي توغرۇلۇق «...باشقىلىرى

**بۇنىڭ-غا ئوخشاش. بىلگىنكى، بەك ئاز ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلمايمەن» دېيىش ئارقىلىق قىش پەسلىنىڭ ئىسمى بېرىلمىگەن. شۇ ۋەجىدىن «قىش» كەلىمىسىنىڭ تۈركلەردە بولغان-بولمىغانلىقى مۇزاكىرە قىلىنىشى كېرەك بولغان مەسىلىدۇر.**

**2. قەدىمكى تۈركلەر، ئوت-چۆپلەرنىڭ بىخ سۈرگەن چاغىنى «يىل بېشى» سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ۋە بۇ سەۋەبلىك «يېڭى يىل» مەنىسىدە «باش ئاي» دەپ ئاتىغان. بىراق، ئىسلامدىن كېيىنكى زامانلاردا ئۆز تەبىرى بولغان «باش ئاي»نىڭ ئورنىغا، «نورۇز» كەلىمىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان.**

**3. ساسانىلارنىڭ يىل بېشىنى مارت ئېيىدا ئەمەس، ئالتىنچى ئاي قىلىپ بەلگىلىگەنلىكى سەۋەبلىك، تۈركلەرنىڭ «نورۇز» كەلىمىسىنى قوبۇل قىلىشتىن سىرت، يېڭى يىل ھادىسىسىنى پارىسلاردىن قوبۇل قىلمىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.**

**4. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ۋە باشقا كۆچمەن قەۋملەرنىڭ خىتايلارنىڭ كالېندارىنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۈركلەر ئەسلىدە بەلگەبىلىملىك ( phenologic) كالېندارنى قوللىناتتى. بەلگەبىلىملىك كالېندارلاردا جانلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىنىڭ ئايلىنىشى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلانغان. شۇنداقلا، بۇ بەلگەبىلىملىك كالېندارنى باشقا كۆچمەن قەۋملەرمۇ قوللىناتتى. (فېنولوجى، 2007، 18-ب)**

**5. تۈركلەر ھەم بەلگەبىلىملىك كالېندارنى، ھەم جالالى كالېندارىنى ياكى ھىجرىيە ۋە شەمسىيە كالېندارلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئىشلەتكەن بولۇش مۇمكىن.**

**نەتىجىدە، نورۇزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنىڭ كۆچىيىشى بىلەن بىرلىكتە، ئىزچىل رەۋىشتە يېڭى يېڭى ئىزاھاتلار ۋە توغرىلاشلار بولۇشى ئېنىق.**

## مەنبەلەر:

## Kaynakça


Ban Gu 班固. (1962). Xiongnu chuan shang匈奴傳上 (Hunlar Biyografisi (a). *Han Shu 漢書* (Han Sülalesi Tarihi, M.Ö. 206-M.S. 8). 卷94a , Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Bazin, L. (1998). *Tujue Lifa Yanjiu 突厥曆法研究*, (耿昇譯). Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Bokova, İ. (2015). UNESCO Genel Direktörü Uluslararası Nevruz Günü Mesajı. http://unesdoc.unesco.org/images/0023/002318/231887E.pdf adresinden erişilmiştir.

Cai Hongsheng 蔡鴻生. (1998). *Tang dai Jiuxing Hu yü Tujue Wenhua 唐代九姓胡與突厥文化 (Tang Dönemi Dokuz Soğut ve Gök Türk Kültürü)*, Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Cen Zhungmian 岑仲勉. (1982) *Sui Tang Shi 隋唐史 (Sui ve Tang Sülaleleri Tarihi).* 北京:中華書局.

Cen Zhungmian岑仲勉. (2000). *Sui Tang Shi 隋唐史 (Sui ve Tang Sülaleleri Tarihi)*. Shijiazhuang石家莊: Hebei jiaoyu chuban she 河北教育出版社.

Genç, R. (1995). Türk Tarihinde ve Kültüründe Nevruz. *Türk Kültüründe Nevruz*, Uluslararası Bilgi Şöleni Sempozyum Bildirileri, (Ed. Sadık T.). Ankara.

Gündüz, Ş. (2007). Nevruz. *Türkiye Diyanet Vakfı İslam Ansiklopedisi*. (cilt. 33, ss. 60-61). İstanbul: Diyanet Vakfı Yayınları.

Al-Kashghari, M. (1982-5). Dīwān Lughāt al-Turk. (Robert D. & James K., Ed. and Trans.). *Compendium of the Turkic Dialects ( Dīwān Luγāt at-Turk), 3 vol*. Cambridge. MA.

Divitçioğlu, S. (1992). *Nasıl Bir Tarih*. Ankara: Bağlam Yayıncılık.

Du You杜佑. (1935). *Tongdian 通典*, Juan 卷199, Bianfang shiwu beidi liu 邊防十五北狄六 (Sınır Bölgeleri on beşinci bölüm - Kuzey Diler altıncı bölüm), Shanghai:上海: Shanghai shangwu yin shuguan上海商務印書館.

Ekrem, N. H ve E. (1995). Uygurlarda Nevruz Kutlamaları. *Türk Kültüründe Nevruz*, Uluslararası Bilgi Şöleni (Sempozyum Bildirileri), (Ed. Sadık T.). Ankara.

Ercilasun, A. ve Akkoyunlu, Z. (2015). *Divan ü Lügat-it-Türk*. Ankara: Türk Dil Kurumu Yayınevi.

Fan Ye 范曄, (1965), Nan Xiongnu liechuan匈奴傳上南匈奴列傳. *Hou Han Shu 後漢書* (Sonraki Han Sülalesi Tarihi, M.S.25-M.S.220), 卷89, Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Hong Hao 洪皓. (1986). *Song mo ji wen 松漠紀聞 (Song mo Bölgesi Hatıraları),* Changchun長春: Jilin wenshi chuban she 吉林文史出版社.

Kafalı, M. (1995). Türk Kültüründe Nevruz ve Takvim. *Türk Kültüründe Nevruz*, Uluslararası Bilgi Şöleni (Sempozyumu Bildirileri), (Ed. Sadık, T.). Ankara.

Kafkasyalı, A. (2000). Türk Kültüründe Nevruz. *Bizim Dernek Dergisi*, *1*, 27-29.

Kaşgarlı M. (1985). *Divan ü Lugat-it-Türk* (Tıpkıbasım). Ankara: Kültür Bakanlığı Yayınları.

Le Shi 樂史. (2007). X(Ha)ia jia si 黠戛斯. *Taiping Huanyü ji* 太平寰宇記, Juan 卷199, Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju 中華書局.

Li Paiyao 李白藥. (1972). *Bei Qi Shu 北齊書* (Kuzey Chi Sülalesi Tarihi, 550-575 Yılları). Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Li Xinchuan李心傳. (2006). *Jian Yan Yilai Chaoye Za* Ji*建炎以來朝野雜記* (乙集卷19)下冊. Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Li Yanshou 李延壽. (1973), *Bei Shi* 北史 (Kuzey Devletler Tarihi, 386-581 Yılları). Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Li Yanshou 李延壽. (1973). Tujue chuan突厥傳 (Gök Türkler Tezkiresi). *Bei Shi* 北史, Juan 卷99, Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Lin Gan 林幹. (1987). *Tujue yü Huihe Lishi Lunwen Xuanji突厥與回紇歷史論文選集 (Gök Türkler ve Uygurların Tarihine Ait Araştırmalardan Seçmeler)*. Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Linghu Defen令狐德棻. (1971). *Zhou Shu 周書* (Chou Sülalesi Tarihi, 557-581 Yılları), Juan 卷50, Yiyu xia - Tujue chuan 異域下·突厥傳 (Yabancılar Diyarı ve Gök Türkler Tezkiresi), Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Liu Xu 劉昫, (1975). *Jiu Tang Shu* 舊唐書 (Eski Tang Sülalesi Tarihi, 618-907 Yılları), Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Lobsang Çoidan羅布桑卻丹. (1988). *Menggu Fengsu Jian* 蒙古風俗鑒, Juan 卷9, 第48, Menggu difang de qihou蒙古地方的氣候 (Moğolistan'ın yerel hava durumu), Zhaojingyang yi趙景陽譯 (Zhaojingyang tercümesi). Shenyang瀋陽: Liaoning minzu chuban she 遼寧民族出版社.

Ma Duanlin 馬端臨. (1936). *Wenxian Tongkao* 文獻通考 (Eski Kaynaklar Üzerine Tahliller). Shanghai上海: Shangwu yin shuguan商務印書館.

Memiş, E. (1996). *Türk Kültür Tarihi*. Konya: Günay Ofset.

Mustafayev, B. (2013). Adriyatik'ten Çin Seddine Uzanan Nevruz Geleneği. *Avrasya Uluslararası Araştırmalar Dergisi*, *2* (3), ss. 60-73.

Ouyang Xiu 歐陽修. (1975). *Xin Tang Shu 新唐書* (Yeni Tang Sülalesi Tarihi. 618-907 Yılları), Juan 卷215a , Tujue chuan shang突厥傳上 (Gök Türk Bölümü (b), Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Ouyang Xiu 歐陽修. (1975). Huihu xia - X(H)ia jia si chuan 回鶻下·黠戛斯傳 (Uygurlar (b) ve Kırgızlar Bölümü). *Xin Tang Shu 新唐書* (Yeni Tang Sülalesi Tarihi 618-907 Yılları), Juan 卷217b, Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Özbey, G. (2016). Paris UNESCO'da Nevruz Resepsiyonu. http://www.arti49.com/paris-unescoda-nevruz-resepsiyonu-127758h.htm adresinden erişilmiştir.

Wei Zeng 魏徵. (1973). Beidi · Tujue chuan北狄·突厥傳 (Kuzey Diler ve Gök Türkler Tezkiresi). *Sui Shu* 隋書 (Sui Sülalesi Tarihi, 589-618 Yılları), Juan 卷84, Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Xu Mengshen徐夢莘. (1987). *Sanchao Bei Meng Huibian* 三朝北盟會編, Juan 卷3a, Shanghai上海: Shanghai guji chuban she 上海古籍出版社.

Zheng Sixiao鄭思肖. (1998). Dayi lüexü 大義略敘 (Doğruluklar Üzerindeki İzahlar). *Zhengsixiao Ji* .鄭思肖集 (Zhengsixiao Eserleri), Shanghai上海: Shanghai guji chuban she 上海古籍出版社.

İranlıların Ulusal Birlikteliğinin Simgesi Nevruz. (2015). http://article.irankulturevi.com/Iranlilarin-ulusal-birlikteliginin-simgesi-Nevruz-148i.cgi adresinden erişilmiştir.

---

## Notlar

[i] Ferverdin ayının ilk günü eski İran takvimine göre baharın ilk ayı, 21 Mart-21 Nisan günleridir.

Özkan, İ. (1995). Türk Boylarının Edebiyat ve Folklorunda Nevruz Şenlikleri. *Bilge Yenigün Dergisi*, *4*, ss. 179-185. Ankara: Atatürk Kültür Merkezi Yayınları.

Parmaksızoğlu, İ. (1989). Nevruz. *Türk Ansiklopedisi* (cilt. 25, s. 218). İstanbul: Milli Eğitim Basımevi.

Pirverdioğlu, A. (2002). Türklerde Yılbaşı ve Bahar Geleneği. *Türkler Ansiklopedisi*. (cilt. 3, ss. 44-50). Ankara: Yeni Türkiye Yayınları.

Sima Qian司馬遷. (1959). Xiongnu liezhuan匈奴列傳 (Hun Biyografisi). *Shi Ji 史記* (Tarihi Kayıtlar), Juan 卷110 , Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

Tel, G. (2008). *Bozkır Kavimlerinde Zaman ve Takvim* (Başlangıçtan Uygur Döneminin Sonuna Kadar). Yayımlanmamış Yüksek Lisans Tezi. Gazi Üniversitesi, Sosyal Bilimler Enstitüsü, Ankara.

Turan, O. (2004). *Oniki Hayvanlı Türk Takvimi*, İstanbul: Ötüken Yayınları.

Turan, M. (1998). Tarihî Kaynaklar Işığında Nevruz'un Menşei Meselesi. *Milli Folklor (Türk Dünyası Folklor Dergisi*), *5* (37), ss. 90-104.

Tutar, H. (2002). Tarihte ve Mitolojide Nevruz. *Türkler Ansiklopedisi*. (cilt. 3, ss. 1109-1126). Ankara: Yeni Türkiye Yayınları.

Wang Guowei 王國維. (2009). Meng da bei lu jian zheng蒙韃備錄箋證 (Moğol Seyahat Raporları Araştırmaları). *Wang guo-wei Quanji 王國維全集,* 第11冊. Hangzhou 杭州: Zhejiang jiaoyu chuban she 浙江教育出版社.

Wei Shou 魏收. (1974). *Wei Shu 魏書* (Wei Sülalesi Tarihi, 386-534 Yılları). Bei Jing 北京: Zhonghua Shuju中華書局.

[ii] "İranlıların ulusal birlikteliğinin simgesi Nevruz", İran İslam Cumhuriyeti Büyükelçiliği Kültür Müsteşarlığı, 18 Mart 2015, http://article.irankulturevi.com/Iranlilarin-ulusal-birlikteliginin-simgesi-Nevruz-148i.cgi, (Erişim: 25.01.2016).

[iii] Celali Takvim, Büyük Selçuklular döneminde Sultan Melik Şah tarafından hazırlatılmış ve kullanılmıştır. Celali Takvimde güneş yılı esas alınmıştır. 1 yıl 365 gün ve 6 saat olarak hesap edilmiştir. Celali Takvimin başlangıç tarihi olarak 1079 yılı esas alınmıştır. Celali Takvimi Türkler haricinde Babür Devleti de kullanmıştır.

[iv] Long Cheng şehri: Hunlar ile ilgili Çince kaynaklarda, Long Cheng şehri dini merkez olarak kaydedilmektedir. (Sima Qian, 1975, ss. 2864, 2892, 2923).

[v] Mevcut takvimin ilk şekli Xia Sülâlesi **夏朝** döneminde ortaya çıkmıştı ve birinci ay yılın ilk ayı olarak kullanmıştı. Cen Zhongmian'in araştırmasına göre M.Ö. yedinci yüzyıllarında Çin'in kuzeyinde yaşamış olan Tiler**狄**, yani eski Türk boyları da bu çeşit takvimi kullanmıştı (Cen Zhongmian, 2000, s. 614). Xia Sülâlesi yerine geçen Shang Sülâlesi **商朝** ise on ikinci ayı yılın ilk ayı alarak değiştirmişti. Shang Sülalesinin yerini alan Zhou Sülâlesi ise on birinci ayı yılın ilk ayı alarak tekrar değiştirmişti. Bir süre karışıklıktan sonra M.Ö. 140'da, Xia Sülâlesinin kullandığı takvime geri dönerek (Ban Gu, 1962, s. 199) ve tarih süreci içinde birinci ayın farklı aylardan başlatılması yaşandıysa da genel olarak hep Xia Sülâlesi takvimi kullanılmıştır.

[vi] Fenoloji: "Bitki ve hayvanların büyüme ve gelişme dönemlerindeki değişik safhaları inceleyen bilim dalına fenoloji denir. Meyve ağaçlarında tomurcukların kabarması, çiçeklenme, meyve teşekkülü ve olgunlaşma, tahıllarda ekim, çimlenme, kardeşlenme, başaklanma, çiçeklenme, hasat olgunluğu, hayvanlarda üreme, otlama, göç etme (kuşlar için), kış uykusu ve emzirme bu dönemlere örnek olarak verilebilir. Canlıların gelişim basamakları ile iklim gidişi arasında çok yakın bir ilişki mevcuttur. Her canlının yaşadığı dış ortamda meydana gelen ve sürekli değişiklik gösteren sıcaklık, rüzgâr, nem ve buharlaşma gibi iklim faktörleri karşısında bireyden bireye değişen çeşitli tepkiler görülür. Bundan dolayı bitkilerde görülen büyüme ve gelişme dönemleri çoğunlukla hava olaylarının etkisi altında olduğundan, fenoloji tarım açısından büyük öneme sahiptir".



# تۈركان خاتۇن

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# قاراخانىيلار ۋە سالجۇقىيلار مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداشسىز يارقىن شەخس -تۈركان خاتۇن

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر ( تۈرك ) ئاياللىرى قەدىمدىنلا ئۆز ئانا ۋەتىنى تۈركىستاندا تولىمۇ قەدىرلىنىپ ۋە ھۆرمەتلىنىپ ئۆسۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار ياتلىق بولۇپ « خاتۇن » ، بالا تۇغۇپ « ئانا » بولغاندىن كېيىن ئورنى يەنىمۇ يۈكسىلىپ « ئايال خوجايىن » دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەتتى .

ئۇيغۇر ( تۈرك ) قاغانلىرى ئانىلىرىنى ھەر قانداق كىشىدىن يۇقىرى كۆرەتتى . خۇدادىن قالسا ، ئانىلىرى ئۇلارغا ئەڭ مۇقەددەس ئىدى. ئاياللار نىكاھلانغاندىن كېيىن ، « خاتۇن » دېگەن نام بىلەن ھۆرمەتلەنسە ، بالا تۇغقاندىن كېيىن « ئانا » دېگەن نام بىلەن تېخىمۇ ئۇلۇغلىناتتى . 921 - يىلى تۈرانغا زىيارەتكە كەلگەن داڭلىق ئەرەب ئەلچىسى ئىبنى فەزلان تۈركىي خەلقلەرنى تەرىپلىگەندە، « ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھەر جەھەتتىن ئەرلىرىگە ئوخشايدۇ» دەپ بايان قىلغان . ئۇنىڭدىن تۇپتوغرا 400 يىل كېيىن شەرقتە زىيارەت قىلغان داڭلىق ئەرەب سەيياھى ئىبنى باتۇتا ئالتۇن ئوردا خانلىقى پايتەختى ئاستراخاندا ئۆزبېكخاننى زىيارەت قىلغاندا ، خاننىڭ سارايدىلا كىشىلەر ئالدىدا ئانىسى ۋە باشقا خاتۇنلىرىغا قانداق ئاشكارا ھۆرمەت كۆرسىتىپ ، ئەلچىلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ .

ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن ، مەيلى شەھەرلەشكەن ياكى كۆچمەن ھالەتنى ساقلاپ قالغان قەۋملەر بولسۇن، ئاياللار چارۋا بېقىش ۋە باشقا تىرىكچىلىك ئىشلىرىدا ئەرلىرىگە ھەمدەم بولۇپ ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ماھارىتىمۇ يۈكسىلىپ ماڭاتتى . ئەرلىرىگە ياردەملىشىپ ئائىلىنى چۆرگىلىتىش جەريانىدا ئۇلاردا تەبىئىيلا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئىقتىدار مۇكەممەللىشىپ باراتتى . چۈنكى قەدىمقى تۈركىي مىللەتلەردە بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەمەلىيەتتە بىر كىچىك ھەربىي ئەترەت ئىدى. بىر ئائىلە كىچىك بىر دۆلەتكە ئوخشاش پۇختا ۋە تەرتىپ بىلەن ئىدارە قىلىناتتى . بۇ ئەھۋاللار كېيىنچە ئۇيغۇر ( تۈرك) ئاياللارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلاردا ئاكتىپ رول ئېلىشىنى ، ھەتتا ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ، بىر مەھەل ئۇتۇقلۇق دەۋران سۈرۈشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجداتلىرىمىز 920 - يىللىرى بىراقلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ، ئاياللارنىڭ ئورنى تېخىمۇ يۈكسىلىپ ، ئاياللار بارلىق پەزىلەت ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادەتنىڭ يېتۈك ئۈلگىمى بولۇپ قالدى .

ئىسلامىيەتنىڭ قىز ـ ئاياللارنىڭ مەنىۋى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى شۇ بولدىكى ، بارلىق ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت ئاياللارنى مەركەز قىلىپ ئۈلچىنىدىغان بولدى.( يەنى ئاياللار ھەر ئىككى ئالەملىك مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ ئاساسى ئۈلچىمى بولۇپ قالدى). بۇ توغرىلىق ھىندىستانلىق نوپۇزلۇق ئىسلام ئەللامىسى شەيخ ئەكرەم ناداۋى مۇنداق دەيدۇ:

« ئۇ كىچىك ۋاقتىدا( تۇغۇلغاندا)ئانا ـ ئانىسىنى دوزاختىن قوغدايدىغان قالقان بولىدۇ. ئۇ ياتلىق بولغاندا ئېرىنىڭ دىنىنى ۋە ئادىمىيلىكىنى پۈتۈنلەيدۇ. ئۇ ئانا بولغاندا جەننەت ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىدا بولىدۇ. بۇ پەزىلەتلەرنى بىلگەن ھەر قانداق ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشى بولۇپ كەتكىسى كېلىدۇ ».

مانا يۇقىرىقى تارىخىي ، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئامىللار نەتىجىسىدە ، بىر تۈركۈم ئىشەنچىسى ئۇرغۇپ تۇرغان ، ھۆكۈمرانلىق تىزگىنىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ ، شانلىق تارىختا نامىنى مەڭگۈ قالدۇرۇپ، كېيىنكى ئاياللارغا ئەبەدىي ئۈلگە بولۇپ قالغان ئۇلۇغ ئاياللار مەيدانغا چىقتى . ئۇشبۇ تارىخىي ئەسلەتمە نامىغا ئاتالغان تۈركان خاتۇن دەل شۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئۈلگىلىك ئايال ئىدى .

## 1 . تۈركان خاتۇن تۇغۇلۇش ھارپىسىدىكى قاراخانىيلار

ھەممىگە مەلۇم بولغانىدەك ، قاراخانىلارنىڭ جەسۇر قاغانى ھارۇن بۇغراخان 993 - يىلى سامانىلار خانلىقى ( 874 - 999 ) نى مۇنقەرز قىلىپ ، ئۈچ يىلدەك تەرتىپ ئورنىتىپ ، جىيەنى ئەلى تېكىننى 997 - يىلى غەربىي

ئىلىكخان قىلىپ تەيىنلەپ قەشقەرگە قايتىش يولىدا قازا قىلدى . بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان غەزنەۋىلەر، سامانىلار قالدۇقلىرى ۋە سالجۇق ئوغۇللىرى ئەلى تېكىنگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ ، سامانىلارنى قايتا تىرىلدۇردى . نەتىجىدە قەشقەردىكى چوڭ قاغان سەئىد ئەلى ئارسلانخان ئۆزىنىڭ بارلىق ئوغۇللىرى ۋە جىيەنى يۈسۈپ قادىرخاننى سامانىلارنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى . پايتەخت قەشقەرنىڭ بوش قالغانلىقىنى كۆرگەن ئۇدۇن خانلىقى قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ پامىرنىڭ غەربىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ، دەرھال قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى . ئاقىۋەت، چوڭ قاغان سەئىد ئەلى ئارسلانخان **998** - يىلى دېكابىردا ( ھىجرىيە **389** - ئاشۇرا ) ھازىرقى ئوردام مازىرىدا نامازغا تۇرغان يېرىدە ئەسكەرلىرى بىلەن قىرىلىپ كەتكەن . ئۇدۇن قوشۇنى قەشقەرنى ئىگىلىگەن . قاراخانىلار بىردىنلا قىل ئۈستىدە قالغان . چۈنكى غەرپتە ئۆلارغا قارشى كۈچلۈك بىرلەشمە قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، غەربىي ئىلىكخانلىقنى تارتىۋالغانىدى . شەرقتە قاراخانىلارنىڭ يۈرىكى بولغان قەشقەر ، ئۇدۇن خانلىقى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان ئىدى . بۇ ھال خان جەمەتى ئىچىدە قەشقەردىن ياكى بۇخارادىن ۋاز كېچىش مۇنازىرىسى پەيدا قىلدى . ئارسلانخاننىڭ ئورنىغا قاغان بولغان چوڭ ئوغلى ئەھمەد توغانخان ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئەزىزانە قەشقەردىن ۋاز كېچىپ ، سامانىلارنى تۈپتىن تىنجىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ ئەمدى تارىم ۋادىسىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى . ئىلىك ناسىرخان ، مەنسۇرخان ۋە ئەھمەد چاغرىتېكىن قاتارلىق ئىنىلىرى بۇيرۇقتا بويسۇنۇپ سامانىلارغا قارشى پۈتۈن قوشۇننى ئاتلاندۇردى . ئەمما ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى . قاراخانىلارنىڭ تەقدىرىنى قەشقەر بىلەن ئۆلچەم قىلدى . ئەمما توغانخان قادىرخاننىڭ ھەربىي ياردەم تەلىپىنى رەت قىلدى . قادىرخان يەنىلا ۋاز كەچمەي ، شىمالىي ئىلىكخان ۋە غەربىي ئىلىكخان تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مۇسۇلمان تۈركلەر ئىچىدىن جەڭگىۋار بىر قوشۇن تەشكىللەپ ، تەۋەككۇلچىلىك بىلەن مۇنتىزىم ۋە پىشقان ئۇدۇن خانلىقى قوشۇنىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان . **999** - يىلى توغانخانغا ئىككى چوڭ خۇش خەۋەر كەلگەن . بىرى ، شۇ يىلى **24** - ئۆكتەبىر ( **389** - يىلى قۇربان ھېيت كۈنى) ئىلىك ناسىرخان بىلەن ئەلى تېكىن بۇخاراغا زەپەر قۇچۇپ كىرگەن غەلىبە خەۋىرى ، يەنە بىرى ، شۇ يىلى **22** - نويابىر ( **390** - يىلى ئاشۇرا كۈنى ) يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قەشقەرگە زەپەر قۇچۇپ كىرىپ ، ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى قەشقەر تەۋەسىدىن چېكىندۇرگەن خەۋىرى ئىدى . توغانخان بەكلا خىجىل بولۇپ ، تېزدىن قەشقەرگە ھەربىي ياردەم ئەۋەتكەن . ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ ھەربىي كۈچنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئۇدۇن خانلىقىنى يۈسۈپ قادىرخان ئۇدا بەش قېتىم ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق ، **1006** - يىلى ئۇدۇننى پۈتۈنلەي ئىسلاملاشتۇرغان . **1007** - يىلى قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر تۇنجى قېتىم توقۇنۇشقاندىن كېيىن ، يۈسۈپ قادىرخان **1008** - يىلى خوتەندە چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخاننى قالدۇرۇپ ، يەكەن ۋە قەشقەردە ئوغلى مەھمۇد تېكىن بىلەن ياغان تېكىننى ئىشقا قويۇپ ، غەزنەۋىلەرنىڭ پېتىنىسگە ئالدىنىپ تالاپەت تارتقان جىيەنلىرىگە ياردەمگە كەلگەن .

قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانى ئىلىك ناسىرخان **1013** - يىلى ( ھىجرىيە **403** - يىلى ) ۋاپات بولغان. ئۇ **992** - يىلى تاغىسى ۋە نائىب قاغان ھارۇن بۇغراخان ( **949** - **997** )تەرىپىدىن شىمالىي ئىلىكخانلىققا تەيىنلەنگەن . ھارۇن بۇغراخان ۋاپات بولغاندا ، نەۋرە ئاكىسى سەئىد ئەلى ئارسلانخان چوڭ قاغان بولۇپ ، قەشقەردە تۇراتتى . ئۇ چوڭ ئوغلى ئەھمەد توغانخاننى بالاساغۇندا ، يەنە بىر ئوغلى ئىلىك ناسىرخاننى ئۆزكەندتە ئىشقا قويغان . ئەلى ئارسلانخان قازا قىلغاندىن كېيىن، جىيەنى ھارۇن بۇغراخاننىڭ قەشقەر ۋە خوتەننى بىرلىككە كەلتۈرگەن قابىل ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان ( **969** - **1032** ) قەشقەر ۋە خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىم ۋادىسىدا نائىپ قاغان بولۇپ « قىدىرخان - قادىرخان » نامىنى قوللانغان . ئوغلى ئەھمەد توغانخان چوڭ قاغان بولۇپ تەيىنلىنىپ ، بالاساغۇندا تەختكە چىققان . توغانخان ئىنىسى ئىلىك ناسىرنى غەربىي ئىلىكخان قىلىپ ئىشلەتكەن . ئەمما ئىلىك ناسىرخان ئاكىسىغا قارشى **1009** - يىلى **12** - ئايدا بالاساغۇنغا قوشۇن تارتىپ، « ئەدەپلەش ئۈچۈن يولغا چىققان » . ھالقىلىق پەيتتە نەۋرە ئاكىسى يۈسۈپ قادىرخان ئارىغا چۈشۈپ ، قاراخانىيلارنى پارچىلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان. مەھمۇد غەزنەۋى

( 971 - 1030) قاراخان بىلەن ئىلىكخانىنىڭ ئارىسىغا سالغان سوغۇقچىلىقنىڭ ئۇنۇم بەرگىنىنى كۆرۈپ ، يالغۇز قالغان ئىلىك ناسىرخانغا ھۇجۇم قىلغان . قاراخان ئەھمەد توغانخان ئىنىسىدىن كۆڭلى ئازار يېگەچكە ياردەم بەرمىگەن . ئەمما دانا يۇسۇپ قادىرخان دەل ۋاختىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلىكخانىنى قۇتقۇزۇپ قالغان . نەتىجىدە قاراخانىلار يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

1012 - يىلى يۇسۇپ قادىرخان ئابباسىيلار خەلىپىسى تەرىپىدىن « مەشرىق پادىشاھى » دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن . 1013 - يىلى مۇشۇ نامدا يەكەندە تەڭگە پۇل قۇيدۇرغان .

ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپە تەرىپىدىن نۇرغۇن مەرتىۋە ناملىرى بېرىلگەن بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا ھېچبىر ھۆكۈمران بۇنداق كۆپ ۋە يۇقىرى مەرتىۋە ناملىرىغا ئېرىشىپ باقمىغان ئىدى.

( ناسىرىددىن + مەلىك مەنسۇر + مۇئىززۇ دىن ۋە دۆلەت + خاقان مۇئەييىد قاتارلىقلار ) .

1013 - يىلى ئىلىك ناسىرخان ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ئىنىسى مەنسۇر شىمالىي ئىلىكخانلىققا تەيىنلەنگەن . ئەلى تېكىن ئىلىك ناسىرنىڭ ئورنىغا غەربىي ئىلىكخانلىققا تەيىنلەنگەن . 1014 - يىلى قادىرخان قەشقەرنى ئىدارە قىلغان . ئىككى قابىل ئوغلى خوتەن بىلەن يەكەننى ئىدارە قىلغان . 1015 - يىلغا كەلگەندە كەشمىردىن چاقىلىققىچە ، ئۇلۇغ پامىردىن قۇمۇلغىچە بولغان بىپايان زېمىندا يۇسۇپ قادىرخان مۇتلەق ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ ، ئەمەلىي كۈچى چوڭ قاغان ۋە ئىلىكخانلاردىن ئېشىپ كەتكەن . 1016 - يىلى ئەلى تېكىن تۇنجى قېتىم ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، غەرپتە غەزنەۋىلەرنى ، شەرقتە قىتانلارنى چىللاپ كەلگەن . 1018 - يىلدىكى قاراخان - خىتاي ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ، چوڭ قاغان توغانخان قازا قىلغان . يۇسۇپ قادىرخان دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم « ئەلى جەمەتى » گە يول قويغان . نەتىجىدە قادىرخانىنىڭ قوللىشىدا شىمالىي ئىلىكخان مەنسۇر « ئارسلانخان » نامى بىلەن چوڭ قاغان بولغان . ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك ئىنىسى ئەھمەد توغانخان2 شىمالىي ئىلىكخان بولغان . بىراق ئۇنىڭ دەۋرىدە سابىق غەربىي ئىلىكخان ئەلى تېكىن ئۆزىنى « قاغان» دەپ جاكارلاپ ، سالجۇق ئوغۇللىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن بىر مەھەل مۇستەقىل بولۇۋالغان. يۇسۇپ قادىرخان ئەلى تېكىننى ئەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلىپ ، 1024 - يىلى مەنسۇر ئارسلانخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ ، پايتەختنى بالاساغۇندىن قايتا قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن . پايتەختنى ئەينى ۋاقىتتا يۇسۇپ قادىرخانىنىڭ بوۋىسى سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇنغا كۆچۈرۈپ ، ھازىرقى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئىسلاملاشتۇرغان ئىدى. ئەمما يۇسۇپ قادىرخانىنى قېرىنداشلىرى ئەھمەد توغانخان بىلەن ئەلى تېكىن ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماي ، ھەر ئىككىسى ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان . بۇ ھال يۇسۇپ قادىرخانىنىڭ مەھمۇد غەزنەۋى ئۇزاقتىن بېرى ئىزچىل تەلەپ قىلىۋاتقان ئىتتىپاق تۈزۈش تەكلىپىگە ئىجابىي جاۋاپ قايتۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان . 1026 - يىلى مارتنىڭ ئاخىرى « سۇمىنات ئۇرۇشى » دىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن مەھمۇد غەزنەۋى دەرھال ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ۋەدىسى بويىچە سەمەرقەند ئەتراپىدا ئۆزىدىن سەل ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن يۇسۇپ قادىرخان بىلەن ئاپرىلنىڭ ئاخىرى ئۇچراشقان . ئىسيانچى ئەلى تېكىن تەسلىم بولغان . ئەھمەد توغانخان بىر مەزگىل قىزىل قۇل چۆلىگە قېچىپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىپ، تۇۋا قىلغان . يۇسۇپ قادىرخان ھەر ئىككىسىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنى يەنىلا ئىلىكخان قىلىپ ئىشقا قويغان .

ئەمما يۇسۇپ قادىرخان تارىم ۋادىسىدىن ئايرىلغاندا قۇچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى بىلەن ئۇدۇن ( خوتەن ) خانلىقى ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان . شۇڭا قادىرخان تېزدىن قايتىپ كېلىپ ، 1026 - يىل ئاخىرىغىچە ئىسيانلارنى تىنجىتىپ بولغان . بۇ جەرياندا ئىككى ئۇكىسى يەنە بىر قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن. شۇڭا يۇسۇپ قادىرخان 1027 - يىلى ئوغلى ياغان تېكىننى ( مۇھەممەد بۇغراخان - مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى ) ئەلى تېكىننى تۇتۇشقا ئەۋەتىپ ، ئۆزى بالاساغۇندىكى توغانخاننى ئەسىر ئالغان . شۇنداق قىلىپ ، قاراخانىيلار ئاخىرقى قېتىم پارچىلىنىشتىن ئامان قالغان . ئەلى تېكىن سالجۇقنىڭ نەۋرىسى يۇسۇپبەگنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، سالجۇق ئوغۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان . ئۇندىن باشقا ئۇ غەزنەۋىلەرنىڭ چېگرا ئەمەلدارى ئالتۇنتاشنى چېپىپ تاشلاپ ، ئۆزىگە يەنە بىر ئاۋارىچىلىق تېپىۋالغان. چىقىش يولى قالمىغان ئەلى تېكىن يەنە بىر قېتىم يۇسۇپ قادىرخاندىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلغان . قاغان ئۇنى

كەچۈرۈپلا قالماي، يەنە غەربىي ئىلىكخان قىلىپ قويغان . بۇ ئىلتىپاتتىن قاتتىق خىجىل بولغان ئەلى تېكىن زادىلا يۈز ئۆرۈمەسلىككە قەسەم قىلىپ ، تاكى 1034 - يىلى ۋاپات بولغىچە بىرەر قېتىممۇ چاتاق چىقارمىغان . ئۇ ۋەسىيىتىدە بارلىق ئوغۇللىرىغا ئاغىسى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئورنىغا قاغان بولغان ئوغلى قاغان سۇلايمان ئارسلانخانغا سادىق بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان .

1026 - يىلدىكى بارلىق كىرىزىسلارنى ھەل قىلغاندىن كېيىن ، يۈسۈپ قادىرخان بۇرۇنقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ ، شىمالىي ئىلىكخاننى مەركەز بىلەن باغلاش ئۈچۈن ، ئوغلى مۇھەممەد ياغان تېكىننى ئىلىكخان قىلغان . ئەمما يەنىلا تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئىنساپ قىلىپ ، ئۇلارنى ئىزچىل غەربىي ئىلىكخان قىلىپ ئىشقا قويغان .

« سەمەرقەند كېلىشىمى » بويىچە مەھمۇد غەزنەۋى سالجۇق ئوغۇللىرىنىڭ ئاتامانى ئىسرائىل ئارسلان يابغۇنى ئالداپ ئاپىرىپ تۇتقۇن قىلىپ ، « كالانجىر قەلئەسى » گە قاماپ قويغان . ئۇ يەتتە يىلدىن كېيىن شۇ قەلئەدە ئۆلۈپ كەتكەن . بىردىنلا غەزنەۋىلەر ، غەربىي ئىلىكخان ئەلى تېكىن ۋە ئوغۇزلار ئارىسىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان باشسىز سالجۇق ئوغۇللىرى ئۆز ئىچىدىن توغرۇلبەگ بىلەن چاغرىبەگنى ئاقساقال قىلىپ سايلاپ، دەرھال پايتەخت قەشقەرگە كېلىپ ، يۈسۈپ قادىرخاندىن پاناھلىق تىلىگەن . گەرچە ئۇلار قەشقەردە قادىرخاننىڭ ھىمايىسىدە تۇرسىمۇ، ئەمما ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ساقلاپ ، يەنە پالاكەتكە يولۇقۇشتىن ساقلانغان . قادىرخان ئۇلارنى چاقىرتسا، ئىككى ئاكا - ئۇكا يوقىلاڭ باھانىلەرنى تېپىپ ، بىرى سالامغا كەلسە يەنە بىرى كەلمەيتتى . ھەر ئىككىسىنى تەڭ تۇتۇپ قالالمىغان قادىرخان بىر كۈنى توغرۇلبەگنى تۇتۇپ قالغان . ئاكىسى چاغرىبەگ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ ، دەرھال قەۋمىنى باشلاپ قاچقان . يول ئۈستىدە بىر نەچچە قاراخانىلار شاھزادىسىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ ، ئارقىدىنلا ئەلچى ئەۋەتىپ ، يۈسۈپ قادىرخاندىن ئىنىسى توغرۇلبەگنى قويۇپ بەرسە ، شاھزادىلەرنى قويۇپ بېرىدىغىنىنى ئېيتىدۇ . قادىرخان چاغرىبەگنىڭ زېرەكلىكىگە قول قويۇپ، ئىنىسىنى شەرتلىك قويۇپ بېرىدۇ . توغرۇلمۇ قادىرخانغا قەسەم قىلىپ ، قاراخانىلارغا ئەبەدىي پاراكەندىچىلىك سالمايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بېرىدۇ . ئۇ ئاكىسى بىلەن تېپىشىپلا ، شاھزادىلەرنى يولغا سېلىپ قويىدۇ.

بۇ ۋەقە 1028 - يىلى يۈز بەرگەن ئىكەن . ئۇلار يۈسۈپ قادىرخاندىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ، تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ . چۈنكى ئۇلار بۇرۇن تۇرغان جايلار غەربىي ئىلىكخانلىققا قارايتتى . ئەمدى ئۇلار ئۈچۈن يازدا نۇر ئاتا يايلاقلىرىدا يازلاش ۋە قىشتا« جۇند » تا قىشلاش خەتەرلىك ئىدى . شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ قېتىم مەھمۇد غەزنەۋىدىن بىر پارچە يەر بېرىشنى تەلەپ قىلغان . مەھمۇدمۇ ئۇلارنىڭ قاراخانىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ، ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، دەرھال خارەزمدىن بىر پارچە يەر ئايرىپ بەرگەن . سالجۇق ئوغۇللىرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ، ئەلى تېكىن بىلەن خارەزىم شاھى ، قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتكەن . ئەمما ئەجىلىنىڭ بەكمۇ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىۋالغان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقان . سالجۇق ئوغۇللىرى بۇ قېتىم مۇھەممەد بۇغراخان ( 991 - 1058 ) دىن پاناھلىق تىلىگەن . 1029 - يىلى مەھمۇد دۆلىتىنى ئوغۇللىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەرگەن . شۇ يىلى باھاردا چاغرىبەگ داۋۇتنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان تۇغۇلغان . ئۇ ئوغلىغا بېشىنى سىلاۋاتقان مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئىسمىنى قويغان . دەل شۇ يىلى كۈزدە مەزكۇر بۇغراخانمۇ نەۋرىلىك بولغان . يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭغا « مەھمۇد » دەپ ئىسىم قويغان. ( خۇدا بۇ ئىككى پەرزەنتنى 1072 - يىلى باغداتتا قايتا جەم قىلغان ). چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەھمۇد غەزنەۋى ئاللىبۇرۇن سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى . يۈسۈپ قادىرخان چەۋرىسىنىڭ مەھمۇدتىن ئېشىپ كەتكىدەك ئىستىداتلىق بىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ ، ئۇنىڭغا « مەھمۇد» دەپ ئىسىم قويغان . 1030 - يىلى 29 - ئاپرىل مەھمۇد غەزنەۋى قازا قىلغان.

مەھمۇد غەزنەۋى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تۆت يىلىدا ئىزچىل قاراخانىلار بىلەن ئاباسىيلارنىڭ بىۋاستە ئالاقە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن بولۇپ ، 1025 - يىلى مەھمۇدنىڭ بىرمۇ ئۇنۋانى يوق ئىدى . ئەمما

قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئېلىكخانىنىڭلا خەلىپە تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۇچ ئۇلۇغ مەرتىۋە نامى بار ئىدى . مەھمۇد غەزنەۋى مەينەت ھىلە ئىشلىتىپ ، ئېلىكخانىنى خەلىپە ئالدىدا ئوسال قىلغاندىن كېيىن ، خەلىپىمۇ قاتتىق رەنجىپ ، مەھمۇدقا بىر نەچچە خىل مەرتىۋە نامى ئىنئام قىلغان .ئەمما مەھمۇد قەستەن قاراخانىلاردا يۇز يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان « سۇلتان » ئۇنۋانىنى كەڭ قوللانغان . شۇ سەۋەپتىن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخچىلار ئۇنى تارىختا تۇنجى سۇلتان نامىنى قوللانغان كىشى دەپ يازغان . ئەپسۇس ، تارىختا تۇنجى سۇلتان ئۇنۋانىنى قوللانغان كىشى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىدى . قاراخانىلارنىڭ 950 - يىلدىن بۇرۇنقى تارىخىدىن خەۋەرسىز ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ بۇنى بىلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى . ئۇ ھەتتا قاراخانىلار قاغانلىقىنى شۇنچىلىك كىچىك كۆرسىتىشكە كۆچىگەنكى ، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم تارىخچىلار  پەقەتلا ماۋەرائۇننەھردىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى ئۇز ئىچىگە ئالغان غەربىي ئېلىكخانىلىقنىلا قاراخانىلار شۇ دەپ خاتا تونۇپ كەلگەن . مەھمۇدمۇ مەكتۇپلاردا ئېلىكخانىنى « ۋەزىرىم » دەپ تەشۋىق قىلىپ ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە كەڭ تارقاتقان . ئۇ ھەتتا بايلىقلىرىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۇچۇن قاراخانىلار ئەلچىلىرىنى قارىتىپ قويۇپ ، ئالدىن يۇتكەپ ئاپارغان بايلىقلارنى « سېلىق » تاپشۇرغان سىياقتا قايتۇرۇپ كېلىپ ئالدىغان . ( تەپسىلاتىنى ئالپ ئارسلاننىڭ ۋەزىرى نىزامۇل مۇلك يازغان سىياسەتنامە ناملىق ئەسەردىن ئوقۇۋېلىڭ ) .

مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ يۇقىرىقىدەك خاتالىقلىرى مۇھەممەد بۇغراخانىنى قانداق غەزەپلەندۇرگەن بولسا ، مەھمۇدنىڭ 1026 - يىلدىكى كېلىشىم بويىچە سىڭلىسى زەينەپ خاتۇننى بۇغراخانغا ۋاختىدا ياتلىق قىلمىغانلىقى تېخىمۇ ئوغىسىنى قايناتقان . بۇنى ئۇزىگە ھاقارەت دەپ بىلگەن مۇھەممەد بۇغراخان سالجۇق ئوغۇللىرىنى يۆلەپ ، شۇلار ئارقىلىق غەزنەۋىلەرنى چەكلەش سىياستىنى قوللانغان . بولۇپمۇ 1032 - يىلى 27 - نويابىر ئاتىسى يۇسۇپ قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، غەزنەۋىلەر يېڭى قاغان سۇلايمان ئارسلانخانىنى مەنسىتمىگەن . ئۇنىدىن باشقا 1034 - يىلى ئەلى تېكىن ۋاپات بولغان ھامان ، غەربىي ئېلىكخانلىقتىكى « ئەلى جەمەتى » قايتىدىن ھەرىكەتلىنىپ ، بۇ جايىنى قاغانلىقتىن ئايرىپ چىقماقچى بولغان . بۇ ئەھۋاللار مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ سالجۇق ئوغۇللىرىنى تېخىمۇ يۆلەپ ، ئۇلار ئارقىلىق ھەم غەزنەۋىلەرنى ھەم ئېلىك ناسىرخاننىڭ ئوغلى ئىبراھىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا سەۋەپ بولغان .

تۇركان خاتۇن دەل مۇشۇ ئىبراھىمنىڭ قىزى ئىدى . ئۇنداقتا غەربىي ئېلىكخانلىقنى چوڭ قاغانلىقتىن ئايرىپ چىقىپ ، مۇستەقىل ھۆكۈم سۇرگەن ئىبراھىم بۆرە تېكىن زادى كىم !؟؟

ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئەسلىدە ئېلىك ناسىرنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇ 1013 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ غەربىي ئېلىكخانلىقىغا خاقان بولۇشنى ئويلايتتى . بۇ مەقسەتتە ئۇ 1032 - يىلى يۇسۇپ قادىرخان ۋاپات بولۇشى بىلەنلا ھەرىكەتكە ئۆتكەن . ئەمما ئەلى تېكىننىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە چوڭ قاغانغا سادىق بولۇپ ، خوجەندنى بازا قىلغان ئىبراھىمنى كەسكىن چەكلەپ ، تۇتۇپ زىندانغا تاشلىغان . ئەمما ئىبراھىم قىسقا ۋاقىت ئۆتۈپلا 1033 - يىلى ئۆزكەنتتىكى ئاكىسى مۇھەممەد ( خەلىپە بەرگەن نامى ئەينۇد دۆلەت ) نىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالغان . 1034 - يىلىغا كەلگەندە ئەلى جەمەتىنىڭ كاپالەت بېرىشى بىلەن سۇلايمان ئارسلانخان ئۇنى ئەپۇ قىلغان . ھەتتا ئۇنى « بۆرە تېكىن » ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلاپ ، مەنسەپ بەرگەن . ئەمما ئىبراھىم يەنىلا مەخپىي ھالدا غەربىي ئېلىكخانلىقنى ئايرىپ چىقىش ئۇچۇن پائال ھەرىكەت قىلغان . ئۇنىڭ مەخپىي ھەرىكىتىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد بۇغراخان ئاكىسىغا ھەر ۋاقىت ئىبراھىمنى ۋاختىدا چەكلەش تەكلىپىنى بەرگەن . ئەمما سۇلايمان ئارسلانخان دادىسى يۇسۇپ قادىرخان مىڭ تەستە ساقلاپ قالغان بىرلىكنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۇچۇن ئىبراھىمغا قارشى ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىغان . بۇ خىل ۋەزىيەتتىن غەزنەۋىلەرمۇ پايدىلىنىپ كەتكەن . شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەد بۇغراخان سالجۇق ئوغۇللىرىنى قوراللاندۇرۇپ ، غەزنەۋىلەر ۋە غەربىي ئېلىكخانلىق ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان بىر كۈچ سۇپىتىدەئىشلەتكەن . سالجۇق ئوغۇللىرىمۇ بۇغراخاننىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن تېزدىن ئۆزىنى كۈچەيتىپ ، 1037 - يىلى سەرەخسى دېگەن جايدا مەسئۇت غەزنەۋىنى مەغلۇپ قىلىپ ، تۇنجى خانلىق ئاساسىنى خۇراساندا تىكلىۋالغان . 1036 - 1037 - يىللىرى مەركىزىي ئاسىيادا « بۆرە تېكىن » دەپ شۆھرەت قازانغان زېرەك ئىبراھىم ئېلىكخان دەرھال غەزنەۋىلەر بىلەن مەخپىي ئىتتىپاق تۈزۈپ ، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن

سالجۇقىلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيىسى مۇھەممەد بۇغراخانغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزمەكچى بولۇپ ، 1038 - يىلى 4 - ئاۋغۇست سۇلتان مەسئۇتقا بىر مەكتۇپ يازغان . بىراق غەزنەۋىلەر بۇ چاغدا قاراخانىلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولغاچقا، ئۇچۇق سادا چىقىرالماي ، پەقەت « ئەمىر پازىل » دېگەن نامنى ئىلىكخانغا مەخپىي بېرىپلا جىمىپ كېتىدۇ . بۇنىڭدىن ئۈمۈدسىزلەنگەن ئىبراھىم يەنە بىر قېتىم ئاكىسى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا كەتمەكچى بولىدۇ . بىراق ئەلى تېكىننىڭ ئىلىكخان ئوغۇللىرى ئۇنى شەرقكە( ئۆزكەند) ئۆتكۈزمەيدۇ . شۇڭلاشقا ئۇ ئامالسىز ئۇدۇل جەنۇپقا يۈرۈپ ، « سۇلتان مەسئۇد ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن » دەپ گەپ تارقىتىپ ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خەتەل ۋە تاخارىستانغا كىرىدۇ . ئۇنىڭ تېز سۈرئەتتە ھازىرقى بەدەخشان ۋە تاجىكىستاننى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى كۆرگەن مەسئۇد غەزنەۋى ، ئۇنى خۇراساندا ئوتتۇرىغا چىققان سالجۇق ئوغۇللىرىدىن خەتەرلىك رەقىپ دەپ قاراپ ، 1038 - يىلى 18 - دېكابىر بەلختىن تېرمىزغا قاراپ ئاتلىنىدۇ . بۆرە تېكىن ئۇنىڭغا قارشى غەزنەۋىلەرنىڭ يېڭى رەقىبى سالجۇقىلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ . بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان چاغرىبەگ داۋۇت ئامۇ دەرياسى قىرغاقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە دەرھال زور بىر قوشۇننى خۇراساندىن ياردەمگە ئەۋەتىدۇ . بىردىنلا ئىككى رەقىپ ئارىسىدا يېتىم قالغان سۇلتان مەسئۇد بۆرە تېكىن بىلەن ئەلى تېكىن ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى ماجىرالارنىڭ ئېغىرلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلىپ قالغاندىن ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتا خورىشىنى كۈتۈشنى ئەۋزەل بىلىدۇ . شۇڭا ئۇرۇشمايلا 1039 - يىلى 25 - يانۋار چېكىنىدۇ . بۇنى كۆرگەن بۆرە تېكىن ئۇلارغا ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ ، غەزنەۋىلەرنىڭ خېلى كۆپ ھەربىي ئەشيا ۋە ئات - ئۇلاغلىرىنى ئولجا ئېلىپ بىراقلا كۆچىيىپ كېتىدۇ .

زاماندا تارىخچى بەيھەقى ھىجرىيە 431 - يىلدىكى ( 1040 م ) ۋەقەلەرنى بۆرە تېكىننىڭ ئىلىكخان ئەلى تېكىن ئوغۇللىرى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىلىرى بىلەن باشلىغان . دەرۋەقە ھازىر تېپىلغان تىللا پۇللاردىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ھىجرىيە 431 - يىلى كەش ۋە سەمەرقەندتە قۇيۇلغان پۇللاردا ئىبراھىم بۆرە تېكىننىڭ نامى ئويۇلغان بولۇپ ، بەيھەقىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرىنى تولۇق تەستىقلىماقتا . بۇ پۇللاردىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا بۆرە تېكىن 432 - يىلى ( 1041 - يىلى ) بۇخاراغا كىرگەن. بۇ دېگەنلىك ئۇنىڭ غەربىي ئىلىكخانلىقنى قولغا ئالغىنىدىن دېرەك بېرەتتى . بۇ جەرياندا شىمالدا ئوغۇزلاردىن جەنۇپتا غەزنەۋىلەرگىچە، شەرقتە قارلۇقلاردىن غەرپتە سالجۇقىلارغىچە ھەر قايسى كۈچلەر ئەلى تېكىن ئەۋلادلىرى ۋە بۆرە تېكىن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا تەرەپ تۇتۇپ قاتنىشىپ ، بۇ ئۇرۇشتىن ئۆزلىرىمۇ كۆپرەك مەنپەئەت ئالماقچى بولۇشقان . ئەمما ئاخىرىدا بۆرە تېكىن تەرەپدارلىرى ئۈتۈپ چىققان . غەلىتە يېرى ، بۆرە تېكىن غەربىي ئىلىكخانلىقنى قولغا ئېلىپ كۈچىيىپ كېتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشلىرى بىراقلا ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىبىگە ئايلىنىپ قالغان .

ئۇنداقتا قاراخانىلار قاغانلىرىدىن سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخانلار بۇ جەرياندا نېمە ئىشلار بىلەن بەند بوپقالغان !؟؟

ھەممىگە مەلۇمكى ، 1018 - يىلى قاراخانىلار قولىدا ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ ، بىردىنلا سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى شىمالىي ئاسىيانىڭ خوجىلىقىدىن ئۇيغۇرلارغا قارام ئەلگە ئايلىنىپ قالغان قىتان ( خىتاي ) خانلىقى( 907 -1124) ھەر ۋاقىت قاراخانىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ 1026 - يىلى بىر مەلىكىسىنى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىپ ، غەزنەۋىلەرگە مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ ، قاراخانىلارغا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش پىلانى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئالتايدىكى مۇسۇلمان بولمىغان يەمەكلەر ۋە ياباقۇلارنى قاراخانغا قارشى چوڭ ئىسيان چىقىرىشقا قۇترىتىپ كەلگەن . بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاراخاننىڭ كۈچىدىن ئەيمىنىپ جۈرئەت قىلالمىغان . 1037 - يىلدىن بېرى باشلانغان بۆرە تېكىن مالىمانچىلىقى ۋە سالجۇق ئوغۇللىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئېلىپ كەلگەن داۋالغۇش ئاخىرى ئۇلارغا ئىسيان كۆتۈرۈش پۇرستى ئېلىپ كەلگەن . 1038 - يىلىنىڭ بېشىدىلا ئالتايدا قىتانلارنىڭ قوللىشىدا كەڭ كۆلەمدە ئىسيان چىققان . 1040 - يىلى ۋەزىيەت قولدىن چىقىپ كەتكەن . ئىبراھىم بۇنى پۇرسەت بىلىپ ،

ئىككى يىل ئىچىدىلا ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پارچىلاپ ، ھۇجۇم قىلىپ يۇرۇپ ، ئاخىرىدا ئۇلارنى ھوقۇقلىرىدىن تولۇق مەھرۇم قىلغان . سۇلايمان ئارسلانخان ئالتايدىكى ئىسيانىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرىتېكىننى چوڭ قوشۇنغا باش قىلىپ ئەۋەتكەن . بۇغراخان بىر ئاي ئىچىدىلا تۇيۇقسىز ئالتايدا پەيدا بولۇپ ، چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلىپ ، **1040** - يىلى **11** - ماي ئىسيانچىلارنى تولۇق تارمار قىلىپ، ياباقۇلار ئاقساقىلى بۇدراچقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن . مەھمۇد كاشغەريي دىۋاندا بۇ ھەقتە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ مەنزىرىنى تەپسىلىي سۈرەتلەپ بەرگەن . ئارىدىن دەل **12** كۈن ئۆتۈپ ، غەربىي چېگرادا يەنە بىر تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن . **1040** - يىلى **23** - ماي سالجۇق ئوغۇللىرى قوشۇنلىرى چاغرىبەگ ۋە توغرۇلبەگنىڭ قوماندانلىقىدا مەھمۇد غەزنەۋى ئوغلى سۇلتان مەسئۇدنى داندانقان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن غەزنەۋىلەر خۇراسان ۋە ئىراننى سالجۇقلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، سالجۇقلارنىڭ بۇ جايلاردىكى نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن سۇلتان مەسئۇد دەرھال قاراخانىلار خاقانى سۇلتان سۇلايمان ئارسلانخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان. ئارسلانخان غەربىي ئىلىكخانغا تېزدىن مەسئۇدقا ھەمدەمدە بولۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە سالجۇقلار ئەڭ تەپتارتىدىغان مۇھەممەد بۇغراخان زور قوشۇن بىلەن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا ، ئاكا - ئۇكا سالجۇقلار سۇلتان مەسئۇدقا يەنىمۇ زەربە بېرىشكە پېتىنالماي، ئاساسلىق دىققىتىنى ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە ۋە ئاناتولىيە تەرەپلەرگە قارىتىشقا مەجبۇر بولغان .

## 2 . داندانقان ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەركىزىي ئاسىيادا كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى

**1040** - يىلدىكى داندانقان ئۇرۇشىدا سالجۇقلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ، ئىبراھىم بۆرە تېكىننىڭ قاغان بولۇش ئىستىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى . ئۇ **1041** - يىلى بۇخارانى قولىغا ئېلىپلا، « ناسىرۇل ھەق » ، « مۇئەييىدۇل ئەدلى خاقان ئىبراھىم » دەپ پۇل قويدۇرغان. « مۇئەييىدۇل ھەق » ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسى ئىلىك ناسىرخاننىڭ مەرتىۋە نامى بولۇپ ، بۇ ئارقىلىق دادىسىنىڭ ئورنىغا مىراسخور بولغانلىقىنى ئىشارەت قىلسا ، ئەلى تېكىن ئوغۇللىرى ئۇستىدىن قىلغان غەلىبىسىگە قارىتا خەلىپىدىن « ناسىرۇل ھەق » ئۇنۋانى ئالغان . بۇ ئېنىقلا ئۇنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىغىنى ئىدى . مۇھەممەد بۇغراخان ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغاندا ، سۇلايمان ئارسلانخان توسۇپ قويغان . داندانقان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان مەسئۇد غەزنەۋىمۇ قەشقەرگە زور ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ، سالجۇقلارغا قارشى ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان . ئۇ ھەتتا دادىسى مەھمۇد **1026** - يىلدىن بېرى ئىجرا قىلىشقا ئۈنىمىغان « زەينەپ خاتۇننى ياغان تېكىنگە ياتلىق قىلىش » **مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلىپ ، ھامىسى زەينەپ خاتۇننى مۇھەممەد بۇغراخانغا **14** يىل كېچىكىپ ياتلىق قىلماقچى بولغان . مۇھەممەد بۇغراخان غەزنەۋىلەرگە ھەربىي ياردەم بېرىشكە قەتئىي قارشى تۇرغان . چۈنكى ئۇ مەزكۇر پاجىئەنى ئەسلىدە مەھمۇد غەزنەۋى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايتتى . مەھمۇدنىڭ ئەينى چاغدا يۈسۈپ قادىرخان ۋە قاراخانىلارغا قانداق شۇملۇقلارنى قىلغانلىقىنى يەنىلا مۇھەممەد بۇغراخان ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ئاكىسىغا بۇ مەسىلىدە يول قويمىغان . ئۇ ھەتتا زەينەپ خاتۇننى قوبۇل قىلىشنىمۇ خالىمىغان. ئەمما سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوسال ھالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ نائىلاج قوبۇل قىلغان . ئۇ خوتۇندىن ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغۇللۇق بولغان . مانا مۇشۇ شۇم خوتۇن **1058** - يىلى ھۈسەيىن بۇغراخان ( مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دادىسى ) نىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمىدا قاراخانىلارنىڭ بارلىق قاغانلىرى ، شاھزادىلىرى ۋە ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ ، **17** ياشلىق ئوغلىنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن . بۇ ۋەقە سالجۇقلارنىڭ تاۋغاچ بۇغراخان ئىبراھىمغا ئۇدا ھۇجۇم قىلىپ ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھامىيلىقىنى قاراخانىلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا سەۋەپ بولغان.

غەزنەۋىلەر ، بۆلۈنگەن غەربىي ئىلىكخانلىق ۋە سالجۇقلار مەسىلىسىنى لايىقىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن سۇلايمان ئارسلانخان ھىجرىيە **433** - يىلى ( **1042** م ) قەشقەردە پەۋقۇلئاددە چوڭ قۇرۇلتاي ئاچقان . مەزكۇر قۇرۇلتايدا مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا بىرلىكنى بۇزماسلىق ، تاشقى دۈشمەنلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك قارار قىلىنىپ ، ئىبراھىم بۆرە تېكىن بىلەن ئاكىسى مۇھەممەد بۆرە تېكىننىڭ غەربىي ئىلىك-

خانلىقتىكى نوپۇزى ئېتىراپ قىلىنغان . ئىبراھىممۇ جاۋابەن چوڭ قاغانلىقنى ئەسلا تالاشمايدىغانلىقى ، ھازىرقى ئورنىغا قانائەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەن. شۇڭا ئۇ قۇرۇلتايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، تېخىچە تەن بەرمىگەن ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىنى سۈرۈپ چىقىرىپ ، ئۆزىنى پەقەت « تابغاچ بۇغراخان » يەنى ، چوڭ قاغانغا تەۋە بۇغراخان دەپلا ئاتىغان . تۈرك قەۋملىرى ئۇنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ ، « تاۋغاچ ، تامغاچ، تافغاچ » دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن .(ب ، م ، ۋ ، ف ھەرپلىرى ھەممىسى كالپۇك ھەرپلىرى. مەنە ئوخشاش ).

شۇنداق قىلىپ ، ئەسلىدە قوشما قاغانلىق تۈزۈمى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەن قاغانلىقتا ئۈچىنچى دەرىجىلىك قاغان نامى پەيدا بولغان. غەربىي ئىلىكخانلىق مەسىلىسىدىن باشقا غەزنەۋىلەر مەسىلىسىدە ئۇلارنى قوللاش قارار قىلىنغان . سالجۇقىلارغا قارىتا ، ئۇلار غەربىي ئىلىكخانلىق ۋە غەزنەۋىلەرگە ئۇرۇش ئاچمىسىلا ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرىش قارار قىلىنغان. بۇمۇ سالجۇقىلارنىڭ تاكى 1059 - يىلغىچە غەربىي ئىلىكخانلىقتا ، 1089 - يىلغىچە چوڭ قاغانلىقتا قول سالالماسلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر .

داندانقان ئۇرۇشىدىن كېيىن ، سالجۇقىلار ئاخىرى غەزنەۋىلەر ۋە غەربىي قاراخانىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن . ئەمما بۈيۈك ( شەرقىي) قاراخانىلار تاكى 1089 - يىلغىچە سالجۇقىلارنى پەقەت ئۆزلىرى يۆلەپ مەيدانغا چىقارغان كۈچ دەپ تونۇپ كەلگەن . پەقەت 1089 - يىلىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ھىمايە قىلغۇچى چوڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان . سالجۇقىلارمۇ تاكى 1058 - يىلى يازدا سۇلايمان ئارسلانخان ۋە مۇھەممەد بۇغراخانلار ۋاپات بولغىچە بولغان يىگىرمە يىلدا غەربىي قاراخانىيلارغا چېقىلالمىغان . چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇسۇپ قادىرخانغا جان قەرزى ، مۇھەممەد بۇغراخانغا ئادىمىگەرچىلىك قەرزى بار ئىدى . ئۇلار بىراقلا ۋاپات بولۇشى بىلەنلا سالجۇقىلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربىي قاراخانىيلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان . بۇ ۋاقىتتا چوڭ قاغانلىقنىڭ ھالى خاراپ بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ، تاۋغاچخان 1057 - يىلى يۈز بەرگەن ئىككى قاغان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە 1058 - يىلدىكى سۈيقەستتىن پايدىلىنىپ، قاغانلىقتا قاراشلىق ئۆزكەند ، ئاخسىكەند ، خوجەند، تۇنكەنت ، مىڭكەنت ، ئىسپىجاپ، شاش، ھەتتا قوشۇمچە پايتەخت « قۇز ئوردۇ - بالاساغۇن » نى ئىشغال قىلىۋالغان بولۇپ ، ئىبراھىم تابغاچ بۇغراخان سالجۇقىلارغا ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرالماي ، نائىلاج ئابباسىيلار خەلىپىسى قائىم بىئەمرىللا ( 1001 - 1075)غا ھىجرىيە 453 - يىلى ( 1061 م ) سالجۇقىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان . بىراق 1031 - يىلدىن بېرى خەلىپە بولۇۋاتقان ، 1055 - يىلى سالجۇقىلارنى باغداتقا ئۆزى چاقىرىپ كەلگەن خەلىپە سالجۇقىلارغا بۇ ھەقتە پەقەت « نەسىھەت » قىلالىغان . ئەمەلىي تەدبىر قوللىنالمىغان . نەتىجىدە سالجۇقىلارنىڭ ئۇدا سالغان تەھدىتلىرىنى توسىيالمىغان ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخان ئاخىرى يېڭى تەختكە چىقىپ، ئۆزىگە دوستلۇق ئىزھار قىلىۋاتقان ئالپ ئارسلاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئەمدىلا 9 ياشقا كىرگەن ئوغلى مەلىكشاھقا 1064 - يىلى 11 ياشقا توشقان قىزى تۈركان خاتۇننى نىكاھلاپ بېرىپ تۇققاندارچىلىق ئالاقىسى ئورنىتىدۇ . بىراق سۇلتان ئالپ ئارسلان ھەر جەھەتتىن ھاكىمىيەت ئاساسىنى پۇختىلاپ بولۇپلا ، يەنە بېسىپ كېلىپ ، غەربىي قاراخان تەۋەسىنى ئۆزىگە بېقىندۇرماقچى بولىدۇ . ھەر ئىككى قېرىنداش تەرەپ ئۆتۈپ چىقالمىغان بۇ سۈركىلىش 1068 - يىلى تاۋغاچ ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ پالەچ بولۇپ قازا قىلىشى ۋە 1072 - يىلى ئالپ ئارسلاننىڭ ئامۇ دەرياسى بويىدا پىچاق يەپ قازا قىلىشى بىلەن بىر مەھەل ئاخىرلاشقان.

## زەينەپ خاتۇن:

زەينەپ خاتۇن مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ سىڭلىسى ، مەسئۇت غەزنەۋىنىڭ ھاممىسى . 1026 - يىلدىكى سەمەرقەند كېلىشىمى بويىچە ئەسلىدە ياغان تېكىنگە ياتلىق قىلىنماقچى ئىدى. بىراق كېيىن مەھمۇد غەزنەۋى ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، ياغان تېكىننىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. 1040 - يىلى 23 - ماي غەزنەۋىلەر سالجۇقىيلارنىڭ قولىدا « داندانقان» ئۇرۇشىدا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، قاراخانىيلاردىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان. مۇھەممەد بۇغراخان ئاكىسى بىلەن بۇ مەسىلىدە يېرىكلىشىپ قالغان. زەينەپ شۇ قېتىمقى ئەلچىلەر بىلەن ئەۋەتىلىپ، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ توقلى بولغان. ئۇنىڭدىن ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇلغان. بۇ خوتۇنمۇ ئوغلى بىلەن بىللە 1059 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

يۇسۇپ قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، **1037** - يىلى سالجۇقىيلار باش كۆتۈرۈپ، غەزنەۋىلەرنى **1040** - يىلى داندانقان ئۇرۇشىدا يېڭىۋېتىپ، شەرقىي ئىران ، ئافغانىستان ۋە غەربىي ئىلكخانلىق تەۋەلىرىدە جىددىيچىلىك پەيدا قىلغان . غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقىيلار ئارىسىدىكى سۈركىلىشتە قايسى تەرەپتە تۇرۇش شۇنداقلا ئىچكى جەھەتتىكى « ھەسەن جەمەتى » بىلەن « ئەلى جەمەتى » ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە تاشقى دىپلوماتىيە جەھەتتىكى پىكىر ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ، **1041** - يىلى بىر پۈتۈن ھەيۋەتلىك قاراخانىلار خاقانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ . بۇ ھادىسىلەر ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن يۇسۇپ خاس ھاجىپقا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ئۇ قەشقەردە ئالىي بىلىم يۇرتىدا تەلىم ئېلىۋاتقانىدى . بۇ بۆلۈنۈش ئاز كەلگەندەك **1056** - **1057** - يىللىرى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ قاغانى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخان ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ . ئاخىرىدا ئىنىسى غالىپ كېلىپ، پايتەختنى قەشقەرگە قايتىدىن كۆچۈرۈپ، **15** ئاي ھۆكۈم سۈرۈپ ، **1058** - يىلى مايدا سەلتەنەتنى دانىشمەن چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېكىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . بىراق بۇ قارارغا نارازى بولغان توقىلى زەينەپ خاتۇن ** تەختكە چىقىش زىياپىتى كۈنى قاراخانىلارنىڭ بارلىق خان جەمەتى ئەزالىرى ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . نەتىجىدە باغداتنى بېسىپ ياتقان سالجۇقىيلار جانلىنىپ كېتىپ، بارا - بارا تۈرك - ئىسلام دۇنياسىدا قاراخانىلارنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ تەسىرى تاكى **1069** - يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان تاغىسى مەھمۇد توغرۇل قاراخان بىلەن قاغانلىقتا قايتا تەرتىپ ئورناتقۇچە داۋام قىلىدۇ . **16** يىللىق سىياسىي مالىمانچىلىق تەخت ۋارىسى مەھمۇد كاشغەرىينىمۇ ئۆز ئېلىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلايدۇ . بوۋىمىز مەھمۇد تەختنى دەپ داۋاملىق قان تۆكۈپ ، ئىچكى ئۇرۇش قىلىشنى خوپ كۆرمەستىن ھەققىدىن ۋاز كېچىپ ، مۇساپىرلىق، بىلىم ئىگىلەش ۋە دۆلىتىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇشتىن ئىبارەت مۈشكۈل يولنى تاللايدۇ . يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەشقەردە **1069** - يىلى ساقلىغا ئاق كىرگەن **50** يېشىدا يېزىشقا باشلاپ، **1072** - يىلى دەسلەپكى نۇسخىسىنى پۈتتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەنىۋى مەركىزى باغداتتا شاھزادە مەھمۇدمۇ تۈرك تىللىرى دىۋانىنى يېزىشقا باشلايدۇ . يۇسۇپ خاس ھاجىپ شاھانە پەلسەپىۋى ئەسەر قۇتادغۇبىلىگنى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە ** بوۋىمىز مەھمۇد يەنە بىر شاھانە يېتۈك ئەسەر دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركنى ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ئىزباسارى بولغان ۋەلىئەھدىسىگە تەقدىم قىلىدۇ .

قۇتادغۇبىلىگ مانا مۇشۇنداق قىيىن تارىخىي شارائىت ئاستىدا يورۇق كۆرگەن بولۇپ ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىر پۈتۈن خاقانلىقنىڭ بۆلۈنۈشى ، ھۆكۈمدارلارنىڭ رولى ، ئاۋامنىڭ تەقدىرى ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى قاتارلىق كۆپلىگەن سىياسىي ،  ھەربىي ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە باشقا مۇھىم ساھەلەردە قانداق قىلغاندا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىستىقبالىنى قوغداپ قالغىلى ، ھەر ۋاقىت كۈچلۈك ۋە ئادالەتپەرۋەر بولۇپ ، ئۇزۇن مەزگىل سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار توغرىلىق چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ، **50** يىللىق ھاياتىدا ھېس قىلغان تۇيغۇلىرى ، يېڭىچە تەپەككۇرلىرى ، ئۈمۈدلىرى ۋە ئىدىيەلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن .

**1040** - يىلدىكى داندانقان ئۇرۇشىدا سالجۇقىلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ، ئىبراھىم بۆرە تېكىننىڭ قاغان بولۇش ئىستىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى . ئۇ **1041** - يىلى بۇخارانى قولىغا ئېلىپلا، « ناسىرۇل ھەق » ، « مۇئەييىدۇل ئەدلى خاقان ئىبراھىم » دەپ پۇل قويدۇرغان. «مۇئەييىدۇل ھەق » ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسى ئىلىك ناسىرخاننىڭ مەرتىۋە نامى بولۇپ ، بۇ ئارقىلىق دادىسىنىڭ ئورنىغا مىراسخور بولغانلىقىنى ئىشارەت قىلىسا ، ئەلى تېكىن ئوغۇللىرى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىگە قارىتا خەلىپىدىن « ناسىرۇل ھەق » ئۇنۋانى ئالغان . بۇ ئېنىقلا ئۇنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىغىنى ئىدى . مۇھەممەد بۇغراخان ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغاندا ، سۇلايمان ئارسلانخان توسۇپ قويغان . داندانقان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان مەسئۇد غەزنەۋىمۇ قەشقەرگە زور ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ، سالجۇقىلارغا قارشى ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان . ئۇ ھەتتا دادىسى مەھمۇد **1026** - يىلدىن بېرى ئىجرا قىلىشقا ئۇنىمىغان « زەينەپ خاتۇننى ياغان تېكىنگە ياتلىق قىلىش » مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلىپ ، ھامىسى زەينەپ خاتۇننى مۇھەممەد بۇغراخانغا **14** يىل كېچىكىپ ياتلىق قىلماقچى بولغان .مۇھەممەد بۇغراخان غەزنەۋىلەرگە ھەربىي ياردەم  بېرىشكە قەتئىي  قارشى  تۇرغان . چۈنكى  ئۇ  مەزكۇر

پاجىئەنى ئەسلىدە مەھمۇد غەزنەۋى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايتتى . مەھمۇدنىڭ ئەينى چاغدا يۈسۈپ قادىرخان ۋە قاراخانىلارغا قانداق شۇملۇقلارنى قىلغانلىقىنى يەنىلا مۇھەممەد بۇغراخان ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ئاكىسىغا بۇ مەسىلىدە يول قويمىغان . ئۇ ھەتتا زەينەپ خاتۇننى قوبۇل قىلىشنىمۇ خالىمىغان. ئەمما سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوسال ھالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ نائىلاج قوبۇل قىلغان . ئۇ خوتۇندىن ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغۇللۇق بولغان . مانا مۇشۇ شۇم خوتۇن 1058 - يىلى ھۈسەيىن بۇغراخان ( مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دادىسى ) نىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمىدا قاراخانىلارنىڭ بارلىق قاغانلىرى ، شاھزادىلىرى ۋە ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ ، 17 ياشلىق ئوغلىنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن . بۇ ۋەقە سالجۇقىلارنىڭ تاۋغاچ بۇغراخان ئىبراھىمغا ئۇدا ھۇجۇم قىلىپ ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھامىيلىقىنى قاراخانىلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا سەۋەپ بولغان.

غەزنەۋىلەر ، بۆلۈنگەن غەربىي ئىلىكخانلىق ۋە سالجۇقىلار مەسىلىسىنى لايىقىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن سۇلايمان ئارسلانخان ھىجرىيە 433 - يىلى ( 1042 م ) قەشقەردە پەۋقۇلئاددە چوڭ قۇرۇلتاي ئاچقان . مەزكۇر قۇرۇلتايدا مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا بىرلىكنى بۇزماسلىق ، تاشقى دۈشمەنلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك قارار قىلىنىپ ، ئىبراھىم بۆرە تېكىن بىلەن ئاكىسى مۇھەممەد بۆرە تېكىننىڭ غەربىي ئىلىكخانلىقتىكى نوپۇزى ئېتىراپ قىلىنغان . ئىبراھىممۇ جاۋابەن چوڭ قاغانلىقنى ئەسلا تالاشمايدىغانلىقى ، ھازىرقى ئورنىغا قانائەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەن. شۇڭا ئۇ قۇرۇلتايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، تېخىچە تەن بەرمىگەن ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىنى سۈرۈپ چىقىرىپ ، ئۆزىنى پەقەت « تابغاچ بۇغراخان » يەنى ، چوڭ قاغانغا تەۋە بۇغراخان دەپلا ئاتىغان . تۈرك قەۋملىرى ئۇنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ ، « تاۋغاچ ، تامغاچ » دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن ( ب ، م ، ۋ ، ھەممىسى كالپۇك ھەرپلىرىدۇر ). شۇنداق قىلىپ ، ئەسلىدە قوشما قاغانلىق تۈزۈمى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەن قاغانلىقتا ئۈچىنچى دەرىجىلىك قاغان نامى پەيدا بولغان. غەربىي ئىلىكخانلىق مەسىلىسىدىن باشقا غەزنەۋىلەر مەسىلىسىدە ئۇلارنى قوللاش قارار قىلىنغان . سالجۇقىلارغا قارىتا ، ئۇلار غەربىي ئىلىكخانلىق ۋە غەزنەۋىلەرگە ئۇرۇش ئاچمىسىلا ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرىش قارار قىلىنغان. بۇمۇ سالجۇقىلارنىڭ تاكى 1059 - يىلغىچە غەربىي ئىلىكخانلىقىقا ، 1089 - يىلغىچە چوڭ قاغانلىققا قول سالالماسلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر .

داندانقان ئۇرۇشىدىن كېيىن ، سالجۇقىلار ئاخىرى غەزنەۋىلەر ۋە غەربىي قاراخانىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن . ئەمما بۈيۈك ( شەرقىي) قاراخانىلار تاكى 1089 - يىلغىچە سالجۇقىلارنى پەقەت ئۆزلىرى يۆلەپ مەيدانغا چىقارغان كۆچ دەپ تونۇپ كەلگەن . پەقەت 1089 - يىلىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ھىمايە قىلغۇچى چوڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان . سالجۇقىلارمۇ تاكى 1058 - يىلى يازدا سۇلايمان ئارسلانخان ۋە مۇھەممەد بۇغراخانلار ۋاپات بولغىچە بولغان يىگىرمە يىلدا غەربىي قاراخانىيلارغا چېقىلالمىغان . چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈسۈپ قادىرخانغا جان قەرزى ، مۇھەممەد بۇغراخانغا ئادىمگەرچىلىك قەرزى بار ئىدى . ئۇلار بىراقلا ۋاپات بولۇشى بىلەنلا سالجۇقىلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربىي قاراخانىيلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان . بۇ ۋاقىتتا چوڭ قاغانلىقنىڭ ھالى خاراپ بولغاننىڭ ئۈستىگە ، تاۋغاچخان 1057 - يىلى يۈز بەرگەن ئىككى قاغان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە 1058 - يىلدىكى سۈيقەستتىن پايدىلىنىپ، قاغانلىققا قاراشلىق ئۆزكەند ، ئاخسىكەند ، خوجەند، تۈنكەنت ، مىڭكەنت ، ئىسپىجاپ، شاش، ھەتتا قوشۇمچە پايتەخت « قۇز ئوردۇ - بالاساغۇن » نى ئىشغال قىلىۋالغان بولۇپ ، ئىبراھىم تابغاچ بۇغراخان سالجۇقىلارغا ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرالماي ، نائىلاج ئابباسىيلار خەلىپىسى قائىم بىئەمرىللا ( 1001 - 1075)غا سالجۇقىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان . بىراق 1031 - يىلدىن بېرى خەلىپە بولۇۋاتقان ، 1055 - يىلى سالجۇقىلارنى باغداتقا ئۆزى چاقىرىپ كەلگەن خەلىپە سالجۇقىلارغا بۇ ھەقتە پەقەت « نەسىھەت » قىلالىغان . ئەمەلىي تەدبىر قوللىنالمىغان . نەتىجىدە سالجۇقىلارنىڭ ئۇدا سالغان تەھدىتلىرىنى توسيالمىغان ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخان ئاخىرى يېڭى تەختكە چىقىپ، ئۆزىگە دوستلۇق ئىزھار قىلىۋاتقان ئالپ ئارسلاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن ئوغلى مەلىكشاھقا 1064 - يىلى 11 ياشقا توشقان قىزى تۈركان خاتۇننى نىكاھلاپ بېرىپ تۇغقاندارچىلىق ئالاقىسى ئورنىتىدۇ . بىراق سۇلتان ئالپ ئارسلان ھەر جەھەتتىن ھاكىمىيەت ئاساسىنى پۇختىلاپ بولۇپلا ، يەنە بېسىپ كېلىپ ، غەربىي قاراخان تەۋەسىنى ئۆزىگە بېقىندۇرماقچى بولىدۇ . ھەر ئىككى قېرىنداش تەرەپ ئۆتۈپ چىقالمىغان بۇ سۈركىلىش 1068 - يىلى تاۋغاچ ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ پالەچ بولۇپ قازا قىلىشى ۋە 1072 - يىلى

ئالپ ئارسلاننىڭ ئامۇ دەرياسى بويىدا پىچاق يەپ قازا قىلىشى بىلەن بىر مەھەل ئاخىرلاشقان.

## 3 . تۇركان خاتۇننىڭ دەسلەپكى ھاياتى ۋە قاراخانىلار - سالجۇقىلار مۇناسىۋىتى

نوپۇزلۇق تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، غەربىي قاراخانىلارنىڭ قۇرغۇچىسى ئىبراھىم بۆرە تېكىن ھىجرىيە 444 - يىلى ( 1052 م) ئاكىسى « ئەينۇد دۆلەت مۇھەممەد » ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، رەسمىي ھالدا غەربىي قىسىم قاغانلىقىنىڭ يەككە ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالغان . ئۇنىڭ خوتۇنى كېيىنكى يىلى ، يەنى 1053 - يىلى بىر قىز تۇغقان . تاۋغاچ بۇغراخان بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى « تۇركان » دەپ قويغان . بەزى تارىخىي مەنبەلەردە « تۇركان » ئىسمى تۇنجى قېتىم سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان . يەنە بەزى تارىخچىلار « تۇركان » نامىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن . ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخان « ئەلى جەمەتى » دىن چىققان ھۆكۈمدار بولۇپ ، دادىسى ئىلىك ناسىرخان دەل شۇ ئەلى جەمەتىنىڭ ئاتىسى « سەئىد ئەلى ئارسلانخان » نىڭ ئوغلى ئىدى. ئارسلانخان مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى . ئەمما چوڭ قاغان سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن نائىب قاغان مۇھەممەد بۇغراخان « ھەسەن جەمەتى » دىن چىققان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ دادىسى يۇسۇپ قادىرخان دەل ئاشۇ مەشھۇر ھەسەن جەمەتىنىڭ ئاتىسى « ھارۇن (1-ھەسەن) بۇغراخان » نىڭ ئوغلى ئىدى . ھارۇن بۇغراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ، ئۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى .

يۇسۇپ قادىرخان « ئەلى جەمەتى » نىڭ 1000 - 1030 - يىللاردىكى خاتالىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇلارنى مەركىزىي خاقانىيە ئۆلكىسى ۋە شىمالىي ئىلىكخانلىق تەۋەسىدىن غەربىي ئىلىكخانلىق تەۋەسىگە سۈرۈۋەتكەن ئىدى . چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر بولغاچقا، ئۇچ رەقىپ جايلاشقان غەربىي چېگرانى ئۇلارغا ھاۋالە قىلىش دانالىق ئىدى . ئەمما يۇسۇپ قادىرخاندىن كېيىن ، باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش يېتەرلىك بولمىغاچقا ، ئەلى جەمەتىدىن كېلىپ چىققان خانزادىلەردىن مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم غەربىي ئىلىكخان تەۋەسىنى مۇستەقىل قىلىپ ئايرىپ چىققان . شۇندىن بېرى « ئەلى جەمەتى » 1042 - يىلدىن تاكى 1212 - يىلغىچە ئىزچىل غەربىي قىسىمغا ، « ھەسەن جەمەتى » 999 - يىلدىن تاكى 1212 - يىلغىچە ئىزچىل قىرغىزىستان ، تاجىكىستان ، قازاقىستان ، ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق مەركىزىي قىسىمغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغان . ئۇلارنىڭ قارمىقىدا يەنە قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى ۋە قىتان خانلىقى قاتارلىق قارام ئەللەر بار ئىدى .

تۇركان خاتۇن ئىسمى - جىسمىغا لايىق تۇركان بولۇپ چوڭ بولغان . ئۇ كىچىك ۋاختىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشىدا ، كېلەچەكتە جاھاننى تىترەتكىدەك تالانت ئىگىسى بولۇپ ئۆسكەن . ئاتا - بالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوخشىتىش زۇرۇر بولسا ، ئۇلار تارىختىكى ئەجداتلىرى بولغان ئالپ ئەرتۇڭا قاغان بىلەن قىزى قاز خاتۇنغا ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن . بىرلا پەرقى قاز خاتۇن ھاكىمىيەتكە ئارىلاشمىغان . ئەمما تۇركان خاتۇن غايەت زور دۆلەتنى ئۆزى تەنها قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغان .

تۇركان خاتۇننىڭ 11 يېشىدىلا سالجۇقىلارنىڭ 9 ياشلىق شاھزادىسىگە ئۆيلەندۇرۇلۇش ئىشىغا كەلسەك ، ئەسلىدە 1040 - يىلدىن بۇيان ئۆز ئارا رەقىپلەرگە ئايلىنىپ ، 1058 - يىلدىن بېرى كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان غەربىي قاراخانىلار بىلەن سالجۇقىلار 1064 - يىلغا كەلگەندە بىردىنلا رەقىپلەردىن ئىتتىپاقداشلارغا ئايلىنىپ قالدى . چۈنكى سۇلتان توغرۇلبەگ 1063 - يىلى 12 - سېنتەبىر جۈمە ( ھىجرىيە 455 - يىلى رامىزاننىڭ 18 - كۈنى ) تۇيۇقسىز قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ۋەزىرى ۋەسىيىتى بويىچە چاغرىبەگ داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايماننى سۇلتان قىلىپ تىكلىدى . ئۇنىڭ ئانىسى شۇ چاغدا توغرۇلبەگنىڭ نىكاھىدا ئىدى . ئەمما ئاۋام - خەلق چاغرىبەگنىڭ يەنە بىر جەسۇر ئوغلى ئالپ ئارسلان مۇھەممەدنى قوللاپ سۇلتان قىلىپ تىكلىدى . ئەمما ھەر قايسى جايلاردىكى سالجۇقىلار خانزادىلىرى ئۇنى ئېتىراپ قىلماي ئۇرۇش ئېلان قىلغان . يېتىم قالغان ئالپ ئارسلان دەرھال بىر تەرەپتىن شەرقتىكى كۈچلۈك خوشنىسى ئىبراھىم بۇغراخان بىلەن يارىشىپ ،

كۇيئوغۇل قىلىپ ، كەلگۈسىدە ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قىيىن كۈندە قالماسلىقى ئۈچۈن ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن . بۇغراخانمۇ بۇنى ماقۇل كۆرۈپ ، ئارزۇلۇق قىزىنى 1064 - يىلى ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى مەلىكشاھقا ياتلىق قىلغان . ( مەلىكشاھ 1055 - يىلى 16 - ئاۋغۇست تۇغۇلغان ). ئالپ ئارسلانخانمۇ بىر قىزىنى بۇغراخاننىڭ ئوغلى « شەمسۇل مۇلۇك ناسىر » غا ياتلىق قىلىپ كۇيئوغۇل قىلىنۋالغان . شۇنداق قىلىپ مۇشۇ قايچا قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئالپ ئارسلاننىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى تېز سۈرئەتتە تىنجىتىپ ، سالجۇقلار سەلتەنىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان . لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇلتان ئالپ ئارسلان غەربىي قاراخانىلارنى بېقىندۇرۇش ئۇرۇشىنى قايتا قوزغىغان . ئۇ 1066 - يىلى ئاستانە مەرۋىدىن ئاتلىنىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ئۇلۇغ بوۋىسى « سالجۇق » نىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش باھانىسىدە ئەسكەر تارتىپ ، جۇند قا يېتىپ كەلگەن . سالجۇق مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان بولۇپ ، بۇ يەر ئەسلىدە ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخانغا قاراشلىق جاي ئىدى. بىراق بۇ قېتىم سۇلتان ئالپ ئارسلان بۇ جاينى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ ، ئۆرگەنچ ئارقىلىق ئايلىنىپ ، قايتا مەرۋىگە قايتىپ كەلگەن . بۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم بۇغراخان شەرقتە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى هارۇن ( هەسەن ) بۇغراخاننىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ، بۇرۇن ئىگىلىۋالغان چوڭ قاغانلىق زېمىنلىرىدىن چېكىنىۋاتقان ۋاختى بولۇپ ، ئالپ ئارسلانغا قارشى هەرىكەت قىلالمىغان . ئالپ ئارسلانخان  ياندۇرقى يىلى ئوغلى مەلىكشاھنى ۋەلىئەهدى دەپ ئېلان قىلىپ ، هەر قايسى سالجۇق بەگزادىلىرىگە دۆلەتنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن .

**1068** - يىلى ئىبراھىم بۇغراخان ۋاپات بولغان.

**1069** - يىلى يۈسۈپ خاس هاجىپ هەسەن بۇغراخاننىڭ تەلىپى بىلەن « قۇتادغۇ بىلىگ » نى يېزىپ چىققان . ئۇزاق ئۆتمەي ئالپ ئارسلان ۋەزىرى نىزامۇل مۇلۇكمۇ « سىياسەتنامە » ناملىق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىققان . هەر ئىككى كىتاپ قاغانلىقنىڭ « هۆكۈمدارلىق دەستۇرى» بولۇپ ، قۇتادغۇ بىلىگ يۈكسەك يۇقىرى بەدىئىي ماهارەت بىلەن شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان بولسا ، سىياسەتنامە بايان خاراكتېرلىق شەكىلدە يېزىلغان . هەر ئىككى كىتاپ ئىككى سۇلالىنىڭ كېيىنكى يۈز يىللىق گۈللىنىشى ۋە ئىككى يۈز يىللىق مەۋجۇتلۇقىغا ئاساس سالغان.

## 3 . تۈركان خاتۇننىڭ سىياسىي ۋە هەربىي ئىشلارغا ئاكتىپ ئارىلىشىپ، ئابباسىيلار خەلىپىسى ۋە سالجۇقلار سۇلتانىنى تىكلەپ چىقىشىغىچە

ئالپ ئارسلانخان ئوغلى مەلىكشاهنى بەزى هەربىي يۈرۈشلەرگە بىللە ئېلىپ چىقسا ، بەزى يۈرۈشلەردە ئورنىغا نائىپ قىلىپ قويات‌تى. مەقسىتى ئۇنى هەم ئەسكىرىي ئىشلاردا هەم هاكىمىيەت ئىشلىرىدا پىشۇرۇش ئىدى. ئەمما ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن مەلىكشاھ يەنىلا كىچىك كېلىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىدا ئالپ ئەرتۇڭا قاغان ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە دادىسى ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ قېنى ئېقىۋاتقان خانىشى 17 ياشلىق تۈركان خاتۇن مەلىكشاهنىڭ بۇ جەهەتتىكى بارلىق ئەندىشىلىرىنى يوق قىلغان . ئەهۋال شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىۋاتقاندا ، بىردىنلا شەرقىي رىم ئىمپىرىيىسى غايەت زور قوشۇن بىلەن ۋان كۆلى ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەن . ئالپ ئارسلان يېقىن ئەتراپتىكى ئازغىنە ئەسكەرلىرىنى ئاران توپلاپ ، تېزدىن ۋانغا يېتىپ بارغان. **1071** - يىلى **26** - ئاۋغۇست جۈمە كۈنى تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن « مالازگىرت ئۇرۇشى » سالجۇقلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن سالجۇقلار قىسقا مەزگىل ئەمىنلىك دەۋرىگە كىرىپ ، تۈركان خاتۇن باغداتقا بۇخارادىن هەر خىل سەرخىل كىشىلەرنى يۆتكەپ ئەكىلىپ ، سالجۇقلارنىڭ كۈنسىرى ئېشىۋاتقان ئېهتىياجىنى قامداشقا باشلىغان . مەهمۇد كاشغەرىيمۇ دەل مۇشۇ مەزگىلدە تۈركان خاتۇننىڭ تەكلىپى بىلەن باغداتقا يېتىپ كېلىپ ، **1072** - يىلى **25** - يانۋار قۇتلۇق دىۋاننى يېزىشقا باشلىغان . بىراق شۇ يىلى كۈزدە يۇقىرىقى غەلىبىسىدىن خېلىلا مەغرۇرلىنىپ قالغان ئالپ ئارسلانخان غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، غەربىي قاراخانىلارنى ئۆزىگە تولۇق بېقىندۇرماقچى بولۇپ ، **200** مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر بىلەن 22 كۈندە ئۇدا ئامۇ

دەرياسىدىن ئۆتكەن . ئاندىن شۇ جايدىكى قەلئەلەر قوماندانى يۇسۇپبەگ خارەزىمىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ، ئەكسىچە ئۇنىڭ خەنجىرىدە جان بەرگەن . 1072 - يىلى 22 - نويابىر يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە سەلتەنەتلىك سۇلتانىنىڭ هاياتىنى پاجىئە بىلەن تۈگەتكەن . ئۇ 1060 - يىلى 16 - ئىيۇل ۋاپات بولغان چاغرى بەگ داۋۇتنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇ مىكائىلنىڭ ئوغلى ، ئۇ سالجۇقنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇنىڭ دادىسى 1028 - يىلى يۇسۇپقادىرخاننىڭ پاناهىدا ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قول‌لىشىدا خانلىق قۇرغان بولغاچقا ، ئاتا - بالا قاراخانىلار قاغانلىقىغا قارىتا يامان نىيەتتە بولمىغان . ئەمما غەربىي قاراخانىلارنى بىۋاستە باشقۇرۇش ئىستىكى سۇلتانىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان . سۇلتان ئالپ ئارسلان ئۆلۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىپ « كىمكى سەلتەنەتنى كۆككە تاقاشقان ئالپ ئارسلاننى كۆرمەكچى بولسا ، مەرۋىگە كېلىپ قارىسا ، ئۇنىڭ يەرگە دەپنە قىلىنغىنى كۆرىدۇ» دېگەن جۈملىنى قەبرە تېشىغا يېزىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ . ئاندىن ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئوغلى مەلىكشاھنى سۇلتان دەپ جاكارلاپ ، بارلىق قوماندانلارنى ۋەزىرى ئارقىلىق قەسەم قىلدۇرۇپ ۋاپات بولىدۇ . مەلىكشاھ ئۇنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ ، 22 كۈندە كەچكەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۈچ كۈندىلا چېكىنىپ كېتىدۇ . ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ ئوغلى ، ئالپ ئارسلاننىڭ كۈيئوغلى « شەمسۇل مۇلۇك ناسىرخان » قېيناتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ ، سالجۇقلارنىڭ چېكىنىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپلا ، تېرمىزگە هۇجۇم قىلىپ ، بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا باشلىغان . بۇ ۋاقىتتا ئالپ ئارسلاننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئىياز بەلختىن چىقىپ ، غەرپكە يۈرۈپ كەتكەن بولۇپ ، بەلخ ئاھالىسى ئەنسىرەپ دەرھال غەربىي قاراخانىدىن ئامانلىق تەلەپ قىلغان . ناسىرخان بەلخنى قولىغا ئالغان. ئىياز بۇنى ئاڭلاپ ، قايتىپ كېلىپ ، بەلخنى قايتا قولىغا ئېلىپ ، ئون مىڭ ئەسكەر بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈشكە غەربىي قاراخانىلار قوشۇنى هۇجۇم قىلىپ ، 1073 - يىلى مارتتا كۆپىنچە ئەسكىرى ئامۇ دەرياسىدا غەرق بولۇپ ئۆلگەن .

## 4 . تۈركان خاتۇننىڭ سالجۇقلار سىياسىي تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشى :

مەلىكشاھ سۇلتان بولغاندىن كېيىن ، باشقا سالجۇقلار بەگلىرى ئۇنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماي كەڭ كۆلەمدە ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن . چۈنكى ئالپ ئارسلانخان ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارغا دۆلەتنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. ھالقىلىق پەيتتە تۈركان خاتۇن بىلەن ۋەزىر نىزامۇل مۇلۇك چىڭ تۇرۇپ يېڭى سۇلتان مەلىكشاھنى ساقلاپ قالغان . 1074 - يىلغا كەلگەندە ئىچكى ئىسيانلار تىنجىتىلىپ، ئابباسىلار خەلىپىسى مەلىكشاھقا «جالالۇ دۆلەت » ، تۈركان خاتۇنغا « خاتۇن جالالىيە » نامىنى بەرگەن . مەلىكشاھ ئىسيانلارنى تولۇق تىنجىتىپ بولۇپلا ، قايتىدىن غەربىي قاراخان زېمىنىغا هۇجۇم قىلىپ ، تېرمىزنى ئىگىلىگەن . بۇ شەھەرنى قوغداۋاتقان تۈركان خاتۇننىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرمەستىن، ئەكسىچە هۆرمەت بىلەن يولغا سېلىپ قويغان . ئاندىن ئۇدۇل سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلغان . ئەمما ناسىرخان ۋەزىر نىزامۇل مۇلۇكنىڭ ۋاستىسىدە سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن سۈلهى تۈزۈپ ، ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالغان . سۇلتان شۇندىلا خۇراسان ئارقىلىق رەي شەھەرىگە قايتىپ كەلگەن . دەل مۇشۇ مەزگىلدە مەلىكشاھنىڭ تەختىگە كۆز تىكىپ يۈرگەن قېرىندىشى ئىياز ئۆلۈپ كەتكەن. سۇلتانلىق تالىشىدىغان رەقىپلەر شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن . مەلىكشاھ ئۇنىڭ تەۋەسىنى يەنە بىر ئىسنىنى شاھابىدىن تەكەشكە بۆلۈپ بەرگەن . بۇ 1074 - يىل ئىچىدىكى ۋەقەلەر ئىدى . بۇ يىلى يەنە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ قاغانى مەھمۇد توغرۇلخان ( يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغلى ) ۋاپات بولۇپ ، ئورنىغا ئوغلى ئۆمەرخان قاغان بولغان . ئەمما كېسەلچان قاغان ئالتە ئاي بولماي‌لا ۋاپات بولغان . نەتىجىدە قاغانلىق تەختىگە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تاغىسى نائىب قاغان ھەسەن بۇغراخان ( 2 ھارۇن ) ئولتۇرغان.

1075 - يىلى 1 - ئاپرېل 44 يىل خەلىپە بولغان ئاباسىيلار خەلىپىسى قائىم بىئەمرىللاھ ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ ئانىسى ئەرمەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئايال ئىدى . ئانىسى 1060 - يىلى ئاۋغۇستتا ۋاپات بولغان . خەلىپە ئۆلۈش ئالدىدا ۋەلىئەھدىسى ۋە نەۋرىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى قائىمنى خەلىپە قىلىپ تەيىنلىگەن . چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇ ھايات ۋاختىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى . بۇ نەۋرىسىمۇ دادىسى

ۋاپات بولۇپ ، ئالتە ئايدىن كېيىن تۇرۇلغان بىردىنبىر قادىر جەمەتىگە تەۋە ئوغۇل ئىدى . ئەمما قىسمەت بۇ بالىغا ھەر ۋاقىت تەتۈر كەلدى . 1059 - يىلى يانۋاردا ئاسيي قوماندان باساسىر باغداتقا بۆسۈپ كىرىپ ، خەلىپە جەمەتىنى قىرغىن قىلغاندا، تۆت ياشقا كىرەي دېگەن مۇقتەدىنى باشقىلار يوشۇرۇپ ساقلاپ قالغان . 1059 - يىلى 12 - دېكابىر توغرۇلبەگ ئىسيانچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ، دېكابىرنىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنى توغرۇلبەگ خەلىپە مىنگەن خېچىرنى ئۆزى يېتىلەپ ، خەلىپىلىك سارايغىچە ئەكىلىپ قويغان. ئۇندىن باشقا ئۇ سىڭلىسى ئارسلان خاتۇننى قايتا خەلىپىگە قوشۇپ قويغان. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېز ئۆسكەن ئىدى . دېمەك مۇقتەدى كىچىكىدىن باشلاپلا سالجۇقىلارنىڭ ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى. ئۇ قۇرامىغا يەتكەندە بوۋىسى بىردىنبىر نەۋرىسىنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى.  مەھمۇد كاشغەريي باغداتقا كەلگەندە ئالپ ئارسلانخان بىردىنبىر خەلىپە نامزاتى بولغان بۇ ياش يىگىتنى تۈرك تىلى ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بوۋىسىغا ئۇستاز مەھمۇدنى تەۋسىيە قىلغان . خەلىپە قادىر بىللاھ ( 948 - 1031 ) نىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان قائىم بىئەمرىللاھ ( 1001 - 1075 ) يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ياخشى بىلەتتى . باغدات ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە قالغان ئەللىك يىلدا ئەنە ئاشۇلار باغداتنى ۋە خەلىپىنى ئىزچىل بىكارلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ئىدى . ھەر قېتىملىق سالجۇق سۇلتانى ۋاپاتىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن داۋالغۇشلار باغداتتا ئاچارچىلىق پەيدا قىلىدىغان بولۇپ ، 1001 - يىلى قەشقەردىن باغداتقا قاراپ يولغا چىققان ئاشلىق كارۋىنى تاكى 1141 - يىلغىچە ئاز كەم 150 يىل داۋام قىلغان . شۇڭلاشقا خەلىپە جەمەتى قاراخانىلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ 17 ياشلىق زېرەك نەۋرىسىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قولىغا تاپشۇرغان . ئەمما ئۆزى ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان . خەلىپە ۋاپات بولغان شۇ دەقىقىلەردە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھەم ئەلەمدە ، ھەم قەلەمدە يېتىشكەن نەۋرىسى، سۇلايمان ئارسلانخان ( 989 - 1058 ) نىڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان خۇددى بوۋىسى يۈسۈپ قادىرخانغا ئوخشاش قاراخانىلارنىڭ يېگانە ۋە سەلتەنەتلىك ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان ئىدى . ھەر قايسى ئەللەر ئەلچىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ، يېڭى خەلىپىنىڭ قۇتلۇقلىنىش مۇراسىمى يىل ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈلدى . شۇ قاتاردا ھەسەن بۇغراخانمۇ باغداتقا خان جەمەتىدىن بىرىنى باش قىلىپ ئالاھىدە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ، بۇرۇنقى سادىق دوستى بولغان خەلىپىنىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە بىلدۈرگەچ ، يېڭى خەلىپىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن باغداتقا يېتىپ كەلدى . ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۆز قولىدا تەربىيىلەنگەن يېڭى خەلىپىنىڭ قۇتلۇق خەلىپىلىك مۇراسىمىغا ئۇلگۇرتۇپ، 16 يىل تۈپلىغان ئارخىپلار ئاساسىدا 1072 - يىلى 25 - يانۋاردىن 1074 - يىلغىچە 10 - فېۋرالغىچە ساق ئىككى يىلدا يېزىپ چىققان بۈيۈك ئەسىرىنى ئاخىرقى قېتىم تۈزىتىپ چىقىپ ، خەلىپىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن قاراخانىلار ئەلچىلىرىگە باش بولۇپ كەلگەن تاغىسى بىلەن بىرلىكتە خەلىپىگە ھەدىيە قىلغان . يېڭى خەلىپە تولىمۇ ھاياجان ۋە خۇشاللىق بىلەن بۇ قىممەتلىك ھەدىيەنى قوبۇل قىلىپ ، ئەتىۋارلاپ ساقلىغان . مەزكۇر ئەسەردىن سىرت مەھمۇد بوۋىمىز « ئەرەب ۋە تۈرك تىلىنىڭ سېلىشتۇرما گراماتىكىسى » ناملىق ئەسەرنى خەلىپىگە ھەدىيە قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى ئەسەر تۈرك تىلى ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنى ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان . خەلىپىلەر بۇ كىتاپنى شۇنچىلىك ئاسراپ ساقلىغانكى ، كېيىنكى ئىككى يۈز يىلدا يۈز بەرگەن خارەزمشاھلار ۋەقەسى ، ھىلاكۇنىڭ باغداتنى ئىشغال قىلىپ كىتاپ كۆيدۈرۈش ۋەقەلىرىدىمۇ قولدىن - قولغا قاچۇرۇلۇپ يۇرۇپ ساقلاپ قېلىنغان . ئاردىن مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن ، 1917 - يىلى ئىستانبۇلدا يورۇق كۆرگەن .

تۈركان خاتۇننىڭ مەلىكشاھتىن ئۈچ ئوغۇل بىر قىزى بار بولۇپ ، چوڭ ئوغۇللىرى داۋۇت بىلەن ئەھمەد كىچىكلا ۋاپات بولغان ئىدى . پەقەت قىزى « ماھمەلىك خاتۇن » قاتارغا قوشۇلغان ئىدى . 1078 - يىلى مەلىكشاھنىڭ باشقا بىر خوتۇنىدىن چوڭ ئوغلى بەركىيارۇق تۇغۇلدى . يەنە شۇ يىلى خەلىپە مۇقتەدىنىڭ ئوغلى ئەھمەد تۇغۇلغان. ئۇ « ئەبۇ ئاbباس » ئىدى .

1079 - يىلى خەلىپە مۇقتەدىنىڭ ئوغلى مۇسا تۇغۇلغان . ئۇ « ئەبۇ جەئپەر » دەپ ئاتالغان. 1080 - يىلى مەلىكشاھنىڭ ئىنىسى تەكەش ئىسيان كۆتۈرۈپ ، خۇراساننى يۇتۇۋالغان. سۇلتان ھەر قېتىمقىدەك تۈركان خاتۇننى

پايتەختتە سۇلتان قىلىپ قويۇپ ، ئۆزى ۋەزىرى نىزامۇل مۇلۇك بىلەن ئىسيانىنى باستۇرغان. شۇنداق قىلىپ ، 1073 - يىلدىن تاكى 1092 - يىلغىچە تۇركان خاتۇن ئېرى بىلەن ھاكىمىيەت سوراپ ، تارىختا ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق سالجۇقلار مەلىكىلىرى ئېرىشىپ باقمىغان مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، نامىنى مەڭگۈ قالدۇرغان . بولۇپمۇ خەلىپە 1080 - يىلى تۇركان خاتۇننىڭ قىزى « ماھمەلىك خاتۇن - ئالتۇن خاتۇن » غا نىكاھلىنىش تەلىپى قويغاندىن كېيىن ، تۇركان خاتۇننىڭ ئورنى بىراقلا ئېرى مەلىكشاھتىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپ، نوپۇزى غەربىي قاراخانىلار ، خۇراسان، ئىران ، ئەزەربەيجان ، ھەتتا ئاbباسىيلار پايتەختى باغداتتىمۇ بىرىنچى ئورۇنغا چىققان . بۇنى ئۇنىڭ خەلىپىنىڭ تەلىپىگە تۇتقان قەتئىي پوزىتسىيىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن . سۇلتان پايتەختى ئىسپاھاندا خەلىپىنىڭ تەلىپىدىن خەۋەر تېپىپلا ، خەلىپىنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋەزىرى بىلەن ئۆز ۋەزىرىنى تۇركان خاتۇندىن رازىلىق ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ . ئۇلار تۇركان خاتۇننىڭ قىزىغا ئەلچى بولغاندا ، تۇركان خاتۇن ئۇلارغا : « قىزىمغا غەزنەۋىلەر ۋە ماۋەرائۇننەھىر سۇلتانلىرى تويلۇق ئۈچۈن 400 مىڭ تىللا ( ئالتۇن تەڭگە ) تەييارلاپ ئەلچى بولغاندا رازىلىق بەرمىدىم . ئەگەر خەلىپە ئاشۇ تويلۇقنى بېرەلىسە ، خەلىپە نىكاھلىنىشقا باشقىلاردىن بەكرەك ھەقلىق » دەپ جاۋاپ بەرگەن . ئەمما خەلىپىنىڭ بۇنچىلىك پۇلى يوق ئىدى . شۇنچە سەلتەنەتلىك ئالپ ئارسلانمۇ ئەڭ ئامراق ئوغلىغا ئاران 500 مىڭ تىللا مىراس قالدۇرغان ئىدى . بۇ چاغدا بۇرۇنقى خەلىپىگە ياتلىق بولغان مەلىكشاھنىڭ ھامىسى ئارسلان خاتۇن ( خەدىچە بانۇ ) ئارىغا چۈشۈپ ، خەلىپىلەر بىلەن نەسەپ جەھەتتىن باغلىنىشنىڭ ئۆزىنىڭلا زور شەرەپ ئىكەنلىكىنى ، خەلىپىگە سۇلتانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنمايدىغانلىقىنى، ئاbباسىيلار جەمەتىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ يۈرۈپ مىڭ تەستە تۇركان خاتۇننى قايىل قىلغان . ئەمما تۇركان خاتۇن قوشۇمچە شەرت قويۇپ ، خەلىپىنىڭ ئۆز قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىنلا بارلىق خوتۇنلىرى ۋە كېنىزەكلىرىدىن ۋاز كېچىش ، ئەگەر ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ، كېچىسى چوقۇم قىزىنىڭ ھۇجرىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان . كىچىكىدىنلا تۇركچە مۇھىتتا چوڭ بولۇپ ، ئالپ ئەرتۇڭا ۋە سۇتۇق بۇغرانىڭ نەسلىدىن بولغان تۇركان خاتۇننىڭ قىزىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، خەلىپە بۇ شەرتلەرگە دەررۇ ماقۇل بولغان . شۇندىلا تۇركان خاتۇن رازىلىق بەرگەن . مەلىكشاھ مۇھۇر باسقان . مۇشۇ ۋەقەلا تۇركان خاتۇننىڭ نوپۇزىنىڭ ئاللىبۇرۇن مەلىكشاھتىن ھالقىپ كەتكەنلىكىگە ئاددىي مىسال بولالايدۇ . چۈنكى بۇندىن بۇرۇنقى ھېچبىر سۇلتانلار قىزلىرىنى نىكاھلاشتا خوتۇنلىرىنىڭ رايىغا باققان ئەمەس.

يۇقىرىقى ۋەقە بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇلتان مەلىكشاھنىڭ تۇركان خاتۇندىن بولغان ئامراق ئوغلى « داۋۇت » ۋاپات بولىدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، داۋۇت دەل سۇلتاننىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ ( چاغرىبەگ ) نامى بىلەن داڭقى چىققان دانا سەركەردە ئىدى . ئۇ 1028 - يىلى يۈسۈپ قادىرخانغا يېقىپ قالغاچقا ، سالجۇق ئوغۇللىرى ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. كېيىنچە ئۇ مۇھەممەد بۇغراخان ( مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى ) نى سادىق قوللىغۇچى ئىدى . شۇڭا تۇركان خاتۇنمۇ بۇ ئىسمنى قويۇشقا رازىلىق بەرگەن ئىدى . ئەسلىدە داۋۇتنى ئىز باسار قىلىش پىلانى بولغان سۇلتان مەلىكشاھ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە شۇنچىلىك ئېغىر قايغۇردىكى ، ئۇنى يۇيۇپ - دەپنە قىلغىلىمۇ ئۇنىماي، جەسەت سېسىپ كەتكەندە ئامالسىز رۇخسەت قىلىپ ، تۇپراق بېشىدىن قوپماي تۇرۇۋېلىپ ، نەچچە قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاي دېگەندە ، نەۋكەرلىرى توسۇپ قالغان . ئازاپقا چىدىمىغان سۇلتان ئوۋغا چىقىپ يېنىكلەشنى قارار قىلغان . شەھەرلەردە ئوغلى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇپ يىغلاش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. ھەتتا خەلىپىنىڭ ۋەزىرىمۇ باغداتتا نەچچە كۈن شەھەر مەيدانىدا يىغلاپ تەزىيە بىلدۈرگەن.

تۇركان خاتۇن مەلىكشاھ سۇلتان بولغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ 1080 - يىلدىن كېيىن ئىزچىل ئانا يۇرتى بۇخارا ۋە سەمەرقەندتىن ھەر خىل كەسپ ئىگىلىرى ، نوپۇزلۇق ئالىملار ، داڭلىق سەركەردىلەر ، سىياسىيونلار ۋە مەرىپەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ، سالجۇقلار تەۋەسىدە بىر قېتىملىق مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد گۈللىنى-

ىشىگە ئاساس سالدى . تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىشىچە، **1083** - يىلىغا كەلگەندە سالجۇقىلار تەۋەسىدە شۇنچىلىك مولچىلىق ۋە ئەرزانچىلىق هۆكۈم سۈرگەن ئىكەنكى ، ئەڭ قىممەت بۇغدايىنىڭ بىر خالتىسى ئەڭ قىممەتچىلىك شەھەر باغداتتا ئاران ئون تىللاغا چۈشكەن . **1084** - يىلى **27** - نويابىر مەلىكشاھنىڭ كىنىزىكىدىن بىر ئوغۇل ئىراقتىكى سانجاردا تۇغۇلغان . سۇلتان ئۇنىڭغا ئەھمەد دەپ ئىسىم قويغان .( تۈركان خاتۇننىڭ ۋاپات بولغان ئوغلى ئەھمەدنى ئەسلەش ئۈچۈن شۇنداق ئاتىغان بولسا كېرەك ) . ئەمما ئۇ كېيىنكى يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن .

**1085** - يىلى ئاۋغۇستتا « ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى » دەپ تونۇلغان نوپۇزلۇق دىنىي ئالىم ئىمام جۇۋەينى ۋاپات بولغان . ئۇ **1026** - يىلى يۈسۈپ قادىرخان يېگانە قاغان بولۇپ ، باغداتقا ئەلچى ئەۋەتكەن ۋاقىتتا تۇغۇلغان ئىدى . يەنە شۇ يىلى **1028** - يىلدىن بېرى باغداتتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان « قازى قۇززات تامغانى » باشلىق ئون نەچچە نوپۇزلۇق دىنىي ئالىملار بىراقلا ۋاپات بولۇپ ، تۈركان خاتۇن ئۇلارنىڭ ئورنىنى جىددىي تولۇقلاش ئۈچۈن بۇخارا ۋە پايتەخت سەمەرقەندتىن كۆپلەپ چوڭ دىنىي ئالىم - ئۆلىمالارنى كۆچۈرۈپ كەلگەن . چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخان يۈسۈپ قادىرخاندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ھامىيسى دەپ شۆھرەت تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭ دەۋرىدە بۇخارا بىلەن سەمەرقەند داۋالغۇپ تۇرغان قەشقەر بىلەن خوتەن ، تۈگىشىپ كەتكەن باغدات بىلەن دەمەشقنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى . بۇ خىل ئەۋزەل شارائىت ھەم سالجۇقىلارنىڭ ئۇزاققىچە پۇت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىسا ، ھەم تۈركان خاتۇننىڭ ۋاستىسىدە سالجۇقىلارنىڭ بىردىنلا قاراخانىلىشىش ( مەدەنىيلىشىش ) سۈرئىتىنى كۈچەيتتى . شۇڭلاشقا ، تۈركان خاتۇننىڭ بۇ تۆھپىلىرىنى قانچىلىك ماختىساق ئەرزىيدۇ .

تۈركان خاتۇننىڭ سىياسىي نوپۇزىنىڭ سۇلتان مەلىكشاھتىن ئېشىپ كېتىشىدىكى مىساللار تارىختا ساناقسىز بولۇپ ، **1086** - يىلى ئاناتولىيە سالجۇقلىرىنىڭ ئاقساقلى سۇلايمان ( مەلىكشاھنىڭ نەۋرە ئىنىسى بولۇپ ، دادىسى ئىسيان كۆتۈرگەندە ئالپ ئارسلان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ) ئەنتاكىيەگە ھۇجۇم قىلىپ ، مەلىكشاھنىڭ ئىنىسى « تاجۇ دۆلەت تۇتۇش» قۇرغان سۈرىيە سالجۇقلىرى تەۋەسىگە كىرگەن. تۇتۇشبەگ دەرھال ئاتلىنىپ ، نەۋرە ئىنىسى سۇلايماننى ئۆلتۈرگەن . ئىككى جەمەت ئارىسىدا ماماتلىق ئۇرۇش چىقىشتىن بۇرۇنلا، تۈركان خاتۇن مەلىكشاھنى دەرھال ئىككى سالجۇق بەگلىكى چېگرىسىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن ھەلەب بىلەن ئەنتاكىيەنى سۇلتاننىڭ ئايرىۋېلىشى ئۈچۈن يولغا سالغان . ئۇندىن باشقا ئۇ دەرھال بىر مەكتۇپ يېزىپ قېيىن ئىنىسى تۇتۇشقا قاتتىق كايىغان . تۈركان خاتۇننى خۇددى ئانىسىدەك ھۆرمەت قىلىدىغان تۇتۇش ئەقلىنى تېپىپ ، ئاكىسى مەلىكشاھقا قارشى ئۇرۇش نىيىتىدىن يانغان . شۇڭا ئۇ ئاكىسىنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامانلا ھەلەبنى تاشلاپ كەتكەن . قوماندانلىرى ئۇنىڭغا ، سۇلتاننىڭ يىراقتىن كەلگىچە چارچاپ كەتكىنىنى ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇنى تارمار قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ نارازىلىق بىلدۈرگەندە . تۇتۇش تۈركان خاتۇن يازغان مۇنۇ جۈملىلەرنى تەكرارلىغان : « مەن ئۆزۈم سايىدايدىغان قېرىندىشىمنىڭ ئابرۇيىنى سۇندۇرمايمەن . چۈنكى بۇنداق قىلىش ، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى سۇندۇرغانلىق ».

تۈركان خاتۇننىڭ دانا تەدبىرى بىلەن بىر پۈتۈن سالجۇقىلارنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغان سۇلتان زەپەر قۇچۇپ ، **1087** - يىلى مارتتا قۇربان ھېيتقا ئۈلگۈرۈپ ئۇدۇل باغداتقا كەلگەن. تۈركان خاتۇن تۇرىدىغان سەلتەنەت سارىيىدا بىر كۈن ئارام ئېلىپ ، ئەتىسى چەۋگەن توپ ئويناپ ، خەلىپىگە نۇرغۇن ھېيتلىق سوۋغىلارنى ئەۋەتكەن . ئەتىسى ۋەزىرى بىلەن مۇسا كازىم ، ئەھمەد ھەنبەل ، ئىمام ئەزەم قاتارلىق ئۇلۇغلارنىڭ مازىرىنى يوقلىغان . ئاندىن ۋەزىر بىلەن قىشلاقلارغا ئوۋغا چىقىپ ، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن جان بەرگەن جايلارنى زىيارەت قىلىپ ، ئارقىدىنلا نۇرغۇن كىيىك ئوۋلاپ قايتىپ كەلگەن . ئاندىن خەلىپىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغان . بارلىق سالجۇق ئەمىرلىرى خەلىپىگە خىزمەتلىرى ھەققىدە يىللىق دوكلات بەرگەندىن كېيىن ، نۆۋەت سۇلتانغا كەلگەن . خەلىپە سۇلتانغا پۈتۈن ئابباسىيلار تەۋەسىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىنى تولۇق تاپشۇرۇپ بەرگەن . خەلىپە سۇلتاننى قولىنى سۆيۈشكە بۇيرىغاندا سۇلتان قوشۇل-

مىغان . شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئۇزۇكنى ئېلىپ ئۇزاتقان . شۇندىلا سۇلتان ئۇزۇكنى سۆيۈپ ۋە كۆزىگە سۈرتۈپ قايتۇرۇپ بەرگەن . شۇندىلا خەلىپە سۇلتانغا ئىجازەت بەرگەن . سۇلتان مايغىچە ئىككى ئايدەك باغداتتا تۇرۇپ ، ئاندىن ئۆزىنىڭ سىياسىي پايتەختى ئىسپاھانغا كەتكەن . مەلىكشاھنىڭ بۇ زەپىرىدىن كېيىنلا ، **1086** - يىل ئاخىرىدىن باشلاپ ئىككى ھەرەمدىكى مىسىر پاتىمىيلار خەلىپىسىنىڭ ئىسمى ئۆچۈرۈلۈپ ، ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇقتەدى بىئەمرىللاھنىڭ نامى تىرىلدى . پاتىمىيلار **909** - يىلدىن باشلاپ ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتاپ ، **969** - يىلى ماراكەشتىن يۈرۈش قىلىپ مىسىرنى ئەينى ۋاقىتتىكى پەرغانە ئۇيغۇرلىرى قۇرۇپ چىققان ئىككىنچى مۇسۇلمان ئۇيغۇر دۆلىتى ( تۇنجى دۆلەتنى ئۇيغۇر ئەھمەد ئىبنى تولۇن **867** - يىلى قۇرۇپ چىققان . ئۇنىڭ دادىسى دەل ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىغا تەۋە كىشى ئىدى. بۇخارالىق ئىدى) ئىخشىدى سۇلالىسى ( **934 - 969** ) قولىدىن تارتىۋېلىپ ، ئارقىدىنلا ئاﺑﺒاسىيلارنىڭ زېئىپ ھالىتىدىن پايدىلىنىپ ، يۈز يىل ئىچىدە ھازىرقى پەلەستىن بىلەن سۈرىيە ، مەككە بىلەن مەدىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى . مەلىكشاھ دەۋرىدە پاتىمىيلار مەغلۇپ قىلىنىپ ، قۇددۇس ۋە ئىككى ھەرەم قايتۇرۇپ كېلىنگەن . بىراق **1094** - يىلى تۇركان خاتۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا سالجۇقىلار پارچىلىنىپ كېتىپ ، ئەھلى سەلىپ قوشۇنى **1097** - يىلى قۇددۇسنى بېسىۋالغان. ئاخىرىدا **1171** - يىلى سۇلتان سالاھىددىن پاتىمىيلارنى يوقىتىپ ، قۇددۇسنى **1187** - يىلى ئۆكتەبىر قايتۇرۇۋالغان . ئەڭ ئاخىرىدا **1917** - يىلى **9** - دېكابىر ئەنگلىيە قۇددۇسنى باسقان .

## 5 . تۇركان خاتۇن سەلتەنىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى : سالجۇقىلار ۋە ئاﺑﺒاسىيلارنى قاراخانىلاشتۇرۇش

**1080** - يىلدىكى ئەھدە بويىچە مەلىكشاھ قىزىنى **1087** - يىلى **22** -ئاپرىل خەلىپىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغان.(**480** - يىلى مۇھەررەم). تۇركان خاتۇن قايتا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن ، قىزىنى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كۆچۈرۈش باشلانغان. بىر يىل كېيىن خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللاھ بىلەن ئالتۇن بېكە خاتۇندىن **1088** - يىلى **5** - فېۋرال جەئپەر تۇغۇلغان. ( **480** - يىلى زۇلقەئىدى ) . خەلىپە ئۇنى « ئەبۇل پەزلى » دەپ ئاتاپ ، باغداتنى زىننەتلەپ قۇتلۇقلىغان . بۇ قېتىمقى توي شۇنچىلىك ھەشەمەتلىك بولغان ئىكەنكى ، شۆھرىتى **1026** - يىلدىكى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن مەھمۇد غەزنەۋى قۇدىلاشقاندا پەيدا بولغان داغدۇغىدىن ئېشىپ كەتكەن . سەرپ قىلىنغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى ھېساپسىز بولغان. چۈنكى بۇ قېتىملىق قۇدا بولۇش كەلگۈسىدە خەلىپىلىكنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى خېلىلا تېزلىتاتتى . خەلىپە ئۆزىمۇ كىچىكىدىنلا تۈرك جامائىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى تۈپەيلى ، ئۆزىمۇ شۇلاردەك بولۇشقا ھەۋەس قىلاتتى.

يەنە شۇ يىلى مەلىكشاھنىڭ تۇركان خاتۇندىن بولغان ئاخىرقى ئوغلى سۇلتان مەھمۇد تۇغۇلغان . سۇلتان مەلىكشاھ بۇ يىلى ئالەمچە خۇشاللىق ھېس قىلىپ ، شىكارغا چىققان . بۇ يىل سالجۇقىلار ئۈچۈن تولىمۇ قۇتلۇق بىر يىل بولغان . تۇركان خاتۇننىڭمۇ كۆڭلى تىنغان. چۈنكى بۇرۇنقى ئىككى ئوغلى كىچىكلا ۋاپات بولغان بولغاچقا ، بىر ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن قاتتىق ئازاپلانسا ، بىر خاقان ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن سالجۇقىلارنىڭ كېلەچىكىدىن ئەندىشە قىلاتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە سۇلتان ۋاپات بولسا ، دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرالىغۇدەك لاياقەتلىك ۋە كۈچلۈك قاغان يوق ئىدى . مانا ئەمدى تۇركان خاتۇن بۇ ئوغلىنى لاياقەتلىك بىر سۇلتان قىلىپ ئۆستۈرۈپ چىقالايتتى . ئۇ بۇ ئارزۇلۇن ئوغلىغا تاغىسى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىسمىنى قويغان بولۇپ ، ئوغلىنىڭ كىچىك دادىسىغا ئوخشاش ھەم ئەلەمدە، ھەم قەلەمدە يېتىشكەن بۈيۈك ھۆكۈمدار بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . بىراق مەلىكشاھ سالامەتلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ، شۇ يىلى گۆدەك ئوغلى ئەھمەدنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلەپ ، ئۇنى « خانلار خانى » ، « دۆلەتنىڭ تايانچى » ، « مىللەتنىڭ تاجى » ، « خەلىپىنىڭ چاكىرى» قاتارلىق مەرتىۋەناملىرى بىلەن ئاتاپ ، ئاندىن باغداتقا ئەلچى ئەۋەتكەن . خەلىپە دەرھال ئۇنىڭ نامىدا مەسچىتلەردە خۇتبە ئوقۇتۇشقا بۇيرۇق قىلغان . ئۇ كېيىنچە تارىختا « ئەبۇ شۇجا» دەپ داڭق چىقارغان .

ئەمما ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپلا، خەلىپىنىڭ ھەرىمىدىكى تۈرك خادىملار بىلەن ئەرەب خادىملار ئارىسىدا زور

سۇركىلىش كېلىپ چىقىپ ، زادىلا ھەل قىلالمىغان خەلىپە 1088 -يىلى 15 - ئىيۇل بىر يىل بۇرۇن كېلىنچەكنى ئېلىپ كەلگەن تۇرك خادىملارنى ھەرەمخانىدىن چىقىرىۋەتكەن .

بۇ يىلى يەنە غەزنەۋىلەر سۇلتانى ئىبراھىم ۋاپات بولغان . ئۇ مەسئۇدنىڭ ئوغلى، ئۇ مەھمۇدنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ئىدى . بىر قېتىم مەلىكشاھ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەندە ئۇ يالغان مەكتۇپ ھىلىسى ئارقىلىق مەلىكشاھتا گۇمان پەيدا قىلىپ قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى . مەلىكشاھمۇ ئۇنىڭ ئەقىلگە قايىل بولۇپ ، يەنە بىر قىزىنى ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇدقا ياتلىق قىلغان ئىدى . ئەنە شۇ مەسئۇد دادىسىنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولدى . دېمەك ھازىر مەلىكشاھقا تولۇق بويسۇنمىغان غەربىي قاراخانىلار بىلەن ئۇنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلمىغان شەرقتىكى بۈيۈك قاراخانىلارلا قالغان ئىدى . بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سۇلتان ياندۇرقى يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ، دادىسى ئالپ ئارسلان 1072 - يىلى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان .

1088 - يىلى 5 - ئاپرىل ۋەلىئەھدى بولغىنىغا بىر يىلمۇ توشمىغان ئەھمەد كونا پايتەخت مەرۋە شاھجاھاندا ۋاپات بولغان . مەلىكشاھ گەرچە قاتتىق ئازاپلانغان بولسىمۇ ، ئەمما ھەر ھالدا بەركىيارۇق بىلەن ئۆتكەن يىلى تۇركان خاتۇندىن تۇغۇلغان سۇلتان مەھمۇد كەبى مۇۋاپىق نامزاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن ، داۋۇتقا قايغۇرغاندەك ئېغىر قايغۇرمىغان . ئەمما تەزىيە بىلدۈرۈش تېخىمۇ قاتتىق بولغان . ئابباسىيلار پايتەختى باغداتتا ھەتتا يەتتە ئات مىنىش مەنئىي قىلىنىپ ، ئاۋام پىيادە ماڭغان . نەغمە - ناۋا چەكلەنگەن . ئىشىكلەر قارا بويالغان . كۈلكە - چاقچاقلارمۇ ، توي - تۆكۈنلەرمۇ چەكلەنگەن.

1089 - يىلى مەلىكشاھنىڭ ئالدىغا بىر ئەرزچى كېلىپ ، ئۇنى غەربىي قاراخانىلارنى ئىستىلا قىلىشقا قىزىقتۇرغان . بۇ ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھىر تەۋەسىنى شەمسۇل مۇلۇكنىڭ ئىنىسى خىزىرخاننىڭ ئوغلى ئەھمەد باشقۇرۇۋاتقان بولۇپ ، ئۇ تۇركان خاتۇننىڭ جىيەنى ئىدى . بۇ تاۋغاچ بۇغراخان يېشى كىچىك بولغىنىغا قارىماي خېلىلا قارام بولۇپ ، پۇقرالارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ تۇرار ئىكەن . بۇنى باھانە قىلغان سودىگەرلەر ئۆز ئىچىدىن نوپۇزى يۇقىرى بىر دىنىي زاتنى مەلىكشاھقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن . بۇ كىشى داڭلىق شافىئىي مەزھەپ پېشۋاسى ئەبۇ تاھىر بولۇپ ، ئۇ ئۆز خانىغا ئاسىيلىق قىلىپ ، مەلىكشاھنى خۇددى ئافاق خوجا غالدانىنى چىللاپ كەلگەندەك چىللاپ كەلگەن . ئۇزۇندىن بېرى ھېچقانداق باھانە تاپالماي تۇرغان سۇلتانغا بۇ تەكلىپ ياغدەك خۇشياقفان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئىسپاھاندىن يولغا چىققان. ئەقىللىق ۋەزىر دەل شۇ ۋاقىتتا يىللىق سېلىق ئېلىپ كەلگەن شەرقىي رىم ئەلچىلىرىنى باج - سېلىقلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىپ ، ئۇلارغا غەربىي قاراخانىلارنى قانداق يەڭگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغاچ ، سالجۇقىلارنىڭ بۈيۈك سەلتەنىتىنىڭ نەقەدەر چەكسىزلىكىنى ئوبدان بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تاكى قەشقەر چېگرىسىغىچە زورلاپ ئاپىرىپ ، ئاندىن يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلغان . ۋەزىر نىزامۇل مۈلك بۇ ھەقتە :« مەن تارىخنىڭ بىزنى تىلغا ئالغاندا ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئەلچىلىرى يىللىق سېلىقنى ئىسپاھاندىن قەشقەرگىچە نەچچە مىڭ چاقىرىم جاپادا سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ ، سالجۇقىلارنىڭ نەقەدەر بۈيۈك سەلتەنەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، قايتىپ كەتكەندىن ئىمپېراتورىغا ئۆز ئەينى سۆزلەپ ، سالجۇقىلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ۋە سېلىقنى ئۈزۈپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى » دەپ پۈتۈلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن » دېگەن ئىكەن .

دېگەندەك ، سۇلتان بۇ قېتىم ئىسپاھاندىن ئۇدۇل خۇراسانغا كېلىپ ، بارلىق قوشۇنلىرىنى توپلاپ ، ئامۇ دەرياسىدىن دادىسى باشلاپ كەلگەندىنمۇ زور قوشۇن بىلەن كېچىپ ئۆتۈپ ، بۇخاراغا يېقىنلاشقاندا ، ئىچكى خائىنلار دەرھال شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ بەرگەن . توسالغۇسىزلا بۇخارانى ئىشغال قىلغان سۇلتان تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن ئىلگىرىلەپ ، سەمەرقەند شەھىرىگە كەلگەندە ، ئۇ يەردىكى دىنىي زاتلارمۇ ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلىپ شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ بەرگەن . ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان قىسقا مۇددەتتە غەربىي قاراخانىلار تەۋەسىنى قولىغا ئالغان سۇلتان تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ ، شەرقىي قاراخانىلار تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەن . ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى بۇرۇنلا بىلىپ تۇرغان ھەسەن بۇغراخان ( 1019 - 1102 ) ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈپ قويغان . ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر مەلىكشاھ نارىن دەرياسى بويىدىكى ئۆزكەند شەھىرىگە

بىردىنلا يۇرۇش قارارىنى ئۆزگەرتىپ ، ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇش ، پۇل قۇيدۇرۇش تەلىپى بىلەنلا بولدى قىلىپ ، بۇ تەلىپى قاندۇرۇلمىغاندا ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغان . ۋەزىرمۇ مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا قاراخانىلارنىڭ زېمىنىنىڭ پايانسىز ئىكەنلىكى ، ناۋادا ئۇرۇش سوزۇلۇپ كەتسە ، ئارقا سەپ تەمىناتى بولمىغان سالجۇقىلارنىڭ تارمار بولۇش خەۋپىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ھەر ئىككى تەرەپنى كېلىشىم تۈزۈشكە دەۋەت قىلغان . نەتىجىدە ھەسەن بۇغراخان ئۆزكەندكە يېتىپ كېلىپ ، سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ، سالجۇقىلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلغان . مەلىكشاھ بۇنىڭغا قانائەت قىلىپ ، شەرقىي قاراخانىلارغا تەۋە جايلاردىن تولۇق چېكىنىپ چىققان . ھەسەن بۇغراخان ئىنىسى ياقۇپنى ئىلىكخان قىلىپ بەلگىلەپ ، غەربىي ۋە شىمالىي چېگرالاردا قايتا تەرتىپ ئورناتقان . ئەمما مەلىكشاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەسەن بۇغراخان بارلىق كېلىشىمنى بىكار قىلىپ ، بۇرۇنقىدەكلا بۈيۈك سەلتەنەت سۈرگەن . ئۇندىن كېيىن بۈيۈك سالجۇقىلار پارچىلىنىپ كېتىپ ، غەربىي قاراخانىلارنى تىزگىنلەشتىنمۇ مەھرۇم قالغان. مەلىكشاھ بولسا ، غەربىي قاراخانىلار خانى ئەھمەدخاننى تۈركان خاتۇننىڭ جىيەنى بولغاچقا ، كەمستمەي ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىپ ، ماۋارائۇننەھرگە يېڭى ھۆكۈمدار تەيىنلىگەن . ئۇنىڭ بۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىقى 1092 - يىلى ۋاپات بولغىچە داۋام قىلغان . ئۇندىن كېيىنكى سۇلتانلار بىر مەزگىل ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئەمما قاراخانىلارنىڭ ئەلى جەمەتى تاكى 1212 - يىلغىچە ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا ئىزچىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان . چوڭ قاغانلىقمۇ تاكى 1212 - يىلغىچە ھەسەن جەمەتى قولىدا داۋام قىلغان.

1089 - يىلى مايدا مەلىكشاھ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپلا ، يۈرۈشتىن بۇرۇنلا خەلپە بىلەن يامانلىشىپ قالغان قىزىنى ھىجرىيە 482 - يىلى ( 1089 م ) خەلپىنىڭ يېنىدىن چاقىرتىۋالغان . 1089 - يىلى 6 - ئىيۇن قىز ئىسپاھانغا قاراپ يولغا چىققان . 1090 - يىلى 24 - يانۋار بەختكە قارشى ئىسپاھاندا قازا قىلغان . ( 482 - يىلى زۇلقەئدىنىڭ 21 ) . تۈركان خاتۇن قىزىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرۇپ ، خەلپىگە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان . ئەمدىلا ئىككى ياشقا توشقان خەلپىزادە جەئپەر ( 1088 - يىلى 5 - فېۋرال تۇغۇلغان ) مومىسى تۈركان خاتۇن قولىدا پەرۋىش قىلىنىشقا باشلىغان . خەلپە گەرچە كۆپ قېتىم يالۋۇرغان ، ھەتتا ئارىغا سۇلتان مەلىكشاھنىمۇ سالغان بولسىمۇ ، تۈركان خاتۇن ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرسەتمىگەن .

خەلپىدىن كۆڭلى ئازار يەپ غەم بىلەن ۋاپات بولغان قىزى تۈپەيلى مەلىكشاھ بىلەن تۈركان خاتۇن خەلپە بىلەن يىرىكلىشىپ قالغان . ھەتتا زىددىيەت شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى ، خەلپە 1078 - يىلى تۇغۇلغان ئوغلى ئەھمەد « ئەبۇ ئابباس » نى ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلىگەندە، مەلىكشاھ بىلەن تۈركان خاتۇن بۇنىڭغا قارشى چىقىپ ، نەۋرىسى جەئپەرنى كەلگۈسى خەلپە قىلىشقا قىستىغان . خەلپە قوشۇلۇپ ، ئوغلىنى تەلەپ قىلغاندا ، تۈركان خاتۇن نەۋرىسىنى قاتارغا قوشۇپ ، ئاندىن باغداتقا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ رەت قىلغان .

مەلىكشاھ ماۋەرائۇننەھرنى قوشۇۋېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، 1089 - يىلدىن 1091 - يىلغىچە ئىككى يىلدەك دۆلەتنى قايتىدىن قېرىنداشلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ ، بەزىلىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ ، يېڭى تۈزۈم ۋە تەدبىر ئورنىتىپ ، پۈتۈن سالجۇقىلار تەۋەسىدە نىسپىي تىنچلىق دەۋرىگە ئاساس سالغاندىن كېيىن ، 1091 - يىلى ئۆكتەبىردە ( ھىجرىيە 484 - يىلى رامىزان ) ئىككىنچى قېتىم باغداتقا كەلگەن . سۇلتانلىق سارىيىدا ئىنىسى تاجۇ دۆلەت تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ نائىب ئەمىرى قەسىم دۆلەت ئاقسۇنقۇر قاتارلىق غەربىي ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تولۇق سالامغا كەلگەن . تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە باغدات توغرۇلبەگ دەۋرىدىن بۇيان بۇنداق ھەيۋەتلىك ھالغا كېلىپ باقمىغان ئىكەن . ئەينى ۋاقىتتا سالجۇقىلار ئاناتولىيەنى ئىسرائىل يابغۇنىڭ ئوغلى قۇتۇلمىشقا بۆلۈپ بەرگەن . ئۇ ئالپ ئارسلان قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان سۈرىيەگە ھۇجۇم قىلىپ ، مەلىكشاھنىڭ ئىنىسى تۇتۇش قولىدا ئۆلگەن . مەلىكشاھ ئۇنىڭ ئوغلى داۋۇتنى داۋاملىق قوللاپ ، ئاناتولىيە سالجۇق خانلىقىغا ئاساس سالغان . مەزكۇر خانلىق سالجۇقىلار جەمەتى ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ ، 1087 - يىلى داۋۇت قونيانى( كونيا ) ئىشغال

قىلغاندىن تارتىپ تاكى 1311 - يىلى ئىلخانىلار ( 1255 - 1355 ) خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغۇچە ساق 224 يىل داۋام قىلغان . ئوسمانىلارنىڭ دۆلەت ئاتىسى ئەرتوغرۇل بىلەن ئوغلى ئوسمان دەل مۇشۇ موڭغۇللار ھامىيلىقىدىكى ئاناتولىيە سالجۇق خانلىقىنىڭ سادىق بەگلىرى ئىدى. ئىلخانىلار ئاجىزلاشقاندا ، ئوسمانىلار غەرپتە زورىيىشقا باشلىغان . ئەمما ئۇلار ئاناتولىيەگە تەسىرىنى ئۇزاتقۇچە ، 1327 - يىلى ئاناتولىيە باش ۋالىيسى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر باشبۇغ ئالائىددىن ئەرەتنا ئاناتولىيەدە سالجۇقلاردىن كېيىنكى، ئوسمانىلاردىن بۇرۇنقى تۈنجى تۈرك مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىپ ، 1352 - يىلغىچە مۇستەقىل ئىدارە قىلغان . ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى 1382 - يىلغىچە ئاناتولىيەنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان .

ئەينى ۋاقىتتا سالجۇقىلارغا تەھدىت بولغان ئامىللار تۇتۇش بىلەن يۇقىرىقى ئاناتولىيە سالجۇقلىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردىن باشقا يەنە 1090 - يىلى سۇرىيەدىكى « ئالامۇت قەلئەسى » نى بازا قىلىپ كۆچەيگەن ئازغۇن ئىسمائىلىيە مەزھىپى كۈچلىرى بولۇپ ، ھاسان سابباھ ئىسىملىك ئاتامانى مۇشۇ قەلئەدە تۇرۇپ ، مۇرتلىرىنى سالجۇقىلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى، ھەتتا باش ۋەزىر نىزامۇل مۇلۇكنى 1092 - يىلى ئۆكتەبىردە قەستلەپ ئۆلتۈرگەن . ئۇلار بەئەينى ھازىرقى زاماندىكى « موساد » قا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن شام ، ئىراق ، ئىران ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردا جانلىنىپ كەتكەن . ئەسلىدە ئۇلار سامانىلار دەۋرىدىلا بۇخارا قاتارلىق جايلارغىچە يامراپ كەتكەن بولۇپ ، قاراخانىلار دەۋرىدە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىگىمۇ يامراشقا باشلىغاندا ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان ( ياغان تېكىن ) 1044 - يىلى ئاستىرتتىن ئىسمائىلىيەچىلەرگە مايىل بولغان بولۇۋېلىپ ، ئۇلارغا قوشۇلۇش ئۈچۈن كېڭەش چاقىرغاندا ، قاراخانىلار ۋە غەربىي ئىلىكخانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق ئىسمائىلىيە پىرقىسى كاتتىۋاشلىرى شاھانە سورۇنغا تولۇق قاتناشقان . مۇھەممەد بۇغراخان نەخ مەيداندا ئۇلارنى بىراقلا تۇتۇپ قىرىۋەتكەن . ئاندىن ئۇلارنىڭ قاراخانىلار تەۋەسىدىكى بارلىق مۇرتلىرىنى تازىلىۋەتكەن . شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىز تا ھازىرغىچە بۇ ئازغۇن پىرقىنىڭ زىيانلىرىدىن مىڭ يىل ئامان قالغان . بۇنداق زىيانكەت ھىلىسىنى ئارىدىن 700 يىلدىن كېيىن مىسىر ۋالىيسى مۇھەممەد ئەلى پاشا قاھىرە شەھىرىدىكى سۇلتان سالاھىددىن قەلئەسىدە قايتا ئىشلەتكەن . شۇنىڭ بىلەن 300 يىلغا يېقىن ئوسمانىلار بىۋاستە باشقۇرالمىغان مىسىر بىراقلا مۇھەممەد ئەلىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن . بۇ خەتەرلىك ئامىللار مەلىكشاھ ۋە تۈركان خاتۇن ۋاپاتىدىن كېيىنلا بىراقلا تەڭ كۆچىيىپ ، قۇدرەتلىك سالجۇقىلارنى پارچىلاپ تاشلىغان .

باش ۋەزىرنىڭ نەشىكەش ( ھاششاشۇنچى ) ئىسمائىلىيە قاتىللار گۇرۇھى پىرقىسى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى ، سۇلتان مەلىكشاھنىڭ بىر ئاي كېيىن ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇشى . خەلىپە مۇقتەدىنىڭ ئاجىز ۋە چارىسىز قېلىشى ، سالجۇقىلار جەمەتى ئىچىدە ئالپ ئارسلان ۋە مەلىكشاھ كەبى قابىلىيەتلىك ۋە جەسۇر بىرى بولمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەپلەر قۇدرەتلىك سالجۇقىلارنىڭ تەقدىرىنى قىل ئۇستىگە ئەكىلىپ قويغاندا ، تۈركان خاتۇن دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، يۈز ئەركىشىدە بار غەيرەتنى ۋە جاسارەتنى كۆرسىتىپ ، بۈيۈك سالجۇقىلار سەلتەنىتىنى شۇ پېتى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئۆز ئوغلى مەھمۇدنى سۇلتان قىلىش ، نەۋرىسى جەئپەرنى ئاباسىلار خەلىپىسى قىلىپ ، ئۆزى ئوغلى سۇلتان مەھمۇدقا نائىپلىق قىلىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن سالجۇقىلار ۋە ئابباسىيلارنى قاراخانىلاشتۇرۇش يولىنى تۇتتى . چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ، ھەم غەربىي قاراخانىلار ھەم شەرقىي قاراخانىلار تەڭلا ئۆز نەسلىدىن بولغان تۈركان خاتۇننى قوللاپ ، سالجۇقىلاردىنمۇ سەلتەنەتلىك بىرلا ھاكىمىيەت ئوتتۇرىغا چىقاتتى . ھەر قېتىم بىر سۇلتان قازا قىلسا ، قالغانلار تەخت تالىشىپ ئۇرۇش قىلىپ دۆلەتنى پارچىلىۋېتىش خەۋپىنى تۈگەتكىلى بولاتتى . تولىمۇ ئەپسۇس ، تەقدىر تۈركان خاتۇنغا تەتۈر باقتى . ئەمما تۈركان خاتۇن ۋايسىمىدى . ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە غايىسىگە يېتىش يولىدا كۈرەش قىلىشنى توختىتىپ قويمىدى .

ئەسلىدە « سەلتەنەت بىلەن خەلىپىلىكنى ئۆز نەسلىدە جەم قىلىش » مەلىكشاھنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇسى بولۇپ ، 1088 - يىلى 5 - فېۋرال نەۋرىسى جەئپەر تۇغۇلغاندىن كېيىنلا، خەلىپىنى ئەسلىدىكى ۋەلىئەھدىسى ئەبۇل ئابباس ئەھمەد مۇستەزھىر بىللاھنى بىكار قىلىپ ، جەئپەرنى ۋەلىئەھدى قىلىشقا زورلىغان . ئەمما

خەلىپە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەچكە ، باش ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ئولتۇرغان سۇلتان بىراقلا غەزەپلىنىپ خەلىپىنى باغداتتىن چىقىپ كېتىپ ، مەككە ، مەدىنە ، بەسرە ياكى ئىسپاھانغا كۆچۈپ كېتىشكە بۇيرۇغان . خەلىپە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ ، قېيىن ئانىسى تۈركان خاتۇن يېنىدا پاناھلانغاچ ، ئۈچ يىلدىن بېرى يۈزىنى كۆرمىگەن ئوغلى جەئپەرنى باغرىغا بېسىپ قېنىۋالماقچى بولغان . شۇڭا ئۇ ئون كۈنلۈك مۆھلەت سوراپ ، ئىسپاھانغا چىقىپ كەتمەكچى بولغان . ئەمما ئون كۈنلۈك مۆھلەت توشمايلا ، 1092 - يىلى 19 - نويابىر مەلىكشاھ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان . خەلىپە سۈرگۈن قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان . شۇنداق قىلىپ ، 35 كۈن ئىچىدىلا 1018 - يىلى 10 - ئاپرىل خۇراساندىكى تۇستا تۇغۇلۇپ ، 1063- يىلدىن بېرى سالجۇقىلار باش ۋەزىر بولۇپ كەلگەن ئۆتكۈر سىياسىيون نەسىردىن تۇسى ( نىزامۇل مۈلۈك ) 1092 - يىلى 14 - ئۆكتەبىر ، سۇلتان مەلىكشاھ 19 - نويابىر قازا قىلىپ ، يالغۇز تۈركان خاتۇنلا قېپقالغان .

## 6 . تۈركان خاتۇننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

تۈركان خاتۇن بىلەن نىزامۇل مۈلۈك ئارىسىدا يىگىرمە يىلغا يېقىن داۋام قىلغان سۈركىلىش ئاخىرى تۈركان خاتۇننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان . ئىككى قابىل سىياسىيون ئارىسىدا قوزغالغان پۈت تېپىشىش ئاخىرىدا مەلىكشاھ سۇلتانىنىمۇ كەسكىن قارار بېرىشكە قىستىغان . تۈركان خاتۇننىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشنى پەقەت خالىمايدىغان ۋە تۈركان خاتۇننىڭ ئۆزىدىن ھەر جەھەتتە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان مەلىكشاھ 1092 - يىلنىڭ ئاخىرلىرى ۋەزىرىگە مۇنداق بىر مەكتۇپ ئەۋەتكەن : « مەن پات ئارىدا بىر بۇيرۇق بىلەنلا بېشىڭدىكى يوغان سەللەڭنى ( كاللاڭنى ياكى مەنسىپىڭنى ) بېشىڭدىن جۇدا قىلىۋېتىمەن ». ۋەزىر سالماق ھالدا مۇنداق جاۋاپ يازغان :

« خانلىق تاجىنى بېشىڭغا قويغان زات دەل ۋەزىرلىك سەللەمنى بېشىمغا قويغان زاتتۇر . ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ . بىرى كەتسە ، يەنە بىرسى چوقۇم كېتىدۇ » . باشقا مەنبەلەردە ، سۇلتان ئۇنىڭغا : « سېنىڭ سەللەڭنىڭ قىممىتى زادى قانچىلىك !؟ » دېگەن مەكتۇپىغا ۋەزىر جاۋابەن : « سەللەم زادى قانچىلىك قىممەتلىك ، بۇنى بىلمىدىم . ئەمما بېشىڭدىكى خانلىق تاجىنىڭ مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تىللاچىلىك قەدرى يوقتۇر ! ». مانا بۇ جاۋاپ مەكتۇپ مەلىكشاھنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ . ئۇ شۇ ھامانلا ۋەزىرنى ئىشتىن بوشاتقان . ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋەزىر ئىسمائىلىيە قاتىللىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن . شۇندىلا سۇلتان ئەينى ۋاقىتتا ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىگە جىددىي قاراپ ئالامۇت قەلئەسىنى تۈزلىۋەتمىگەنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلغان . سۇلتان قەلئەگە ئۈچ ئېلىش ھۇجۇمى قوزغىغاندا ، ئالامۇت قەلئەسى ئاللىبۇرۇن تەيياتلىقنى تەل قىلىپ بولغان ئىدى. ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمىدىن بىر ئاي كېيىنلا سۇلتانمۇ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ ، قەلئە ئامان قالغان . مانا مۇشۇ پالاكەت قەلئە 1090 - يىلدىن 1255 - يىلغىچە 165 يىل غەربىي ئىسلام دۇنياسىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان . ئۇلارنىڭ قولىدا ساناقسىز دۆلەت ئەركانلىرى قازا قىلغان . مەزكۇر قەلئە ھەتتا بۈيۈك موڭغۇل قاغانى مۆڭكۈخاننىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان . ئۇ 1256 - يىلى يازدا ئىنىسى ھىلاكۇغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، باغداتنى ئىشغال قىلىشتىن ئاۋۋال چوقۇم ئالامۇت قەلئەسىنى تۈزلىۋېتىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن . ھىلاكۇ قاغاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە تەبرىزدىن بىۋاستە ئالامۇت قەلئەسىگە يۈرۈش قىلىپ ، قاتمۇ - قات قورشىغان . 1256 - يىلى 15 - دېكابىر ھىلاكۇخان ئالامۇت قەلئەسىنى ۋەيران قىلىپ ، غەربىي ئاسىيادىكى 222 يىللىق قورقۇنچ ۋە 166 يىللىق پىتنىنىڭ ئۇۋىسىنى يوق قىلغان . مەشھۇر ئىلخانىلار تارىخچىسى ، مەشھۇر تارىخ كىتابى « جامىئۇت تەۋارىخ » نىڭ مۇئەللىپى راشىددىن ھەمەدانىمۇ دەل مۇشۇ قەلئەدە ئىلخان ھىلاكۇغا ئەسىرگە چۈشكەن . ھىلاكۇ ئۇنى باللىرىغا ئۇستاز قىلىپ بەرگەن . ئۇ ھىلاكۇنىڭ مۇسۇلمان بولغان ئەۋلادلىرى مەھمۇد قازانخان ، ئولجايتۇخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىدخان دەۋرىدە يۇقىرىقى مەشھۇر تارىخ كىتابىنى يېزىپ چىققان .

سالجۇقىلارنىڭ بىراقلا دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغان ئۈچ مۇھىم كىشىدىن ئىككىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى ئەڭ ئاخىرقى بىرى بولغان تۈركان خاتۇننىڭ يۈكىنى بىراقلا ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. تۈركان خاتۇن ئالپ ئارسلانخان

ئۆلگەندىن كېيىنكى مالىمانچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ ، مەلىكشاھنىڭ ئۆلۈمىنى قاتتىق سىر تۇتقان . پەقەت ساناقلىق كىشىلەرگىلا بىلدۈرۈپ ، يېڭى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغان . ئۇ سۇلتان ۋاپات بولۇپ ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا ، باغداتتىكى خەلىپە كۇيئوغلى مۇقتەدىگە بۇ سىرنى ئېيتىپ بېرىپ ، ئۇنى 25 - نويابىردىن ئېتىبارەن بەش ياشلىق ئوغلى مەھمۇدقا خۇتبە ئوقۇتقۇزغان . شۇنداق قىلىپ تۇركان خاتۇن ئوغلى سۇلتان مەھمۇدقا 1092 - 1093 - يىللىرى ئون مىليون كىۋادرات كىلومېتىرلىق بۈيۈك سالجۇقىلار تەۋەسىدە قىسقا مەزگىل خۇتبە ئوقۇلغان . تۇنجى خۇتبە ھىجرىيە 485 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 22 - كۈنى جۈمە بىرلا ۋاقىتتا باغدات ۋە ئىككى ھەرەمدە ئوقۇلغان .

خۇتبىلەردە سۇلتان مەھمۇد « ناسىرىددۇنيا ۋە دىن ( دۇنيا ۋە دىنىنىڭ ياردەمچىسى )» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان . گەرچە خەلىپە تۇركان خاتۇنغا كىچىك بالىنىڭ سۇلتان بولۇشى جائىز ئەمەس دەپ كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ ، ھەتتا داڭلىق ئالىم ئىمام غەززالىنى تۇركان خاتۇن ئالدىغا ئەۋەتىپ ، پەتىۋا بەرگۈزگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۆز ئوغلى جەئپەرنى مۇشۇ پۇرسەتتە يېنىغا ئەكىۋېلىش بەدىلىگە تۇركان خاتۇنىنىڭ تەلىپىگە قىسمەن قوشۇلغان . يەنى ، تۇركان خاتۇن ئوغلى سۇلتان مەھمۇد پەقەت نامدىلا سۇلتان بولىدىغان بولغان . پۇللارغا خەلىپە ئۆز نامىنى قويىدىغان بولغان . شۇنداق قىلىپ ، ئارىدىن 150 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، تۇنجى قېتىم خەلىپىنىڭ ئۆزىنىڭ نامىدا پۇل قۇيۇلغان.

تۇركان خاتۇن مەلىكشاھ باغداتتا ۋاپات بولغان ھامان ، ئالدى بىلەن ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى سۇلتاننىڭ 14 ياشلىق چوڭ ئوغلى بەركىيارۇقنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن . ئۇلار خانزادىنى قولغا ئېلىپ ، ئىسپاھاندىكى زىندانغا تاشلىغان . بىراق سۇلتاننىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى تارقالغان ھامان ، سۇلتاننىڭ ئاناتولىيەدىكى جىيەنلىرى مۇستەقىللىق جاكارلىغان . ئىنىسى تۇتۇشمۇ شامدا مۇستەقىللىق جاكارلىغان . شەرقتىكى ئىنىسىمۇ خۇراسان بىلەن بەلخنى ئىگىلەپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان . پەقەت سۇلتاننىڭ تاغىسى ياقۇتى داۋۇتلا تۇركان خاتۇننى قوللىغان . ئەمما ئۇنىڭ قىزى زۇبەيدە ئوغلى بەركىيارۇقنىڭ تۇركان خاتۇن تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىدىن ئەنسىرىگەن . تۇركان خاتۇنمۇ بەركىيارۇقنىڭ بوۋىسى ياقۇتىنىڭ ئىپادىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ، نەۋرىسىگە قول سالمىغان . پەقەت ئۇنىڭ تەخت ماجراسى تۇغدۇرۇپ ، ئىش چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ قاماپ قويغان . سالجۇق جەمەتلىرى تەرەپ - تەرەپتىن مۇستەقىل بولۇۋالغاچقا ، ئەسلىدە سالجۇقىلارغا قارام ئەللەرگە ئايلىنىپ قالغان غەربىي قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەرمۇ تولۇق مۇستەقىل بولۇۋالغان . بۇ ھال تۇركان خاتۇن ئۈچۈن زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرغان . بولۇپمۇ ، سابىق باش ۋەزىر تەرەپدارلىرى بەركىيارۇقنى ئىسپاھاندىن ئېلىپ قېچىپ ، رەي شەھىرىدە سۇلتان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، تۇركان خاتۇن ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان . ئۇ ئۆزى قوشۇن باشلاپ 1093 - يىلى يانۋاردا باغداتتىن ئىسپاھانغا كەلگەن . بەركىيارۇق ئىسپاھاندىن چېكىنىپ ، رەيگە بېرىپ ئەسكەر توپلاشقا باشلىغان . ئاقىۋەت ئىككى تەرەپ 17 - يانۋاردىن 22 - يانۋارغىچە شىددەتلىك جەڭ قىلغان . بۇ ئارىدا تۇركان خاتۇن تەرەپتىكى بىر نەچچە قوماندان قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەچكە ، تۇركان خاتۇن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ، ئىسپاھانغا چېكىنگەن . بۇ ئۇرۇشتا تۇركان خاتۇننىڭ ۋەزىرى تاجۇل مۈلۈك بەكىيارۇققا ئەسىرگە چۈشكەن . بەركىيارۇق ئۇنى ۋەزىر قىلىۋالغان . ئەمما سابىق باش ۋەزىر تەرەپدارلىرى ئۇنى فېۋرالدا ئۆلتۈرىۋەتكەن .

بەركىيارۇق ئىسپاھاننى قورشىۋالغاندا تۇركان خاتۇن ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ ، ئەسلىدىكى چوڭ سەلتەنەتتىن ۋاز كېچىپ ، بەركىيارۇقنى ئىراق ، ئەزەربەيجان ، ئاناتولىيە ۋە شامدىن ئىبارەت غەربىي سالجۇقىيلار تەۋەسىنىڭ سۇلتانى قىلىپ ، ئۆزى ۋە ئوغلىغا ئىسپاھان مەركەز ئىران ۋە خۇراساننى ئېلىپ قالغان . چۈنكى بۇنداق بولغاندا ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا دۆلتى ۋە قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىلاردىن بىۋاستە ھەربىي ياردەم ئالغىلى بولاتتى .

تولىمۇ ئەپسۇس ، 1093 - يىلى 8 - ئىيۇن خەلىپە ۋەلىئەھدىسى بولغان نەۋرىسى جەئپەر قازا قىلىپ كېتىپ ، ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنى قاراخانىلاشتۇرۇش پىلانى مەغلۇپ بولغان . نەتىجىدە خەلىپە يېنىكلەپ ، 1078 - يىلى تۇغۇلغان ئوغلى مۇستەزھىر بىللاھ ( 1078 - 1118 ) نى قايتا ئىز باسار قىلغان . دەل شۇ يىلى مۇستەزھىرنىڭ ئوغلى مۇستەرشىد تۇغۇلغان ئۇ دادىسىدىن كېيىن خەلىپە بولغان .

**1094** - يىلى يانۋاردا باغداتقا يېتىپ كەلگەن بەركىيارۇق خەلىپىدىن ئۆزىنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ، ھىجىرىيە **487** - يىلى مۇھەررەمنىڭ **14** - كۈنى جۈمە ( **1094** - يىلى **2** - فېۋرال ) باغداتتا ئۇنىڭ نامىغا تۇنجى خۇتبە ئوقۇلغان . ئەمما ئۇ تېخى خەلىپە تەرىپىدىن رەسمىي مۇراسىم بىلەن تەيىنلەنمەي تۇرۇپلا ، ئەتىسى شەنبە كۈنى خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللاھ تۇيۇقسىز قازا قىلغان . بۇ ۋاقىتتا ئۇ **39** ياشقا كىرەي دېگەن ئىدى . **19** يىل ، **8** ئاي ، **2** كۈن خەلىپە بولغان. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئەرمەن بولۇپ ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ، نەۋرىسى مۇستەزھىر ( **1094** - **1118** ) ۋە ئەۋرىسى مۇستەرشىد( **1118** - **1135** )نىڭ دەۋرىگىچە ياشىغان ئىدى . **1094** - يىلى **5** - فېۋرال سۇلتان بەركىيارۇق يېڭى خەلىپىگە بەيئەت قىلغان . ئۇ « رۇكنۇددىن » دېگەن نامغا ئېرىشكەن . مۇراسىمنى ئىمام غەززالى بىلەن سابىق ۋەزىر نىزامۇل مۇلۇكنىڭ ئوغلى ئىززۇل مۇلۇك قاتارلىقلار باش بولۇپ، بارلىق ھەربىي ، مۇلكىي ئەمەلدارلار ۋە دىنىي ئالىملار يىغىلغان سورۇندا مۇراسىمنى قائىدىسى بويىچە تۈگەتكەن .

**1094** - يىلى ھەقىقەتەن ئېغىر مۇسىبەت يىلى بولدى . بىر يىل بۇرۇن تۇركان خاتۇننىڭ ئامراق نەۋرىسى جەئپەر قازا قىلغان بولسا ، بۇ يىلى **2** - فېۋرال ئۇنىڭ دادىسى خەلىپە ( تۇركان خاتۇننىڭ كۈيئوغلى ) تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان .

يېڭى سۇلتان بەركىيارۇق تۇركان خاتۇننى ئانىسىدەك كۆرۈپ ، كېلىشىم بويىچە ئۇنىڭغا دەخلى قىلماي ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تاغىسى تۇتۇش ۋە ئاناتولىيە بىلەن ئەزەربەيجاندىكى ئىسيانچى ئەمىرلەرگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بوپكەتكەن . تۇركان خاتۇنمۇ سالجۇقىلارنىڭ بۇنداقلا توزۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالماي ، تۇتۇش بىلەن بەركىيارۇقنى قايتا ياراشتۇرۇپ ، باشقا ئىسيانچى ئەمىرلەرنى ئەل قىلماقچى بولۇپ ، شۇ يىلى يازدا ئىسپاھاندىن شامغا قاراپ يولغا چىققان . بىراق يول ئۈستىدە ئاغرىپ قېلىپ ، ئىسپاھانغا قايتىپ كەلگەن . ئۇزاق ئۆتمەيلا كېسىلىدىن ساقىيالماي ، **1094** - يىلى **22** - سېنتەبىر جۈمە ( ھىجىرىيە **487** - يىلى رامىزاننىڭ **11** - كۈنى ) ۋاپات بولغان . ۋاپات بولۇش ئالدىدا سەردارى ئەمىر ئۆنەر بىلەن ئەمىر سۇرمۇزغا ئوغلى سۇلتان مەھمۇدنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىپ ، قولىدىكى ئون مىڭ سادىق ھەربىي قىسمىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن . مەزكۇر ئون مىڭ ئەسكەر تۇركان خاتۇننىڭ **22** يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئىشلىتىپ كەلگەن خاس قوشۇنى بولۇپ ، تۇركان خاتۇنغا ئەبەدىي سادىق ئىدى.

سۇلتان بەركىيارۇق بولسا مۇراسىمدىن كېيىنلا جىددىي چوڭ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىپ ، **1094** - يىلى ئۆكتەبىردە ئاران مىڭ ئەسكەر بىلەن تاغىسى تۇتۇشنىڭ **50** مىڭ ئەسكىرىگە دۈچ كېلىپ قېلىپ ، تاغىسى قولىدا يېڭىلىپ قالغان . بۇ ئۇرۇشتا ئۇ پەقەت بۇرسۇق ، كۈمۈشتېكىن جاندار ۋە يارۇق قاتارلىق بۇرۇن تۇركان خاتۇندىن يۈز ئۆرىگەن چوڭ سەركەردىلەر بىلەنلا ئامان قالغان . چىقىش يولى قالمىغان سۇلتان بەركىيارۇق ئاخىرى يەنىلا ئۆگەي بولسىمۇ ئەركەك مىجەز مەرت ئانىسى تۇركان خاتۇن بىلەن ئىنىسى سۇلتان مەھمۇدنى پاناھ تارتىپ ئىسپاھانغا كەلگەن . ئۇنى شەھەر ئىچىدىن ئىنىسى سۇلتان مەھمۇد چىقىپ كۈتۈۋالغان . ئەمما بۇ ۋاقىتتا جالالىيە تۇركان خاتۇن ۋاپات بولغىلى بىر ئايدىن ئاشقان بولۇپ، بەركىيارۇق بۇ ئەھۋاللارنى بىلمەيتتى . بۇ شەھەردىكى بارلىق قوشۇن تۇركان خاتۇننىڭ سادىق كىشىلىرى بولۇپ ، قوماندانلار سۇلتان بەركىيارۇقنى زىندانغا تاشلاپ ، ناكار قىلىش ھەققىدە تېۋىپتىن مەسلىھەت سورىغان . چۈنكى بۇ كۈنلەردە سۇلتان مەھمۇدقا چېچەك چىقىپ قالغان بولۇپ ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە ئىدى . شۇڭا تېۋىپ ئۇلارغا : « ئەگەر سۇلتان مەھمۇد ئۆلۈپ كەتسە ، سۇلتان بەركىيارۇق بولمىسا بولمايدۇ . ئەگەر سۇلتان مەھمۇد ساقايسا ، ئاندىن بەركىيارۇقنى نېمە قىلساڭلار مەيلى » دەپ نەسىھەت قىلغان . تەقدىر سۇلتان مەھمۇدنى تاللىۋالغان . ئۇ **1094** - يىلى **2** - نويابىر جۈمە ساقىيالماي قازا قىلغان ( ھىجىرىيە **487** - يىلى. شەۋۋالنىڭ **22** - كۈنى) . ئۇ ھىجىرىيە **480** - يىلى سەپەرنىڭ **6** - كۈنى ( **1087** - يىلى **11** - ماي دۈشەنبە ) تۇغۇلغان ئىدى . تۇركان خاتۇننىڭ ئالدىنقى ئىككى ئوغلى داۋۇت بىلەن ئەھمەد كىچىكلا قازا قىلغان ئىدى. ئارزۇلۇق قىزىمۇ ياشلا كېتىپ قالغاننى ئاز دەپ، ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇلۇق ئوغلىمۇ ئۇزىدىن **40** كۈن كېيىنلا كېتىپ قالغان . بىر ئانا ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا چىدىغۇسىز ئازاب ئەمەسمۇ!؟

تۈركان خاتۇن كەتتى . ئەمما نامى ئەبەدىي قالدى . **41** يىللىق قىسقىغىنە ھاياتىدا تارىختا ھېچبىر مۇسۇلمان ئايال ئېرىشىپ باقمىغان مەرتىۋە ۋە سەلتەنەتكە ئىگە بولغان تۈركان خاتۇن تومۇرىدا ئېقىۋاتقان ئالپ ئەرتۇڭا قاغان ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قېنىغا لايىق ھالدا پامىردىن مىسىرغىچە ، كاۋكازدىن كەشمىرگىچە ، كونيادىن قەشقەرگىچە ، ئالتايدىن يەمەنگىچە بولغان ئون مىليون كۇۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بىپايان جۇغراپىيەدە نامىنى ئەبەدىي قالدۇرۇپ كەتتى . تا بۈگۈنگە قەدەر تۈركان خاتۇننىڭ ئەسلى ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما « تۈركان خاتۇن » نامى تىلغا ئېلىنسىلا، ئىختىيارسىز بۇ گىگانت ھۆكۈمدار ئايال ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ . « تۈركان خاتۇن » قالدۇرغان ئۆلگە نەتىجىسىدە **1112** - يىلدىن **1212** - يىلغىچە يەنە بەش « تۈركان خاتۇن » مەيدانغا چىقىپ ، قاراخانىلارنىڭ يەنىلا سالجۇقىلار ۋە خارەزىمشاھلارنىڭ مەنىۋى ئۇستازلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرغان. ئۇلار ھەققىدىمۇ چۇشەنچە بېرىشكە ئاللاھ ئىگەمدىن تەۋپىق تىلەيمىز .

خۇلاسە قىلغاندا ، تۈركان خاتۇن ئۈچۈن نەچچە توملۇق ئەسەر يېزىلسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ . ئۇنىڭ ھەر بىر ساھەدىكى ئۇتۇقلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر مۇكەممەل ئەسەر بولۇپ پۈتۈپ چىقىدۇ . ھازىرغىچە چەتئەل ئالىملىرىدىن بىر نەچچە كىشىنىڭ تۈركان خاتۇن ھەققىدە ئايرىم ئەسەر يازغانلىقى ئاشكارا بولسىمۇ ، ئەمما سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش ئۇيغۇرلاردىن تېخى بىرمۇ كىشى بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتىپ باققىنى يوق . بىز ئۆزىمىز قەدرىنى قىلمىغان بارلىق تارىخىي شەخسلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ھامان چاققان چىققان خوشنىلار تەرىپىدىن « بېقىۋېلىنىدۇ ۋە تارتىۋېلىنىدۇ » ..........

مەنبەلەر :


**1** . ئۇيغۇر يىلنامىسى
**2** . ئىسلام ئىنىسكلوپېدىيىسى
**3** . ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى
**4** . ئەلكامىل فىت تارىخ
**5** . ئەلبىدايە ۋەننىھايە
**6** . بۇغراخانلار تەزكىرىسى
**7** . سالجۇقىلار تەزكىرىسى.
**8** . قاراخانىلار تۈركىستاندا ( قۇيدۇرغان پۇللار)
**9** . ئىران تارىخى ( تاھىرىلاردىن قاچارلارغىچە)
**10** . سالجۇقىلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىمىرىلىشى
**11** . تۈرك ۋە موڭغۇل تارىخى
**12** . تارىخى جاھانكۇشاي
**13** . رەۋزەتۇسسافا
**14** . تەلفىقۇل ئەخبار
**15** . جامىئۇت تەۋارىخ
**16** . ماۋارائۇننەھىر تارىخى ( بۇخارا تارىخى )
**17** . سامانىلار تارىخى
**18** . غەزنەۋىلەر تارىخى
**19** . مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تەرجىمىھالى
**20** . سىياسەتنامە
**21** . تارىخىمىزدىكى سىرلار ۋە ئۇنتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز
**22** . شەرقىي تۈركىستان تارىخى


**2020** - يىلى **21** - مارت. قۇتلۇق نورۇز.




# فرانسىيە ئۇيغۇرلىرى

فرانسىيە غەربىي ياۋروپاغا جايلاشقان دۆلەت بولۇپ، يەر كۆلمى **640،679** كۋادرات كىلومېتىر ، نوپۇسى يەتمىش مىليوندۇر. فرانسىيە بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، موناكو قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. فرانسىيە دۇنيانىڭ ھەر قايسى قىتئەلىرىدە (ئارال) زېمىنى بولغان ئاز ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ فرانسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نەچچە ئون يىللار بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، **2009**-يىلىدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى خىتاينىڭ ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇمىدىن قېچىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، ئاساسلىقى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر قاتارىدا فرانسىيەگىمۇ يەرلەشتى. **2016**-يىللاردا خىتاي ئۆزىنىڭ رەزىل نىيىتىنى ھەقىقىي ئاشكارىلىغاندىن باشلاپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلار ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، شۇنداقلا فرانسىيەدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئاۋۇدى. نۆۋەتتە فرانسىيەدە تەخمىنەن تۆت مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر بارلىقى مۆلچەرلىنىدۇ.

فرانسىيەدە ئۇيغۇرلار ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىككى خىزمەت ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «فرانسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى»، يەنە بىرى «ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنىستىتۇتى»دۇر.

2014-يىلى فرانسىيەدە «فرانسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى» قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەركەز فرانسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى تىل ۋە مىللىي مەدەنىيەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، فرانسىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ مەركەزنىڭ مەسئۇلى خۇرشىدە خانىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر جەمئىيەت فرانسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ھەر خىل تىل كۇرسلىرىنى ئېچىش، كۇرسانتلار ئۈچۈن پراكتىكا مەيدانلىرى ھازىرلاپ بېرىشتەك ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنى مەمنۇن قىلغان.

يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلەش دولقۇنى يۇقىرى چەككە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىپادىسى فرانسىيەدىمۇ كۆرۈلگەن. «فرانسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى» بۇ دۆلەتتىكى سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ فرانسۇز تىلى كۇرسلىرىغا ئورۇنلىشىشى ۋە كۇرسنى تاماملىغاندىن كېيىن پراكتىكا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان. فرانسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بۇ سەۋەبتىن تۆت خىل تىلدا تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسانلاشتۇرۇش يولىدا قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىشقا تىرىشقان. فرانسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى مەسئۇلى خۇرشىدە خانىم بۇ خىزمەتلىرىنىڭ پارىژدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا خوشاللىق بەخش ئەتكەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

فرانسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى يەنە فرانسىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىمۇ يولغا قويۇش پىلانىغا كىرىشكەن ۋە مەخسۇس دەرسلىكلەر ھازىرلاشنى باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، فرانسىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن ئۆز - ئارا تونۇشۇش، سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆگىنىش پۇرسەتلىرى يارىتىپ بېرىش، ھېيت - بايراملاردا بىر ئارىغا جەم بولۇش، ئىككى ھەپتىدە ياكى تۆت ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇچرىشىش سورۇنلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشنى كۈن تەرتىپكە قويغان ھەمدە ئىشقا ئاشۇرغان.

فرانسىيەدە ئۇيغۇرلار قۇرغان يەنە بىر ئورگان «ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى» بولۇپ، بۇ ئىنستىتۇت 2019-يىلى يىل بېشىدا فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە قۇرۇلغان.

ئەسلىدىكى فرانسىيە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى «ئوغۇز»نىڭ قايتا تەشكىللىنىشى ئارقىلىق قۇرۇلغان ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى فېستىۋاللار ئارقىلىق فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرشۇناسلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپلا قالماي، خىزمەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي تەتقىقات ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى بولۇشقا تىرىشماقتا. بۇ ئارقىلىق ياۋروپا ئۇيغۇر دىئاسپوراسىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قەتئىي قوغداپ، ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغىلا ئەمەس، تېخىمۇ تەرەققى قىلىشى ۋە بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن ۋە سۆيگەن بىر ئەۋلات ياۋروپالىق ئۇيغۇر ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ، ئەسلى ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى




# 5G تورى رىقابتى

سىز 5G تورى ۋە چوڭ بىرىك (Big data)نىڭ دۇنيامىزنى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر – تەشۋىقاتلارنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن ھەر دائىم كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرۇۋاتقان بۇ «5G تورى»نىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ بۈگۈنكى دۇنياۋى رىقابەتتە، بولۇپمۇ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ئىقتىسادىي گەۋدە دەپ قارىلىۋاتقان ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان رىقابەتتە نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر مۇھىم؟ دائىم 5G تورى بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدىغان چوڭ بىرىك (Big data ) دېگەن نېمە؟ ئۇ تۇرمۇشىمىزغا زادى قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىمىز.

## 5G دېگەن نېمە؟

5G تورى ئىنگىلىزچىدىكى «**the fifth-generation (5G) wireless network**»نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «بەشىنچى ئەۋلاد سىمسىز تورى (تېخنولوگىيىسى)» دېگەنلىكتۇر. 5G تورىنىڭ نۆۋەتتىكى 4G توردىن ئون ھەسسىدىن يۈز ھەسسىگىچە تېز، شۇنداقلا تېخىمۇ تۇراقلىق بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، 5G تورى شارائىتىدىكى تېپىك چۈشۈرۈش سۈرئىتى ھەر سېكۇنتتا بىر گىگابايت بولىدىكەن. 5G تورىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئەڭ تېز سۈرئىتى سېكۇنتىغا ئون گىگابايت بولۇپ، 4G تورى شارائىتىدا ئالتە مىنۇت (360 سېكۇنت)تا چۈشۈرگىلى بولىدىغان ھۆججەتلەرنى، 5G تورى شارائىتىدا 3.6 سېكۇنتتا چۈشۈرگىلى بولىدىكەن. مەزكۇر تور ھازىر خىتاي مىقياسىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

مەزكۇر تور سىستېمىسىنىڭ ھالقىلىق ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زىيادە تېز سۈرئىتىگە تايانغان تېز ئىنكاسچانلىقىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئىنكاسچانلىق» يانفوندا (كومپيۇتېردا ۋە باشقا كۆچمە ئەقلىي ئۈسكۈنىلەردە) بىر ئۇلانمىنى ياكى ۋىدىيونى قويۇش كونۇپكىسىنى باسقاندىن باشلاپ شۇ مەشغۇلاتنىڭ باشلىنىشىغىچە، يەنى تور سىستېمىسىغا تەلەپ ئەۋەتىلگەندىن باشلاپ، تور سىستېمىسى ئىنكاس قايتۇرغۇچە (تور بەتلەر ئېچىلىپ، ۋىدىيولار قويۇلغۇچە) بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ئىنكاسچانلىق ـــ سوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىنكاس قايتۇرۇشقا موھتاج بولغان شوپۇرسىز قاتناش ۋاستىلىرى دېگەندەك نەرسىلەر ئۈچۈن بەكلا مۇھىم.

## چوڭ بىرىك (Big data) دېگەن نېمە؟

«چوڭ بىرىك» بىز ھەركۈنى تور دۇنياسىدا شەكىللەندۇرگەن، قانداق خەۋەر كۆرگەنلىكىمىز، قانداق نەرسىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىمىز دېگەندەكلەرگە ئالاقىدار غايەت زور مىقدارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سانلىق مەلۇماتلار پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ، مېخانىك ئەقلىي دېتاللارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## 5G ۋە چوڭ بىرىك بىرلىكتە قانداق ئىشلەيدۇ؟

بىز ھەركۈنى 2.5 كۇنتىللىيون (ئۇنىڭ 18 – دەرىجىسى، 1 كۇنتىللىيون = 1000000000000000000) بايت سانلىق مەلۇمات شەكىللەندۇرىمىز. بىز بارغانسېرى كۆپلەپ تور مۇلازىمىتى ۋە كومپيۇتېر، يانفون قاتارلىق ئىنتېرنېتقا ئۇلانغان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەچكە، بىز شەكىللەندۇرىدىغان سانلىق مەلۇماتلارمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

بۇ قەدەر زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش كۈچلۈك تور سىستېمىسىغا موھتاج. 5G تورى دەل مۇشۇ خىل ئېھتىياجنى قامدايدىغان سۈرئەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە. رەقەملىك تېخنىكىلار بىزنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شەكلىمىزنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىدىغان تۆتىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىدا، 5G تورىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن چوڭ بىرىگ زۆرۈر يېتەكچى ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر سىستېمىدا، تورلاشقان بىر زاۋۇتتىكى ماشىنىلاردا شۇ ماشىنىنىڭ ئىشلەش سۈپىتىگە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى توپلايدىغان سەزگۈچ بار بولىدۇ. مەزكۇر سەزگۈچ توپلىغان ئۇچۇرلار باشقۇرغۇچىلارنى قايسى ماشىنىنىڭ باشقا ماشىنىلارغا ئوخشاش ئۈنۈملۈك ئىشلىمەيۋاتقانلىقىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەزكۇر سانلىق مەلۇماتلار يەنە ماشىنىلاردا ئېنېرگىيە ئىسراپچىلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى بايقىغان ھامان، چوڭ چاتاق چىقىشتىن ئىلگىرى باشقۇرغۇچىلارغا ئەسكەرتىش بېرەلەيدۇ.

5G تورى يەنە «ئەقىللىق شەھەر»گە ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرىنى روياپقا چىقىرىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئەقىللىق شەھەر ئەشيا ئىنتېرنېتى (internet of things) سەزگۈچى ۋە چوڭ بىرىگ ئارقىلىق شۇ شەھەر ئاھالىسى ۋە ساياھەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ. مەسىلەن، بۇ خىل شەھەرلەردە ماشىنا توختىتىش ئورۇنلىرىغا يېقىن يەردىكى سەزگۈچلەر ئىنتېرنېت ئارقىلىق مەلۇم بىر ماشىنا توختىتىش ئورنىنىڭ بوش ياكى ئاللىقاچان ماشىنا توختىتىلىپ بولغانلىقى ھەققىدە سانلىق مەلۇمات يوللىيالايدۇ. شوپۇرلار يانفوندىكى مەلۇم بىر ئەپ (APP) ئارقىلىق بۇ ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ. ھەتتا، شوپۇرسىز ئەقىللىق ماشىنىلار مەزكۇر ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ، ئاپتوماتىك ھالدا ئەڭ يېقىندىكى ماشىنا توختىتىش ئورنىغا بارالايدۇ – دە، بۇ شەھەردىكى قاتناش قىستاڭچىلىقىنى ئازايتىپ، قاتناش ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

ئەقىللىق ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى تورى 5G ۋە چوڭ بىرىگكە تايىنىدىغان يەنە بىر تېخنىكىدۇر. مەزكۇر سىستېمىنى تولۇق قاپلىغان سەزگۈچلەر مۇئەييەن بىر جايدا قانچىلىك توك ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقانلىقىنى ۋە قانچىلىك ئادەمنىڭ توك ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى مەسئۇل خادىملارغا بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇلارنى ئېلېكتىر تورىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئايلاندۇرۇپ، شامال ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن سۇ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئوخشاش ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، چوڭ بىرىگ يەنە 5G تورىنى تېخىمۇ ياخشىلايدۇ. تور سىستېمىسى ئۆزىدە ئايلىنىۋاتقان زور مىقدارلىق سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى ئۇستىدە ئىشلەۋاتقان ئەپ – يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. ئۇلار ھەتتا مېخانىك ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇلارنى ئاپتوماتىك تاماملىيالايدۇ. شۇنداقلا، تەشكىلات - ئورگانلار چوڭ بىرىگ تەھلىللىرىگە تايىنىپ، تور بىخەتەرلىكى تەھدىتىنى بايقىيالايدۇ ۋە تىزگىنلىيەلەيدۇ. بۇ شەكىلدە، باشقۇرغۇچىلار تامامەن ئۆز – ئۆزىنى باشقۇرىدىغان (ئەقلىي) سىستېما بەرپا قىلالايدۇ.

## 5G تورى رىقابىتىدە «يېڭىش» ئامېرىكا ھەم خىتاي ئۈچۈن نېمىشقا بۇنچە مۇھىم؟

بۇنىڭ قىسقىچە جاۋابى، قايسى دۆلەت 5G تورىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە يېتەكچە ئورۇنغا ئۆتەلىسە، ئىقتىسادى گۈللىنىپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولالايدۇ. يەنى 5G رىقابىتىنىڭ نەتىجىسى ئامېرىكانىڭ كەلگۈسى نەچچە ئون يىلدا تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ، گېئوپولىتىك كۈچىنى جارى قىلدۇرالىشى ياكى سەھنىنى خىتايغا بوشىتىپ بېرىشىنى بەلگىلەيدىغاندەك قىلىدۇ.

«دۆلەت مۇداپىئەسى يېڭىلىق يارىتىش كومىتېتى» بۇ يىل ئەتىيازنىڭ بېشىدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا سۇنغان دوكلاتىدا «5G تورىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان دۆلەت كەلگۈسى نەچچە ئون يىلدا يۈز مىليارد دوللارلاپ نەپكە، سىمسىز تور تېخنىكىسى ساھەسىدە نۇرغۇن خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىشىدۇ» دېگەنىدى. مەزكۇر كومىتېتتا تېخنىكا ساھەسىدىكى گىگانت شىركەتلەردىن ئالفابېت (Alphabet) شىركىتىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى ئېرىك شمىت، لىنكدىن (LinkedIn)نىڭ قۇرغۇچىسى رېيد خوفمان

(Reid Hoffman) ۋە ئاسپېن ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى ۋە يازغۇچىسى ۋالتېر ئىساكسون (Walter Isaacson) قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئامېرىكا ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ 4G سىمسىز تور تېخنىكىسى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن تېخنىكىۋى ۋە ئىقتىسادىي يېتەكچىلىك ئورنىنى ساقلىشىدىن دېرەك بەرسە، خىتاي ئۇچۇن بۇ ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى تەشنا بولغان، ئامېرىكا ۋە غەربتىن ئېشىپ، ئىقتىسادىي ۋە گېئوپولىتىك دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئايلىنىشىنىڭ پۇرسىتىدۇر.

دېمەك، مەزكۇر رىقابەتتە ئۇتۇش – ئۇتتۇرۇش ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ كەلگۈسى دۇنيادا يېتەكچى ئورۇنغا ئىگە بولۇش – بولالماسلىقىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ 5G تورى رىقابىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى قانداق؟

خىتاي خۇاۋېي قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ 5G تورى تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۇچۇن غايەت زور مەبلەغ ئاجراتتى ۋە بۇ جەھەتتە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە دۇنيادىكى 5G تورى پاتېنتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ قولىدا. شۇنداقلا، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتايدىكى سىمسىز تور مۇلازىمىتى بازىرىنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى خىتاي كۆچمە خەۋەرلىشىشى، خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى ۋە خىتاي تېلېگرافى قاتارلىق ئۈچ مونوپول كارخانىسى 2020 – يىلى يولغا قويۇلىدىغان 5G تورى سىستېمىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى پىلانلىماقتا.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكادا 5G تورى تېلېگراف ئەسلىھەلىرىنى ئىنشا قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان چوڭ شىركەتلەر يوق. خىتايدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ بازارنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا ئوخشىمايدىغىنى، ئامېرىكادىكى ئەركىن بازار دۆلەت مىقياسىدا 5G تورى بەرپا قىلىشنى مۇشكۇللەشتۈرمەكتە. يەنى ئامېرىكادىكى تۆت چوڭ سىمسىز تور شىركىتى دۆلەت ئىچىدىكى رىقابەت بىلەن 5G تورى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ ئاجرىتىش ۋە بۇ جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى تېپىپ بولالماي ئاۋارە بولماقتا.

ئەمما، «دۆلەت مۇداپىئەسى يېڭىلىق يارىتىش كومىتېتى»نىڭ دوكلاتىغا كۆرە، ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقى يۇقىرىقىلار ئەمەس، بەلكى 5G تورىنى بەرپا قىلىشتا زۆرۈر بولغان سىمسىز نۇر سپېكتىرى بىلەن تەمىنلەش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقى ۋە نۆۋەتتە ئامېرىكا تەمىنلەۋاتقان نۇر سپېكتىرى تىپىنىڭ خاتالىقىدۇر.

بولۇپمۇ، ئامېرىكادا تەمىنلىنىۋاتقان ئاتالمىش «مىللىمېتىر دولقۇنى سپېكتىرى» غايەت زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى تېز ۋاقىت ئىچىدە يەتكۈزەلىسىمۇ، لېكىن پەقەت قىسقا ئارىلىقتىلا ئىشلەيدۇ ۋە دەرەخ، ھەتتا ناچار ھاۋارايى دېگەندەك ئامىللارمۇ ئۇنىڭ نورمال ئىشلىشىگە توسقۇنلۇق قىلالايدۇ. بۇ خىل سپېكتىر ئارقىلىق تور سىستېمىسى بەرپا قىلىشنىڭ تەننەرخى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت (ئامېرىكا) مىقياسىدا مەزكۇر (5G تورى) مۇلازىمەتنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ.

## خىتاينىڭ خۇاۋېي شىركىتى بۇ رىقابەتتە قانداق رول ئويناۋاتىدۇ؟

خۇاۋېي شىركىتى نۆۋەتتە 5G ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تېخنىكىسىمۇ مەزكۇر ساھەدىكى ئەڭ ئىلغار تېخنىكا دەپ قارالماقتا. بۇنىڭدىن سىرت،، خۇاۋېي بۇلتۇر ئالما شىركىتىدىن ئېشىپ، سامسۇڭ شىركىتىدىن قالسىلا دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفون ئىشلەپچىقىرىش شىركىتىگە ئايلاندى.

لېكىن، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسلىرىنى كۆرسەتكىنىدەك، خۇاۋېي بىز بىلىدىغان تېپىك گىگانت تېخنىكا شىركەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەزكۇر شىركەت 1987 – يىلى خىتاي خەلق ئازادلىق

ئارمىيەسىنىڭ سابىق ئوفىتسېرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ھېلىھەم خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئىنتايىن قويۇق ئالاقىگە ئىگە. ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكى FBI، CIA ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى قاتارلىقلارنىڭ كاتىپباشلىرىنىڭ 2018 – يىلى دۆلەت مەجلىسىگە بەرگەن گۇۋاھلىقىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، «ئەگەر خۇاۋېينىڭ ئەسلىھەلىرى ئامېرىكا تور سىستېمىسىدا ئىشلىتىلسە، خۇاۋېي شىركىتى <مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىشپىيونلۇق> ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن».

يىللاردىن بېرى، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر شىركەتنى يۇمشاق دېتاللاردا يوچۇق قالدۇرۇپ، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى جاسۇسلۇق قىلىشقا بۇيرۇشىدىن تەشۋىشلىنىپ كەلگەنىدى. ئۇلار يەنە خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە ئامېرىكانىڭ ئالاقە سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان كەڭ كۆلەملىك خاككېرلىق ھۇجۇمىدا ئىشلىتىلىشىدىن ئەنسىرىشەتتى.

خۇاۋېي شىركىتى يەنە ئامېرىكا ئەدلىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى، قانۇن ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئامېرىكانىڭ ئىرانغا قارشى يولغا قويغان ئېمبارگوسىغا ئالاقىدار قويمىچىلىق قاتارلىق 23 تۈرلۈك جىنايەت بىلەن شىكايەت قىلىنغان. خۇاۋېي شىركىتىنىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى (CFO)، خۇاۋېي شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى رېن جېڭفېينىڭ قىزى مېڭ ۋەنجوۋ كانادادا قولغا ئېلىنىپ، ئامېرىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشنى كۈتمەكتە.

## بۇلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى سودا ئۇرۇشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ سودا قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە ئۇنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي كۈچكە ئايلىنىش غەرىزىنى ياقتۇرمايدۇ. ئامېرىكاغا كۆرە، خىتاينىڭ سىياسىتى تەڭسىز، خىتاي ئۆز دۆلىتىدە چەتئەل شىركەتلىرىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز شىركەتلىرىنىڭ چەتئەللەردە ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىشىنى تەرغىب قىلىدۇ.

ترامپ خىتاينى سۆھبەت ئۈستىلىگە ئەكېلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خىتايدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان بەزى مەھسۇلاتلارغا 25 پىرسەنت تاموژنا بېجى قويۇش ئارقىلىق، خىتايغا قارشى سودا ئۇرۇشى قوزغىدى. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ خۇاۋېيغا ئالاقىدار قىسمى شۇكى، ئۇلار خۇاۋېيغا قارىتىلغان دۆلەت بىخەتەرلىكى تەشۋىشىنى ۋە چەكلىمىنى خىتاي بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سودا سۆھبىتىدە، خىتايغا بېسىم ئىشلىتىدىغان ئەڭ مۇھىم كوزىر ۋە پېچكا سۈپىتىدە ئىشلەتمەكتە.

ئېنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەييارلىدى


راھىلە
داۋۇت

راھىلە داۋۇت 1966-يىلى 5-ئايدا ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى 9-ئايدىن 1987-يىلى 7-ئايغىچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تولۇق كۇرستا ئوقۇغان. 1987-يىلى 9-ئايدىن 1990-يىلى 7-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 1990 – يىلى 7- ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق ئەدەبىياتى» بويىچە ماگىستېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1994-يىلى 9-ئايدىن 1995-يىلى 7-ئايغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1995-يىلى 9-ئايدىن 1998-يىلى 7-ئايغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا فولكلور كەسپى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

راھىلە داۋۇت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۆگىنىشنى، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى توختىتىپ قويمىغان. 1999- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «پارس ۋە چاغاتاي تىلى تېز تەربىيىلەش كۇرسىدا» دا ئالتە ئاي ئوقۇغان. 1999-يىلى دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2002-يىلى فولكلور ئىلمى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. 2003 – يىلى بېيجىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالتە ئاي ئىنگىلىزچە تېز يېتىشتۈرۈش سىنىپىدا ئوقۇپ، ئىنگىلىز تىلى ئاساسىنى مۇستەھكەملىگەن. 2003-يىلىدىن 2004-يىلىغىچە ئامېرىكانىڭ پىنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى فولكلور تەتقىقات مەركىزى ۋە ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان.

پروفېسسور، دوكتور راھىلە داۋۇت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، مازار ۋە فولكلور ساھەسىدە خەلقئارادا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدە نۇرغۇن تەتقىقات دوكلات، ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «مازار تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇرلاردىكى مازارلارغا دائىر نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

راھىلە داۋۇت ئۇيغۇر فولكلور ساھەسىدىكى نوپوزلۇق تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپلىگەن تەتقىقات تېمىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. كۆپلىگەن ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇرچە، خىتايچە، ئىنگىلىزچە ۋە تۈركچە تىللاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. سانسىزلىغان فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىسى بولۇپلا قالماي، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تەكلىپلىك بېرىپ، لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مازار پائالىيەتلىرىگە دائىر تارىخىي مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى چەتئەللەردىكى كەسپ ئەھلىلىرى ۋە چەتئەل جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرغان.

راھىلە ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئۈچۈن «ئۇيغۇرلاردىكى مازار مەدەنىيىتى» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەر خىتايچە نەشر قىلىنغان. كېيىن مۇشۇ دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى ئاساسىدا مەزمۇنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ھەم تولۇقلاپ، «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب 2001- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

راھىلە داۋۇت «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانت ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «فولكلور ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «جۇڭگو ۋە چەت ئەل فولكلور تارىخى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «فولكلور ئىلمىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئۇسۇلى»، «مۇقامشۇناسلىق»، «دىنشۇناسلىق»، «فولكلور تېمىسىدا مەخسۇس لېكسىيەلەر» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.

راھىلە داۋۇت 2000-يىلىدىن ھازىرغىچە «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «ئۇيغۇر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «خەلق داستانلىرىنى قوغداشنىڭ كونكرېت چارە-تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات تۈرلىرىدىن «ئۇيغۇر خەلق مۇقام مەشرەپلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»،

«ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى مەسئۇل بولۇپ تاماملىغان. بۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرلىرىدىن «تۈركىي تىللىق خەلقلەر داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش»قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ هازىرغىچە ختاي يېزىقىدا «ئۇيغۇر مازارلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، ئۇيغۇر يېزىقىدا «ئۇيغۇر مازارلىرى»، «دۇنيا مىللەتلىرى»(بىرلىشىپ ئىشلىگەن) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ژورناللاردا 20 دىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى ساهەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كەسىپ ئەهلى، پروففېسسور، دوكتور راهىلە داۋۇت 2017-يىلى يىل ئاخىرىدا بېيجىڭغا يىغىنغا مېڭىش جەريانىدا ئىز دېرەكسىز غايىب بولغان. چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى راهىلە داۋۇتنىڭ غايىب بولغانلىقىنى سەككىز ئايدىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلاشنى قارار قىلغان. راهىلە داۋۇتنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن باشلاپ تا هازىرغىچە ختاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ئائىت هېچقانداق ئۇچۇر ئېلان قىلىنمىدى.

راهىلە داۋۇتنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى، شۇنداقلا چەتئەللىك ئۇيغۇرشۇناسلار، فلولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە غۇلغۇلا قوزغىغان. ئۇنىڭ چەتئەللىك كەسىپداشلىرى ۋە يېقىن-يورۇقلىرى راهىلە داۋۇتنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن كۆپ قېتىملاپ شەخسىي باياناتلارنى ئېلان قىلغان. بەزى چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار راهىلە داۋۇتنىڭ باش سۈرىتىنى تۋىتېر سەهىپىسىنىڭ رەسمى قىلىپ تەڭشىۋالغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق راهىلە داۋۇتقا بولغان ئىگىدارچىلىقىنى ۋە ئۇيغۇرلارغا بولغان هېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

بىز راهىلە داۋۇتقا ئوخشاش ئۇيغۇر سەرخىللىرى، شۇنداقلا مىليونلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن جىددىي ئەندىشە ئىچىدىمىز ۋە ئۇلار ئۈچۈن قىلىدىغان كۈرەشلىرىمىزنى توختىتىپ قويمايمىز.

«ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەهرىراتى» تەييارلىدى



# كارنېر بوۋېكدون

دوكتور گاردنېر بوۋىڭدون (Gardner Bovingdon) ئامېرىكانىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزى ياۋرو-ئاسىيا تەتقىقاتى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتىدۇر. ئۇ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۈگۈنكى تارىخىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. بوۋىڭدون 1983-يىلىدىن، 1988-يىلىغىچە پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا (Princeton University) دا سىياسەت ئىلمى كەسپىدە ئوقۇپ، باكلاۋىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2002-يىلى كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

گاردنېر بوۋىڭدون «ئۇيغۇرلار: ئۆز ۋەتىنىدە يەكلەنگەنلەر» (The Uyghurs: Strangers In Their Own Land) ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورىدۇر. 304 بەتلىك بۇ كىتاب 2010-يىلى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. دوكتور بوۋىڭدون ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمى مۇخبىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە، كىتابىغا بۇنداق ئىسىم قويۇشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

مەن ئەسلىدە كىتابىنىڭ ئىسمىغا بىر ئاز زېرىككەشلىك ۋە ئاكادېمىك ئىسىملارنى تاللىغان. بۇنىڭدا ئېتنىك مىللەتچىلىك دېگەنگە ئوخشاش ئابستراكت سۆزلەر بار ئىدى. مۇھەررىر ماڭا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىسمىدىن بىرنى تاللىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كىتاب بولغاندىكىن، «ئۇيغۇرلار» دەپلا ئاتىساق بولامدۇ، دېدى. بۇ پىكىرگە مەنمۇ قوشۇلدۇم.

كىتابىنىڭ ئىسمىدىكى كېيىنكى جۈملىگە، يەنى «ئۆز ۋەتىنىدە يەكلەنگەنلەر» دېگەن قىسمىغا كەلسەك، بۇ، مەن ئەزەلدىن ئويلاپ كېلىۋاتقان بىر ئىش ئىدى. بۇ سۆزلەر مېنىڭ ئىلمىي ماقالەمدىمۇ بار. مېنىڭ بۇنداق ئويلىشىمدا، كۆچمەنلەرنىڭ كېلىش شەكلى، يەنى، ناھايىتى كۆپ ساندىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىشى سەۋەبلىك، 1949-يىلىدىكى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان تۈركىي ۋە مۇسۇلمانلار نوپۇسى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆچمەنلەر سەۋەبىدىن بۇرۇنقىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلار مەيلى تىل، مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، بۇ ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ھېچ نەرسىسىگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلاردا ئاپتونومىيە يوق. ئۇلاغا ئۆزلىرىنىڭ نامىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتالغان ۋە ئۇيغۇرلارغا ئانا ماكانى بولمىش بۇ زېمىندا بۇ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدىغان پۇرسەت بېرىلمىگەن. شۇڭا مەن، بۇ قايغۇلۇق رېئاللىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ئىسىمنى تاللىدىم.

بوۋىڭدون مەزكۇر سۆھبەتتە يەنە مۇنداق دېگەن:

ھالبۇكى، بىر نەرسە ئېنىقكى، 1949 - يىلىدىن كېيىن، بەزى كىشىلەر جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلسا، بەزىلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەشەببۇس قىلغان ئاپتونومىيە ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. بەزىلەر تولۇق مۇستەقىللىقنى ئارزۇ قىلغان بولسا، بەلكىم، مېنىڭچە بەزى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقلاردىن باشقىنى تەلەپ قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەر بىر پىكىر ئېقىمىنى قانچىلىك ئادەمنىڭ قوللىغانلىقىنى بىلەيمىز. مانا بۇ ھازىر بىز يولۇقۇۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلە. ئەمما يەنە بىر نەرسە شۇنداق ئېنىقكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئەڭ ئاخىرقى بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار، يەنى ئۆز كەلگۈسىنى خىتايغا باغلاپ قارايدىغان، ئۆزىنى خىتاي پۇقراسى دەپ تونۇيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا ھەممە ئادەمنى ئىشەندۇرمەكچى بولدى ۋە ئىشنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىتىشكە تىرىشتى.

مەزكۇر كىتابنى نەشر قىلغان كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى كىتابنىڭ تونۇشتۇرۇش بېتىدە مۇنۇلارنى بايان قىلغان:

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ھەقىقىي ئاپتونومىيەگە ۋە ياكى ئۇزۇل-كېسىل مۇستەقىللىققە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا ئېزىچىل رەۋىشتە بۇ تىرىشچانلىقلارنى باستۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى ۋە خىتاي مىللەتچىلىكىنى تەكىتلەيدىغان مۇرەككەپ تەشۋىقات ئىستراتېگىيىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقلىرىغا قارشى قوللاندى. نەچچە ئون يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ئۆز ھوقۇقىنى كېڭەيتىشكە قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندى. خىتاي رەھبەرلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى داۋاملىق تۈردە ئارقىغا ئىتتىرىپ، ئۇلار ئۈچۈن

مەزكۇر كىتابنى نەشر قىلغان كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى كىتابنىڭ تونۇشتۇرۇش بېتىدە مۇنۇلارنى بايان قىلغان:

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ھەقىقىي ئاپتونومىيەگە ۋە ياكى ئۇزۇل-كېسىل مۇستەقىللىققە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا ئىزچىل رەۋىشتە بۇ تىرىشچانلىقلارنى باستۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى ۋە خىتاي مىللەتچىلىكىنى تەكىتلەيدىغان مۇرەككەپ تەشۋىقات ئىستراتېگىيىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقلىرىغا قارشى قوللاندى. نەچچە ئون يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ئۆز ھوقۇقىنى كېڭەيتىشكە قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندى. خىتاي رەھبەرلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى داۋاملىق تۈردە ئارقىغا ئىتتىرىپ، ئۇلار ئۈچۈن ھەر قانداق فىزىكىلىق ياكى سىياسىي زېمىننى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ كەلدى.

تەتقىقاتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىدىن ۋە ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزگىچە نوپۇس ئالاھىدىلىكىدىن باشلىغان گاردنېر بوۋىڭدون ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەللىك يىللىق نارازىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا، بولۇپمۇ 1949-يىلىدىن بۇيانقى يەككە ۋە كوللېكتىپ ھالدىكى قارشىلىقلارغا، شۇنداقلا ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكى خىلمۇ-خىل دۆلەت ئاتلىغان تەشكىلاتلارنىڭ قارشى پىكىردىكىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىكى رولىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. بوۋىڭدوننىڭ تەتقىقاتى يالغۇز شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بولۇپلا قالماي، يەنە زىددىيەت ئېچىدىكى باشقا رايونلارغىمۇ چېتىشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى دۆلەت قۇرۇش ۋە مىللەتچىلىككە جەڭ ئېلان قىلىش جەھەتلەردە كىشىگە يېڭىچە نەزەر ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقاتى خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ رايونلۇق ئاپتونومىيەنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، مىللەتچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئوينايدىغان رولى، شۇنداقلا دۆلەتكە قارشى ھەرىكەتلەرگە قارىتىلغان «تېررورغا قارشى ئۇرۇش»نىڭ يەرلىك، رايونلۇق ۋە خەلقئارالىق بېشارەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە چەتئەلدىكى بەز ئانالىزچىلار ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلىرىنى تېررورىست قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى خەلقئارالىق تېررورلۇق تورىغا باغلاشقا ئورۇنغان. بوۋىڭدون بۇ خىل ئورۇنۇشلارنىڭ خاتالىقىنى تەكىتلەپ، ئىسلام ئېدىئولوگىيىسى بىلەن ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ئىدىيىسىنىڭ ئارىسىنى ئېنىق ئايرىپ بەردى.

گاردنېر بوۋىڭدون ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئىزدەنگەن ۋە بۇ ھەقتە ماقالە-ئەسەرلەرنى يازغان ئۇيغۇرشۇناستۇر. بوۋىڭدوننىڭ بىزگە ئائىت يەنە «قۇمۇللۇقتىن ئۇيغۇرلۇققا: مائارىپنىڭ پانئۇيغۇر كىملىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى» (1998-يىلى يېزىلغان)، «شىنجاڭ تارىخىنىڭ تارىخى» (2001-يىلى يېزىلغان)[The history of the history of Xinjiang]، «ئۈنچە سۆكەتتە تۇرۇۋالمىغان كۆپ سانلىق: ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بولغان قارشىلىقلىرى» (2002-يىلى يېزىلغان)، «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاپتونومىيە: خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقى» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازغان.

«ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى» تەييارلىدى



# ئەي قەۋمىم

جبران

ئەي قەۋمىم، سەن پەيغەمبەرلىرىڭگىمۇ قۇلاق سالمىدىڭ،
ماڭا تېخىمۇ قۇلاق سالمايسەن.
بۇرۇلۇپ قاراپمۇ باقمايسەن ئۆلۈكلىرىڭگە.
لۇت قەۋمىدىن ئەمەسسەن،
هوزۇر-هالاۋەت سەۋەبلىك بولماس هالاكىتىڭ.
ئازابقا قوشۇلۇپ كەتتى چىقىملىرىڭ،
بىراق، ئازابلىنىشقىمۇ ناتونۇشسەن.
هازىنى ئۆزۈڭ ئېيتىسەن بىراق
ئۆزۈڭ ئېيتقان هازاڭ كىرمەس قۇلاقلىرىڭغا.

بىر قوي پادىسىدىن ئوغرىلىغاندەك ئوغرىلار ئىنسانلىرىڭنى،
سەن بولساڭ ئوغرىلانغانلىرىڭغا قوي پادىسىغا ئوخشاش قاراپ تۇرىسەن.
خۇداغا يالۋۇرۇسەن-يۇ، پىرئەۋنگە ئىبادەت قىلىسەن.
مۇسا ئالدىڭدا قىزىل دېڭىزنى ئاچسا، سەن ئۇ دېڭىزدىن ئۆتمەيسەن.

ئەي قەۋمىم ...سەن پەيغەمبەرلىرىڭگە قۇلاق سالمىدىڭ،
بەربىر ماڭىمۇ قۇلاق سالمايسەن.
قورقىسەن ئۆزۈڭدىن بولمىغان هەر كىمدىن.
ئۆزۈڭدىنمۇ قورقىسەن ئۆزۈڭ.
ئەگەر هەزرىتى ئىبراهىم بولساڭ،
ساڭا ئەۋەتىلگەن قۇربانلىقنى بازاردا ساتىسەن.

هەزرىتى ئىسانى كۆز ئالدىڭدا كىرىستقا مىخلىسا،
سەن يىغلايسەن باشقا ئىشلارغا.
كۇندۇزلىرى مارىيا ماگدالېنانى «پاهىشە» دەپ تاش بوران قىلىپ،
كېچىسى قوينىغا كىرىپ يېتىشنىڭ كويىدا بولىسەن.
زەبۇرنى، تەۋراتنى، ئىنجىلنى، قۇرئاننى بىلىسەن،
هەزرىتى داۋۇتقا ئېچىنىپ، گولياتنى پىر تۇتىسەن.

ئەي قەۋمىم ...سەن پەيغەمبەرلىرىڭگە قۇلاق سالمىدىڭ،
بەربىر ماڭىمۇ قۇلاق سالمايسەن
بۇرۇلۇپ قارىمايسەن ئۆلۈكلىرىڭگە.
لۇت قەۋمىدىن ئەمەسسەن،
هوزۇر-هالاۋەت سەۋەبلىك بولماس هالاكىتىڭ.
بىراق، ئۆز ئازابىڭغىمۇ ناتونۇشسەن.

ئاياللىرىڭ قارا رەڭدە كىيەر
ئازاب بىلەن ئۆڭەر تەنلىرى، بىراق ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن.
هەر خىلۋەتتە بىر پەرزەنتىڭگە تېگەر ئوق،
كارىڭ يوق.

مەرھەمەت تىلەيسەن، شەپقەت تىلەيسەن، پۇل تىلەيسەن ھەمدە
نەپرەتلىنىسەن تىلەمچىلەردىن.
نومۇسنى بىلىسەن-يۇ، نومۇس قىلمايسەن.
خۇداغا ئىشىنىسەن-يۇ، پىرئەۋنگە ئىبادەت قىلىسەن.
پۈتۈن ئاۋازلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت قامچا ئاۋازىنىلا ئاڭلايسەن.

ئەي قەۋمىم . . .
سەن پەيغەمبەرلىرىڭگە قۇلاق سالمىدىڭ،
بەربىر ماڭىمۇ قۇلاق سالمايسەن.
ئۆزۈڭ قىيىن-قىستاققا دۇچ كەلمىگۈچە، قىيىن-قىستاققا قارشى چىقمايسەن.
جىسمىڭغا زەربە كەلمىگۈچە، ھېچبىر ئاغرىقنى ھېس قىلالمايسەن.

ئۆمۈچۈك بولساڭ ئەگەر،
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پاناھلانغان غارغا تور تارتمايسەن.
پۈتكۈل قوۋملارغا ئوخشاش ئۆز پاچىقىڭدىن ئېسىلىپ،
پۈتكۈل قوۋملارغا ئوخشاش ئۆز ئالدىڭغا مەرەيسەن.

ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ بېشىنى چاپمايسەن-يۇ، چاپقانلارنى ئالقىشلايسەن.
ھەزرىتى ئۆمەرنى پىچاقلىغان قولغا
سەن پىچاق بولىسەن.


ئەي قەۋمىم . . .
سەن پەيغەمبەرلىرىڭگە قۇلاق سالمىدىڭ،
بەربىر ماڭىمۇ قۇلاق سالمايسەن
ئۆلۈكلىرىڭگىمۇ بۆرۈلۈپ قارىمايسەن.

لۇت قەۋمىدىنمۇ ئەمەسسەن
ھوزۇر-ھالاۋەت سەۋەبلىك بولماس ھالاكىتىڭ.
ئەمما، ئارقاڭغا قارىغانلىقىڭ ئۈچۈن قورقۇنچتىن ئۆزۈڭنى يوقىتىسەن.
ۋە سەن، ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ يىغلىمايسەن.

مۇسا ئالدىڭدا قىزىل دېڭىزدىن يول ئاچسا، ئۇ دېڭىزدىن ئۆتمەيسەن.
خۇداغا ئىشىنىسەن، ئەمما پىرئەۋنگە ئىبادەت قىلىسەن.

ئەي قەۋمىم. . .
سەن پەيغەمبەرلىرىڭگە قۇلاق سالمىدىڭ،
بەربىر ماڭىمۇ قۇلاق سالمايسەن...

تۈركچىدىن ھ . ئىبراھىم ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان



# قاراخانلار

ھېكمەتيار ئىبراھىم

## دۆلەتنىڭ نامى

ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلەردىن بىرى «قاراخانىلار دۆلىتى» بولۇپ، قاراخانىيلار دۆلىتى مىلادى 840-يىلىدىن، 1212-يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر دۆلىتىدۇر. ئىسلام تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە بۇ دۆلەتنىڭ نامى «خاقانىيە دۆلىتى» دەپ ئاتالغان.(1)

1874-يىلى رۇس شەرقشۇناسى ۋ.ۋ.گىرىگورېفنىڭ ماۋرائۇننەھىر قاراخانىلىرى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدىن ئېتىبارەن، دۆلەت نامىنى «قاراخانىلار دۆلىتى» دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. قاراخانىيلار دۆلىتى ئۇچۇن ئىلمىي ئەسەرلەردە قوللىنىلغان يەنە بىر ئىسىم «ئىلىك خانلار دۆلىتى» بولۇپ، بۇ دۆلەتنى قاراخانىلار ياكى ئىلىكخانلار دۆلىتى دەپ ئاتاشتىن ئىلگىرى، غەرب تارىخچىلىرى بۇ دۆلەتنى «تۈركىستان ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتىغان. ئوسمانلىرى تارىخچىلىرى بولسا دۆلەتنىڭ ئىسمىنى «تۈركىستان خاقانلىقى» دەپ ئاتىغان. قاراخانىلار دۆلىتى ئىسلام تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «مۇلكۇل خاقانىيە»، «مۇلكۇل خانىيە»، «ئەۋلادۇل خانىيە» دېگەنناملاردا ئاتالغان. (2)

شۇنىڭدەك، قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى ئۆزلىرىنى ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۆلەتكە «ئالى ئافراسىياب»(ئافراسىياپ ئەۋلادلىرى) نامىمۇ بېرىلگەن.

## قاراخانىلار دۆلىتىنى ياغمىلار قۇرغان

تارىخچىلار قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى توغرىسىدا خىلمۇ خىل كۆز قاراشتا بولغان بولۇپ، دۆلەتنى قارلۇقلارنىڭ قۇرغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراش تارىخچىلار ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە كۆلەم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئىشنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، دۆلەتنى قۇرغانلار ياغمىلاردۇر.

كۆپچىلىك تارىخچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان كۆز قاراش شۇكى، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلىشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى يېتەكچى رول ئوينىغان.(3) ياغمىلار مىلادىنىڭ 850-يىلى قارلۇقلار بىلەن چىگىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇرغان.(4)

قاراخانىيلار دۆلىتىنى ياغمىلار قۇرغان بولۇپ،(5) ياغمىلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ياكى ئۇيغۇرلارغا تەۋە بىر قەۋمدۇر.(6) دۆلەتنى قۇرغانلارنىڭ ياغمىلار ئىكەنلىكىنى توغرا قانائەت بولۇپ، ئونىنچى ئەسىرنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىن ھېسابلانغان «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە بايان قىلىنغانلارغا كۆرە، ياغمىلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى، ۋە دۆلەتنىڭ بېشىدىكى ھۆكۈمدارلار ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلار ئائىلىسىدىن ئىدى.(7)

تۈرك تارىخچىسى ۋە قاراخانىلار مۇتەخەسسىسى رەشات گەنچ قارلۇقلارنىڭ قاراخانىلاردەك بۈيۈك دۆلەتنى قۇرغۇدەك كۈچى يوقلۇقىنى، قاراخانىلار دۆلىتىنى قارلۇقلار قۇردى دېيىشنىڭ ئاساسى يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.(8) يەنە بىر نۇقتىدىن، قارلۇقلار «يابغۇ» ئۇنۋانىنى ئالغانلىقى، يابغۇ ئۇنۋانىنىڭ ئەسلىدىنلا قارلۇقلارنىڭ قوللانغانلىقى، ئەكسىچە، ياغمىلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئاسانلا خان ئۇنۋانىنى ئالغانلىقىمۇ، دۆلەت قارلۇقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن كۆز قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، سامانىلار ھۆكۈمدارى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد 893-يىلى تالاسقا قەدەر ھۇجۇم قىلىپ كىلىپ، ئۇ يەردىكى چېركاۋنى مەسجىدكە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، قارلۇق يابغۇسىنىڭ خاتۇنى بىلەن قوشۇپ، ئون بەش مىڭ ئەسىر بىلەن دۆلىتىگە قايتىشى تەھلىل قىلغان تۈرك تارىخچىسى رەشات گەنچ، قارلۇقلارنىڭ بۇ رايونلاردا تارقاق ۋە تەسىرى يوق ھالەتتە ياشىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:«قارلۇقلارنىڭ 840-يىلى قارخانىلار دۆلىتىدەك قۇدرەتلىك بىر سىياسى مەۋجۇتلۇقنى مەيدانغا كەلتۈرەلىگەن بولسا، سامانىلارنىڭ ئالدىدا بۇ قەدەر تەسىرسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. قارلۇقلارنىڭ قاغان، خاقان ياكى خان دېگەندەك ئۇنۋانلارنى قوللانغانلىقىغا ئائىت ھېچ قانداق مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز. بۇ نۇقتىدىنمۇ، دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ قارلۇقلار ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.»(رەشات گەنچ، ماقالە) بۇ تارىخچىلىرىمىزدىن تۇرغۇن ئالماس قاتارلىقلار ۋە بىر تۈركوم نوپۇزلۇق تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئىلگىرى سۈرگەن كۆز قاراشتۇر.

رەشات گەنچىنىڭ پىكرىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ياكى ئۇيغۇرلارغا تەۋە بىر قەۋم ھېسابلانغان ياغمىلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى (840-يىلى) سەۋەبلىك، غەربكە كۆچۈپ قەشقەر رايونىغا كەلگەن، بۇ يەرلەرنى قارلۇقلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، يەرلەشكەن. كېيىن ياغمىلار ئىلى ۋادىسىغىمۇ يېيىلغان ۋە دۆلەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەھىرى ھېسابلانغان بالاساغۇننى (قۇز ئوردۇ) قولىغان چۈشۈرگەن.

ياغمىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇرۇندىنلا بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇنۋانىنىڭ قاراخانىيلاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىمۇ شۈبھىسىز ياغمىلارنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.(9)

## دۆلەت پايتەختى

قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى قەشقەرنى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىگەن.(10) قەشقەر شۇنىڭدىن باشلاپ «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالغان. بالاساغۇن قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يازلىق پايتەختىدۇر. ئونىچى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر (942-يىلى) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ بالاساغۇننى قولدا تۇتقانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق دەلىلگە ئىگە ئەمەسمىز.(11) شۇنىڭدىن كېيىن، قاراخانىلار دۆلىتى قەشقەر ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان. بالاساغۇن دۆلەتنىڭ يازلىق پايتەختى ئىدى. قاراخانىلارنىڭ چوڭ خانى قەشقەردە تۇرغاچقا، قەشەر «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالغان. بۇ «خان تۇرىدىغان شەھەر» دېگەن مەنىدە. (12) قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەر دۆلەتكە پايتەخت بولغان شەھەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

## تېررىتورىيىسى

كۆل بىلگە قادىرخان زامانىدا قاراخانىلارنىڭ تېررىتورىيىسى يەتتەسۇ، ئىلى ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلارنىڭ كۆپ قىسمى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى كۈچىيىپ، تېررىتورىيىسى كېڭەيگەن چاغدا (مىلادىنىڭ 1010-يىللىرى) قاراخانىلارنىڭ شەرقىي كەشمىرگە، غەربىي خارازەمگە، شىمالى بالقاش كۆلى، ئارال كۆللىرىگە، جەنۇبى مەرۋى شاھ جاھانغا تۇتاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى بەش مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن.(13)

قاراخانىلار دۆلىتى 10-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆز زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ دەۋىردە قاراخانىلارنىڭ زېمىنى شەرقتە گەنسۇدىن تارتىپ، غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبتا قارا قۇرۇم، كۇئىنلۇن تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخان دەۋرىدە قارا خانىلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىلگىرىكىدىن كېڭىيىپ، شەرقتە كۇچاغىچە، غەربتە بۇخارا ۋە خارەزىمغىچە، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىن غەزنىگىچە سوزۇلغان ئىدى.(14)

## دۆلەت بايرىقى

تۆت چاسا قىزىل شايى بايراق بولۇپ، بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تەرەپتە ئالتە، بىر تەرەپتە ئۈچ شېخى بولغان ئالتۇن رەڭلىك ئارچا دەرىخى چۈشۈرۈلگەن. (15) قاراخانىيلار قىزىل بايراق ۋە تۇغلارنى ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ۋە مۇستەقىللىق سىمۋولى قىلغانىدى. (16)

«قاراخان» ئۇنۋانىنىڭ كېلىپ چىقىشى

قاراخانىيلار دۆلىتىگە كىم قاغان بولسا، ئۇنىڭ نامىغا «قاراخان» دېگەن ئۇنۋانىنى قوشۇپ ئاتىغاندىن تاشقىرى، «بۇغرا» (ئەركەك تۆگە) ۋە «ئارسلان» (شىر) قاتارلىق ئۇنۋانلارنىمۇ قوشۇپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ

قاراخانىلار قاغانلىرىنى «بۇغراخان» ۋە «ئارسلانخان» دەپ ئاتىشى ئۇلارغا كۈچلۈك، باتۇرلۇق سۈپەتلىرىنى بەرگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. (17)

ئۇيغۇرلار يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ قاغانلىرىنى «قاراخان» دەپ ئاتىغان، دۆلەتنى بولسا «قاراخانىلار» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ «قاراخان» دېگەن نامنى ئەزەلدىن تارتىپ ناھايىتى ھۆرمەتلىك، مۇقەددەس نام سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن.(18)

تۇرغان ئالماسنىڭ بايانىچە، تارىخچىلار ئارىسىدا «قاراخان» دېگەن ئىسىم توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بەزى تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدە «ئۇلۇغ» ئاتالغۇسىنى «قارا» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىگە قاراپ، «قاراخان» دېگەن «ئۇلۇغ خان» مەنىسىگە ئىگە دېيىشىدۇ.

## دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تۇنجى قاغانى كۆل بىلگە قادىرخاندۇر.(19) ئۇ 850-يىلىدىن 880-يىلىغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان تەشكىلىي ۋە ھەربىي تۈزۈملەرنى ئورناتقان. (20) باشقا بىر كۆز قاراشتا، قاراخانىلارنىڭ تۇنجى خانى كۆل بىلگە قادىرخان مىلادى 819-يىلى خانلىق تەختىگە چىققان.(ھ. نۇرھاجى)

كۆل بىلگە قادىرخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلار بازىر ئارسلانخان ۋە ئوغۇلچاق قادىرخاندۇر. بازىر ئارسلانخان مىلادىنىڭ 910-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قاراخانىلارنىڭ تەختىگە ئوغۇلچاق ئولتۇرغان. (21)

جامال قارشىغا كۆرە، كۆل بىگە قادىرخاننىڭ زامانىدا تۈرك تۇپراقلىرىدىن شاش (تاشكەنت) رايونى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان. (رەشات گەنچ)

قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلۇپ، تاكى ھالاك بولغانغا قەدەر شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىدە جەمئىي قىرىق شەخس خان بولغان.

## ساتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىلارنىڭ ئىسلاملىشىشى

ساتۇق تېكىن بازىرخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى كۆل بىلگە قادىرخاننىڭ نەۋرىسىدۇر. بازىرخان ۋاپات تاپقاندا ساتۇق تېكىن كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بازىرخاننىڭ ئىنىسى قادىرخان ئوغۇلچاق نائىب خان بولغان.

قاراخانىيلار شاھزادىسى ساتۇق بۇغراخان سامانىيلار دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ يېتەكلىشىدە مەخپىي ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشى بولۇپ قالغان.(22)

ئوغۇلچاق قادىر خان زامانىدا ئوغۇلچاقنىڭ ئاكىسى بازىرنىڭ ئوغلى ساتۇق قاراخانىلارغا سىغىنغان ئەبۇ ناسىر ئىسمىلىك سامانىلار شاھزادىسى، ياكى سوپى ۋائىزلەر بىلەن ئۇچرىشىشى سەۋەبلىك ئىسلامغا مايىل بولغان.(23)

ساتۇق بۇغراخان ئۆزى يالغۇز مەخپىي ھالدا يىگىرمە ياشلىرىدا مۇسۇلمان بولىدۇ. ئاندىن، ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك مۇھاپىزەتچىلىرىنى ۋە يېقىنلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈپ، ئاستا-ئاستا باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلايدۇ. بەش، ئالتە ئاي ئىچىدە ساتۇق تېكىن باشچىلىقىدا بەش-ئالتە يۈزچە ياشلار مۇسۇلمانلار تەشكىللىنىدۇ. ساتۇق تېكىن بۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، مەخپىي ھالدا قەشقەر شەھىرىگە كىرگۈزىدۇ. بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ئەسكىرىي ئورۇنلارغا، ھۆكۈمەت سارايىغا ياكى دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ئۆستىگە كېچىدە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ پىلان بويىچە، ئالدىن بىلەن ساتۇق تېكىن 40 مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ، قەشقەرگە كىرىپ ئۆگەي دادىسى ئەسەن (ئوغۇلچاق) بۇغراخانغا

مېهمان بولۇپ ئوردىغا چۈشىدۇ. پىلان قىلىنغان ھۇجۇم سائىتى كەلگەندە ساتۇق تېكىن قىرىق مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قاراخان ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى ۋە ئوردىدىكى مەنسەپدارلارنى ئەسىر ئېلىپ، ئۆلتۈرىدۇ. باشقا جايلارغا باسقۇن قىلىشقا تەيىنلىگەن قىسىملارمۇ ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپىقيەتلىك تاماملايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ساتۇق تېكىن بىر كېچە ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى تەڭدىن تولىسى مۇسۇلمان بولغان قەشقەر خەلقى تەرەپ-تەرەپتىن ساتۇق تېكىنگە ياردەمگە كېلىپ ۋە ساتۇق تېكىن ئىككى ئۈچ كۈن ئىچىدە يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولىدۇ. پۈتكۈل قەشقەر ساتۇق تېكىننىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.(24) ساتۇق تېكىن تاغىسى ئوغۇلچاقتىن تەختنى تارتىۋالغان ۋاقت 920-يىللارغا توغرا كېلىدۇ.(25)

ساتۇق تېكىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «قاراخان» ئېلان قىلىدۇ ۋە قەھرىمان مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى ئالىدۇ، مۇسۇلمان بولغان خەلقلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، غازات يۈرۈشلىرىنى باشلايدۇ. قەشقەر، يەكەن، ئۈچ، بالاساغۇن ۋە بارسغان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقى) ئۆلكىلىرىدە ۋە قارلۇق زېمىنلىرىدا ئىسلام دىنى ھېچقانداق توسالغۇسىز راۋاج تاپىدۇ.(26)

جامال قارشىغا كۆرە، ساتۇق بۇغراخان 955-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ئىسمىنىڭ ئابدۇلكەرىم ئىكەنلىكى مەلۇم. بالاساغۇننى ساتۇق بۇغراخان فەتھ قىلغان.

ساتۇق بۇغراخان قۇيدۇرغان تىللالىرىدا (920-956-يىللىرىغىچە) «قاراخان ساتۇق ئابدۇلكەرىم» دېگەن ئىبارىلەر بار. بۇ تىللالار بېتىرىسبۇرگ (لېنىنگراد) مۇزېيىدا ساقلانماقتا.(27)

ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولۇپ قاراخانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ۋاقىتقىچە ئىسلامغا كىرمىگەن ۋە بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان خوتەن، كۈچا، سېرىق ئۇيغۇر خانلىرى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى قاراخان دۆلىتىدىن يۈز ئۆرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدۇ. شىمالدىكى بىر تۈركۈم قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈرىدۇ. قاراخان ساتۇق بۇغراخان بۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ. خوتەن خانى قاتتىق تۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ساتۇق بۇغراخان ئۆزى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، خوتەن خانى مەغلۇپ بولۇپ، شەھەردە مۇھاسىرە ئىچىدە قالىدۇ. ئۇزۇن داۋام قىلغان قورشاۋ نەتىجىسىدىمۇ شەھەر ئېلىنماي، ئاخىرى شەھەر ئىچىدىكى بەگلەردىن بىرى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەر فەتھ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ساتۇق بۇغراخان كۇچانى فەتھ قىلىدۇ. لېكىن، كۇچا خەلقىنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولماي، دىنى ئېتىقادىدا قالىدۇ. ساتۇق بۇغراخان ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۈستىگە قارا شەھەر ۋە ئىلى تەرەپتىن ئىككى يولدىن نۇرغۇن ئەسكەر يوللايدۇ. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىدىقۇت مەغلۇپ بولدى ۋە بۇرۇنقىدەك قاراخانلىق مەركىزىگە تەۋە ئىچكى ئىشلىرىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ.(28)

ساتۇق بۇغراخان 942-يىلى بالاساغۇننى ئىسلام دىنىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن دۈشمەنلىرى قولىدىن تارتىۋالىدۇ.(29)

تارىخى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان ھەر قايسى قەبىلىلەر 960-يىلىدىن باشلاپ، ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغان.(30)

ساتۇق بۇغراخاننىڭ توختاۋسىز رەۋىشتە بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى غازات قىلىشى نەتىجىسىدە قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، بالاساغۇن، بارىسخان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقى) قاتارلىق جايلاردا، يەتتەسۇدىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قارلۇقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى يىلتىز تارتىشقا باشلايدۇ.(31)

ساتۇق بۇغراخان ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، سامانىلار دۆلىتى بىلەن دۈشمەنلىشىشنىڭ ئەكسىچە، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىدۇ. ساتۇق بۇغراخاننىڭ يۈرۈشلىرىدە خوتەن ۋە كۇچا بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ جايلاردىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولماي، بۇددا دىنى ئېتىقادىدا قالغان.

ساتۇق بۇغراخان مىلادى 955-يىلى ۋاپات بولۇپ، ئاتۇشنىڭ مەشھەتكە دەپنە قىلىنغان.

## خوتەنىنىڭ ئىسلاملىششى

ساتۇق بۇغراخاننىڭ بايتاش (مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇسا)، تۇڭگا ئىلىك (مۇسۇلمانچە ئىسمى سۇلايمان) ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولغان. ساتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسا بۇغراخان قاراخانلارغا قاغان بولغان ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ساتۇق بۇغراخاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بايتاش تېكىن قاراخان بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇسا ئىبنى ئابدۇلكېرىم بۇغرا قاراخان ئىدى. مۇسا تۇڭا ئىلىك خانلىق تەختىدە قىسقا مۇددەت ئولتۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ساتۇق بۇخراخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان (بايتاش ئارسلان خان) خانلىق تەختىگە چىققان. سۇلايمان ئارسلانخان ئىسلامغا كىرمىگەن تۈركلەرگە قارشى جىھات قىلىپ، قاراخانلار تېررورىيىسىنىڭ تامامىنى ئىسلاملاشتۇرغان. قاراخانلار تېررىتورىيىسىدە ياشىغان ياغما، قارلۇق، چىگىل ۋە تۇخسى قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىككى يۈز مىڭ ئائىلىلىك تۈرك خەلقىنىڭ 960-يىللىرىدا مۇسۇلمان بولغانلىقى ئىسلام تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاتىرلەنگەن. مۇشۇ يىلى سۇلايمان ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان. (ت.ئالماس، 335)

سۇلايمان ئارسلانخاندىن كېيىن ئوغلى ئەبۇلھەسەن ئەلى ئارسلان خان بولغان ۋە 998-يىلى ۋاپات بولغان. پەرغانە رايونى ئەبۇلھەسەن ئەلى خان زامانىدا سامانىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغان.

سۇلايمان ئارسلانخان خوتەن بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنە ئىسيان كۆتۈرگەن. خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، مىلادى 975-يىلىدىن تارتىپ، 998-يىلغىچە يىگىرمە يىل داۋاملاشقان.

خوتەن بۇددىستلىرى ساتۇق بۇغراخان، مۇسا بۇغراخان، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا، نەچچە قېتىم بويسۇندۇرۇلۇپ، بىر نەچچە قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىلادى 970-يىلى ئارسلان خانغا بويسۇنماي مۇستەقىل بولىۋالغان. ئەلى ئارسلانخان 998-يىلى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ باشچىسى ياغلاقالقالۇ بىلەن بولغان شىددەتلىك ئۇرۇشتا شەھىد بولغان. ئەلى ئارسلانخان ۋاپاتىدىن كېيىن قاراخانلارغا ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد توغانخان ھۆكۈمران بولغان. ئەھمەد توغانخان مىلادى 999-يىلى يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدا 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خوتەنگە يولغا سالغان. يۈسۈپ قادىرخان خوتەن بۇددىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ياغلاقالقالۇنى ئۆلتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، خوتەن بۇددىستلىرى تولۇق مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغان. ئەھمەد توغانخان يۈسۈپ قادىرخاننى خوتەنگە خان قىلىپ تەيىنلىگەن.

قاراخانلارنىڭ خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭنىڭ بۇنچە ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشىدىكى سەۋەب، خوتەن بۇددىستلىرىغا ئىدىقۇت ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بىلەن تىبەت بۇددىستلىرى ئۈزلۈكسىز ياردەم بەرگەنلىكىدىن بولغان. (ت.ئالماس،349)

### قاراخانلارنىڭ سامانىلار دۆلىتىنى ھالاك قىلىشى

«قەشقەر تارىخى»غا كۆرە، قاراخانلار ئوغۇلچاق دەۋرىدە (9-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10-ئەسىرنىڭ باشلىرى) سامانىلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان.
قاراخانلار خوتەننى تولۇق بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى جىددىيلەشتۈرگەن.

999-يىلى 10-ئايدا، قاراخانلار قوشۇنى بۇخاراغا كىرىپ، سامانىلار پادىشاھى ئابدۇلمەلىكنى ۋە پادىشاھ ئەۋلادلىرىنى ئەسىر ئالغان. بۇ دەۋردىن باشلاپ سامانىلارنىڭ شەرقى قىسمى، يەنى ماۋرائۇننەھر رايونى قاراخانلار تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولغان.(34) ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ناسىر ئىلىكخان سامانىلارنىڭ[1] دۆلەت خەزىنىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. شۇنداق قىلىپ، يۈز ئوتتۇز يىل ھۆكۈم سۈرگەن سامانىيلار دۆلىتى

(819-999) قاراخانىلارنىڭ قولىدا ھالاك بولغان.




## ئىلىك خانلار

قاراخانىلار پۈتۈن دۆلەتتە خاقانىيە (قەشقەرنى مەركەز قىلغان دۆلەتنىڭ مەركىزى ئۆلكىسى) دىن باشقا جايلارغا ئىلىك خان بەلگىلەپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. قاراخانىلار دۆلەتنىڭ شىمالىدا ۋە غەربىدە قويغان ئىلىك خانلىرى ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار قاراخانىلارغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىدى.

ھارۇن بۇغراخان ئاجىزلاشقان ۋە تەخت تالىشىش ماجرالىرىدىن ھالسىراۋاتقان سامانىلار دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتتە بارگاھ قۇرۇپ، ماۋرائۇننەھىردىكى پۈتۈن ئۆلكىلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزگەن. ھارۇن بۇغراخان سەمەرقەنتتە ئۈچ يىل تۇرىدۇ. ئاغرىپ قېلىپ، كېسەللىدىن ساقىيالماسلىقىنى سېزىپ قەشقەرگە قايتىدۇ ۋە يولدا ۋاپات بولىدۇ.

هارۇن بۇغراخان باش پايتەخت قەشقەرگە قايتىش ۋاقتىدا قېرىندىشى مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئەلى تېكىننى غەربىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا «ئىلىكخان» ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشلاپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن قاراخان جەمەتىدىن بىر شاهزادە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىنىدىغان بولىدۇ ۋە بۇ باش ۋالىيغا «ئىلىكخان» ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. غەربىي تۈركىستانغا بىر ئىلىكخان تەيىن قىلىنىشى بىلەن قاراخانىلار دۆلىتىدە غەرب ئىلىكخانى ۋە شىمال ئىلىكخانى دەپ ئىككى ئىلىكخان بارلىققا كېلىدۇ.

ئىلىكخانلاردىن بىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى قاراخانىلارنىڭ قەشقەردىكى خانغا ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ. بۇنىڭ تۇرىدىغان شەھىرى بالاساغۇن قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئىلىكخانلارنىڭ يەنە بىرى ماۋرائۇننەھرنى باشقۇرىدۇ. بۇنىڭ باش شەھىرى ئۆزكەنت قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. هارۇن بۇغراخاننىڭ بالاساغۇنغا قاراخانىلارنىڭ شاهزادىلىرىدىن بىرىنچى توغانخاننى باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ شىمالىي ئىلىكخان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزكەنتكە باش ۋالىي قىلىپ ئەلى ئارسلانخان ئۆز ئوغلى ناسىرنى تەيىنلەيدۇ. بۇ غەربىي ئىلىكخان دەپ ئاتىلىدۇ.(35)

## قاراخانىلار ۋە غەزنەۋىلەر

قاراخانىلار **850**-يىللاردا دۆلەت تەشكىللىگەن. غەزنەۋىلەر بولسا **960**-يىللاردا دۆلەت تەشكىللىگەن. غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى **961**-يىلدىن **1187**-يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، دۆلەت تېررىتورىيىسى دەسلەپكى چاغلاردا كابۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار بىلەن قوشۇپ شەرقتە پىشاۋۇرغىچە (هازىرقى پاكىستان تېررىتورىيىسىدە)، غەربتە خۇراسانغىچە سوزۇلغان. غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى تۈرك نەسىللىك قوماندان ئالىپ تېكىن سالغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ مەشهۇر پادىشاهى مەهمۇد غەزنەۋى 27 يېشىدا دادىسى سۇبۇق تېكىننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پادىشاهلىق تەختىدە ئولتۇرغان. مەهمۇد غەزنەۋى دەۋرىدە غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ، شەرقى هىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىغىچە، غەربىي ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە خارەزىمگىچە سوزۇلغان. مەهمۇد غەزنەۋى **999**-يىلى سۇلتان ئۇنۋانىنى ئالغان. شۇ يىلى باغدات خەلىپىسى قادىر مەهمۇد غەزنەۋىگە ئۇنۋان ۋە تاج يوللاپ، ئۇنى «دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە دىنلارنىڭ تايانچىسى» دەپ ئاتىغان. خەلىپىنىڭ بۇ ئىكرامى مەهمۇد غەزنەۋىنىڭ ئابرۇيىنى ناهايىتى كۆتۈرۈۋەتكەن. **1000**-يىلى غەزنەۋى ئەلچىلىرى قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانى ناسىر بىلەن سۆهبەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، قاراخانىلار بىلەن غەزەنەۋىلەرنىڭ چېگراسى ئامۇ دەرياسى قىلىپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ يىلى مەهمۇد غەزنەۋى قاراخانىلار هۆكۈمدارلىرىدىن ناسىر ئىلىكخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن.

مەهمۇد غەزنەۋى ئىسلامنى يېيىشقا مايىل بولۇپ، هىندىستانغا قىلغان كۆپ قېتىملىق يۈرۈشلىرىدە هىندى بۇددىستلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇسۇلمان قىلغان. هىندىستانغا ساناقسىز قېتىم يۈرۈش قىلغان مەهمۇد غەزنەۋى **13**-قېتىملىق يۈرۈشىدە **150** مىڭ كىشىلىك هىندى قوشۇنىنى تارمار قىلغان، **16**-قېتىملىق يۈرۈشىدە بولسا هىندىستاننىڭ جەنۇبى قىسمىغىچە بېسىپ كىرگەن. شۇنداق قىلىپ، **1025**-يىلىغا كەلگەن، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ باي دۆلەتلەردىن بولۇپ قالغان.

قاراخانىلار سامانىلار دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سامانىلارنىڭ هاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئافغانىستان ۋە خۇراسانغا ئىگە بولۇشنى كۆزلىگەن ئىدى. ئەمما، مەهمۇد غەزنەۋىنىڭ بۇ رايونلارنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋېلىشى قاراخانىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئافغانىستان بىلەن خۇراساننى مەهمۇد غەزنەۋىدىن تارتىۋېلىش نىيىتىدىن يانمىغان قاراخانىلار هۆكۈمدارلىرى **1006**-يىلى غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۇرۇش باشلايدۇ. ئەمما، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئۇرۇشتا قاراخانىلار مەغلۇپ بولىدۇ. **1007**-يىلى ناسىر ئىلىكخان **50** مىڭ ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان قاراخانىلار قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ ئىككى دۆلەت چېگرىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخنى ئىشغال قىلىدۇ. كېيىنكى يىلى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى شىددەتلىك ئۇرۇشتا قاراخانىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ.

ئەھمەد توغانخان 1018-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەھمەد توغانخاننىڭ ئىنىسى قاراخانىلارغا خان بولۇپ، ئىنىسى مۇھەممەدنى ئۆز ئورنىغا غەربىي ئىلىكخان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. مەنسۇرنىڭ قاغان بولغانلىقىغا نازارى بولغان يۇسۇپ قادىرخان، جىيەنى ئەلى تېكىن بىلەن بىرلىشىپ مەنسۇر ئارسلانخانغا ئۇرۇش قىلماقچى بولىدۇ، ئۇرۇشتا مەھمۇد غەزنەۋى ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولىدۇ. بىراق، مەھمۇد غەزنەۋى ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. نەتىجىدە يۇسۇپ قادىرخان يېڭىلىپ، مەنسۇر ئارسلانخانغا بويسۇنىدۇ. مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە يۇسۇپ قادىرخان 1019-يىلى ئۇنىڭ ئىلىكىدىكى خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە، يەنىلا غەزنەۋىلەر غالىپ كېلىدۇ.

قاراخانىلار قوشۇنى غەزنەۋىلەرگە قارشى نەچچە رەت ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەسكىرى ۋە بايلىقى ھەددى ھېسابسىز، قاراخانىلاردا بولمىغان پىل قوشۇنىغا ئىگە بولغان، ھىيلىگەر دىپلومات ۋە پىشقان قوماندان مەھمۇد غەزنەۋىگە ئۇدا يېڭىلىدۇ.

مەھمۇد غەزنەۋى قاراخانىلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئىگە بولغان زېمىنلىرىغا بەك كۆز قىزارتىپ كەتمەستىن، قاراخانىلار بىلەن يۇمشاق مۇناسىۋەت قۇرۇشنى كۆزلىگەن. سامانىلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىن كېيىنكى يىگىرمە-ئوتتۇز يىل ئىچىدە قاراخانىلار ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە بىر بۆلۈك جەڭ ۋە باش قېتىنچىلىقلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئاقىۋەتتە، ئۇستا سىياسىئون مەھمۇد غەزنەۋى قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ. نەتىجىدە، مۇناسىۋەت ياخشىلىنىپ، ئىككى دۆلەت بۈيۈكلىرى ئارىسىدا قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقىچە باردى.

## قاراخانىلارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى

مىلادى 1040-يىللىرى ئەتراپىدا قاراخانىلارنىڭ ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ھېسابلانغان غەربىي ۋە شەرقىي ئىلىكخانلار ئارىسىدا ماجىرالار يۈز بەردى. بۇ سۇلايمان ئارسلانخان قاراخانىلارنىڭ بۈيۈك خانى بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. توقۇنۇشتا غەلىبە قىلغان غەربىي ئىلىكخان ناسىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ناسىر 1040-يىلىغا كەلگەندە مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆزىنى «تاۋغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتاپ، سەمەرقەندنى پايتەخت قىلىدۇ. بۇ دەۋردە قاراخانىلارنىڭ شەرقىي شىمالى تېررىتورىيىسىگە تەۋە ئېرتىش ۋە بالقاش بويلىرىدا ياشايدىغان ياباقۇلار باشچىلىكىدىكى قەبىلىلەر دۆلەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. سۇلايمان ئارسلانخان ئۇلارنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىسيانچىلارنى باش ئەگدۈرۈش بىلەن بەنت بولغاچقا، غەربىي ئىلىكخانلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئۇنۇملۈك ھالدا چەكلەشكە ئامال قىلالمايدۇ. (36) شۇنداق قىلىپ، 1040-يىلى قاراخانىلار دۆلىتى شەرقىي قاراخانىلار ۋە غەربىي قاراخانىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. سۇلايمان ئارسلانخان شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خانى بولۇپ قالىدۇ. شەرقىي قاراخانىلار تېررىتورىيىسىگە يەتتە سۇ، ئىلى ۋادىسى، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى كىرەتتى، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالدىكى چېگرىسى كۇچانىڭ غەربىگىچە سوزۇلغان. كېيىن پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىمۇ قوشۇۋېلىنغان.

## تەخت ماجىراسى ۋە مەھمۇد كاشغەرى

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخان بولۇپ، مۇھەممەد بۇغراخان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چوڭ دادىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد بۇغراخان ئۇلۇغ خان بولۇش ئىستىكىدە 1056-يىلى ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاندىن تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغايدۇ. سۇلايمان ئارسلانخان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. شەرقىي قاراخانىلار تەختىگە ئولتۇرغان مۇھەممەد بۇغراخان 15 ئايدىن كېيىن، تەختنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. ھالبۇكى، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خوتۇنى مۇھەممەدخاندىن بولغان ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقىرىش ئىستىكىدە ئىدى. نەتىجىدە، بۇ ئايال مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ھۈسەيىنگە (مەھمۇد قەشقەرى دادىسى) تەخت ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى-

دىكى زىياپەتتە مۇھەممەد بۇغراخان ۋە ھۈسەيىن قاتارلىق قاراخانى ھۆكۈمرانلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاقىۋەتتە بىر مەيدان تەخت ئالمىشىش قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىپ، ئىبراھىم تەختكە چىقىدۇ. ئىبراھىم **1058**-يىلى ئۆزىگە قارشى قوپقان بارسغان ھاكىمى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دادىسى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن يۇقىرى قانلىق ۋەقەلەر جەريانىدا، مەھمۇد قەشقەرى قېچىپ كەتكەن ۋە ئۆلتۈرۈلۈشتىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئۇ تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يۇرتلارنى نەچچە ئون يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، كېيىن باغداتقا كېلىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازغان ۋە ئۇنى مىلادى **1074**-يىلى باغداد خەلىپىسى مۇقەددىر (**1075-1094**) قا تەقدىم قىلغان. بۇ چاغدا باغدات ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ئومۇمەن سەلجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇ چاغدىكى خەلىپىلەر پەقەت سىمۋوللۇق نامىنىلا ساقلاپ قالغان ئىدى.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى شەرقىي قاراخانىلار خانلىرىدىن توغرۇل قاراخان (**1058-1074**) دەۋرىدە يېزىپ، بۇ شاھانە ئەسىرىنى توغرۇل قاراخاننىڭ ئورۇنباسارى ئوبۇلھەسەن تابغاچ بۇغراخانغا **1069**-يىلى تەقدىم قىلغان.

## قاراخانىلار ۋە سەلجۇقلار

سۇلتان توغرۇلبەگ ۋە ئالىپ ئارسلاندىن ئىبارەت مەشھۇر سەلجۇق سۇلتانلىرى **1040**-يىلىدىن، **1070**-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىزچىل غەربكە كېڭىيىپ، يۈكسەك غەلىبە بىلەن دۆلەتنى كۈچلەندۈردى. توغرۇلبەگ **1055**-يىلى باغداتقا باستۇرۇپ كىرىپ، خەلىپە تەرىپىدىن باغدادتا قارشىلىقسىز كۈتۈۋېلىندى ۋە يۇقىرى ئۇنۋانلارغا ئىگە بولدى. باغداتنى ئىشغال قىلىپ، دۆلەت پايتەختىنى باغدات قىلىپ بەلگىلىدى. **1063**-يىلى توغرۇل بەگە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جىيەنى ئالىپ ئارسلان ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولدى. **1071**-يىلى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ غايەت زور قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان سۇلتان ئالىپ ئارسلان **200** مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قايتىدىن شەرققە يۈرۈش قىلدى ۋە ئىزچىل ھالدا ئىلگىرىلەپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە غەربىي قاراخانىلارنىڭ يۈسۈپ دېگەن بېگىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇرۇشتا ماغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن يۈسۈپ بەگ ئالىپ ئارسلان بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، يېنىغا يوشۇرۇۋالغان خەنجىرى بىلەن ئالىپ ئارسلاننى ئېغىر يارىلاندۇردى. ئالىپ ئارسلان بىر نەچچە سائەتتىلا ۋاپات بولدى، جەسىتى مەرۋىگە دەپنە قىلىندى. سەلجۇق بەگلىرى يۈسۈپ بەگنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

**1072**-يىلى سەلجۇقلار تىرمىز بىلەن بەلخنى قاراخانىلاردىن تارتىۋالدى. **1074**-يىلى ئالىپ ئارسلاننىڭ ئوغلى مەلىك شاھ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدى. ئەمما، سەلجۇقلار ۋەزىرى نىزامۇل مۇلكنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلدى. **1089**-يىلى سۇلتان مەلىك شاھ قايتىدىن ماۋرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، غەربىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى بېسىۋالغان ۋە غەربىي قاراخانىلار خانى ئەھمەدخاننى ئەسىر ئالغان ۋە سەلجۇق پايتەختىگە يوللىۋەتكەن. ئارقىدىن، داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ قەشقەرگە قاراپ ماڭغان. بۇ چاغلاردا سەلجۇق ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ھىجاز رايونلىرىنى ئاللىقاچان ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ بولغان ئىدى. سەلجۇق ئېمپېراتورى مەلىك شاھنىڭ قەشقەرگە قاراپ ماڭغىنىدىن خەۋەر تاپقان شەرقىي قاراخانىلارنىڭ چوڭ خانى ئىككىنچى ھارۇن بۇغراخان مەلىك شاھنىڭ ئالدىغا-ئۆزكەنتكە كەلگەن. ھارۇن بۇغراخان مەلىك شاھنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرۇپ، خۇتبىنى ئۇنىڭ نامىدا ئوقۇيدىغانغا ماقۇل بولغان. مەلۇك شاھ ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىشىدىن تەسىرلىنىپ، **1089**-يىلى ئۆزكەنتتىن قايتىپ كەتكەن. مەلىك شاھ **1092**- يىلى ۋاپات

بولغاندىن كېيىن، غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىلار مۇستەقىللىق ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالىلغان.(37)

## قارا قىتانلار ۋە قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ھالاكىتى

قىتانلار قەدىمكى چاغلاردا ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە ياشىغان خەلق ئىدى. قىتانلار ئۇيغۇر-ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىغان. قىتانلار مىلادى 916-يىلى خىتاي تارىخچىلىرى لياۋ سۇلالىسى دەپ ئاتىغان دۆلەتنى قۇرغان. قىتانلار دۆلىتى (916-يىلىدىن 1125-يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) كۈچەيگەن دەۋرلەردە تېررىتورىيىسى شەرقتە بۇيۇك ئوكياندىن، غەربتە شەرقىي ئالتايغىچە، شىمالدا بايقال ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيگەن. قىتانلار 970-يىلى سۇڭ سۇلالىسى پايتەختى كەيفىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان. قىتانلار دۆلىتىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي تېررىتورىيىسىگە تۇتاش ئىدى.

مىلادى 1017-يىلى قاراخانىلارنىڭ چوڭ خانى ئەھمەد توغانخاننىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىنى غەنىيمەت بىلگەن شەرقىي قىتان خانلىقىنىڭ (916-1124-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خانى يىلو لۇڭشۇ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قىتان قوشۇنلىرىنى قاراخانىلارغا قارشى يولغا سالغان. ئەھمەد توغانخان ئۇلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قاراخانىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولغان. ئەھمەد توغانخان قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بالاساغۇننىڭ شىمالىدىن سەككىز كۈنلۈك يىراق جايلا قارا قىتانلارنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئون مىڭ قىتان ۋە نۇرغۇن چارۋا مال ئەسىر ئالغان. (قارا قىتانلار تارىختا قارا خىتايلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) ئەھمەد توغانخان قارا قىتانلارنى تارمار قىلىپ، ئىلى ۋە ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز ئېلىگە قوغلىۋېتىدۇ.

قىتانلار 1125-يىلى يەنسەي بويلىرىدىن قېچىپ قاراخانىلاردىن پاناھلىق تىلىگەن ۋە شىمالىي ئىلىكخانىنىڭ رۇخستى بىلەن ئىمىل (ھازىرقى دۆربىلجىن) دا ماكانلاشقان. ئۇلار شۇ چاغدا 40 مىڭ ئائىلە بولۇپ، نوپۇسى 200 مىڭچە ئىدى.(38) بۇ مەزگىلدە قاراخانىلار ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، غەربىي قاراخانىلار سەلجۇقىلار سۇلتانى سەنجەرنىڭ (1118-1157) ھىمايىسىدە تۇراتتى. شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شىمالىي ئىلىك خانلىقىدىكى خانلار ۋە بەگلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇراتتى. 1130-يىللاردا قارلۇقلار ۋە باشقا قەبىلىلەر مەركەزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، شىمالىي ئىلىك خانى شۇ چاغدا قاراخانىلار تېررىتورىيىسىنىڭ شىمالىدا پاناھلىنىپ ياشاۋاتقان قىتان باشچىسى يىلۇداشىنى ئىسياننى باستۇرۇشقا چاقىردى. يىلۇداشى ئىسياننى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، كېيىنچە ئۇنىڭ بالاساغۇندا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. يىلۇداشى 1134-يىلى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، بالاساغۇنغا باستۇرۇپ كىردى ۋە بالاساغۇننى كونترول قىلىپ، ئۆزىگە پايتەخت قىلىۋالدى ۋە ئۆزىنى گورخان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شىمالىي ئىلىكخانى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەسىرگە ئالدى ۋە تېزلا شەرقىي قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدىكى شىمالىي ئىلىكخانغا قارايدىغان جايلارنى بېسىۋالدى. بۇ چاغدىكى شەرقىي قاراخانىلار خانى ئىبراھىم خان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىدى. نەتىجىدە يىلۇداشى 1136-يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ئىبراھىمخاننى باش ئەگدۈردى. مۇشۇ چاغدىن باشلاپ، شەرقىي قاراخانىلار قارا قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. شەرقىي قاراخانىلارنىڭ مۇشۇ تەرىزدە ئالمىشىپ، بىر مەزگىل دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، قىتانلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، پەرغانە قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم باشلايدۇ، غەربىي قاراخانىلار خانى ئىككىنچى مەھمۇدخان بىلەن گورخان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ ۋە گورخان غەلىبە قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە، ئىككى تەرەپ توختام تۈزۈشۈپ، غەربىي قاراخانىيلار قىتانلارغا ئولپان تاپشۇرىدىغان بولىدۇ. 1138-يىلى گورخان توختامنى بۇزۇپ، 1141-يىلى غەربىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە، سۇلتان سەنجەرگە بېقىندى بولۇپ قالغان غەربىي قاراخانىلار بىلەن سۇلتان سەن-

جەرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى قارا قىتانلار تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. كاتۋان ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، غەربىي قاراخانىلار دۆلىتى قىتانلارغا سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

مىلادى **1203**-يىلى ئالتايدىكى نايمانلار خانى تايانخان چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكخان بىر قىسىم نايمانلارنى باشلاپ، مىلادى **1209**-يىلى قىتان خانى يىلۈجىلگونىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئاندىن، چېچىلىپ يۈرگەن نايمانلارنى توپلاپ، يەتتەسۇغا كەلدى.

قىتانلار **1210**-يىلى غەربىي قاراخانىلار ۋە خارەزم خانلىقىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بۈگۈنكى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسى بويىدا ئەجەللىك مەغلۇپ بولدى. بۇ سەۋەبلىك يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان قىتانلار دۆلىتى مىلادىنىڭ **1211**-يىلى كۈچلۈك يوق قىلدى.

شەرقىي قاراخانىلار تەختىدىكى مۇھەممەدخان شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى خانى بولۇپ، ئۇنى مىلادى **1212**-يىلى ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۆلتۈردى. مۇشۇ يىلى كۈچلۈكخان قەشقەرنى بېسىۋالدى ۋە قەشقەرنى نايمان خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتى تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى. غەربىي قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى خانى بولسا ئوسمان بۇغراخان بولۇپ، ئۇ خارەزم شاھ مۇھەممەدنىڭ كۈيئوغلى ئىدى ۋە مۇشۇ كىشى تەرىپىدىن **1212**-يىلى ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، تارىختا **360** يىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلار دۆلىتى تارىخ سەھنىسىدىن مانا مۇشۇنداق يوقالدى.

## ئاخىرقى سۆز

بۇ ماقالىنى تەييارلىشىمدىكى سەۋەب قاراخانىلار دۆلىتى ھەققىدە قىسقا، چۈشىنىشلىك بىر پارچە ماقالە تەييارلاش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنى نەچچە ئون مىنۇتتىلا قاراخانىلار دۆلىتىمىز ھەققىدىكى ئومۇمىي ساۋاتلاردىن خەۋەردار قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ماقالە قاراخانىلار تارىخىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قولايلاشتۇرۇپ، يىغىنچاقلاپ بايان قىلىش جەھەتتە بۇ ھەقتىكى بوشلۇقنى ئازغىنە بولسىمۇ تولۇقلىيالىسا، مېنىڭ مەقسىتىم ھاسىل بولغان بولىدۇ.

تارىختا شىمالىي ۋە مەركىزى ئاسىيادا قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، دۈشمەنلىرىنى ۋەھىمىگە سېلىپ يۈرىكىنى مۇجۇغان ئۇيغۇرلار، تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا دېگۈدەك خاتىرجەم ۋە ئەزىز ياشاشتىن ئومۇمەن مەھرۇم قالدى. نەچچە مىڭ يىللىق كۈچلۈك دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇرلار يېقىنقى بەش يۈز يىل جەريانىدا ئىزچىل كەينىگە چېكىنىپ، يات مىللەتلەردىن بولغان تاجاۋۇزچىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا نەچچە يۈز يىللىق ئېچىنىشلىق تارىخنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

بۇ ئېچىنىشلىق تارىخىمىز ئۆزگۈرۈشى كېرەك. تارىختا كۈچلۈك دۆلەتلەرنى قۇرالىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىمۇ دۆلەت قۇرۇپ، گۈللەندۈرەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس.

تارىخىمىزنى بايان قىلىش كەلگۈسىمىزگە ئىشەنچ بىلەن قاراشقا، دۈشمەنلىرىمىزگە جاسارەت بىلەن يۈزلىنىشكە سەۋەب بولالىسا، مانا بۇ تارىختىن ئالغان ئەڭ چوڭ نەپ ھېسابلىنىدۇ.

## نەقىل مەنبەلىرى:


(1) توختى مۇزارت: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»،**91**-بەت، خىتايچە نەشرى
(2) رەشات گەنچ: قاراخانىلار، تۈركچە
(3) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، **310**-بەت
(4) ت.ئالماس، «ئۇيغۇرلار»، **314**-بەت
(5) رەشات گەنچ: قاراخانىلار، تۈركچە

(6) رەشات گەنچ: قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، 1981-يىلى، تۈركچە نەشرى، 36-،37-بەتلەر
(7) رەشات گەنچ: قاراخانىلار، تۈركچە
(8) رەشات گەنچ: قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، 35-،36-بەتلەر
(9) رەشات گەنچ: قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، 175-بەت، ئۇيغۇرچە
(10) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 318-بەت
(11) رەشات گەنچ: قاراخانىلار، تۈركچە
(12) ھاجى نۇرھاجى: قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى
(13) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 320-بەت
(14) ھاجى نۇرھاجى: قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى
(15) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 320-بەت
(16) رەشات گەنچ: قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، 196-بەت، ئۇيغۇرچە
(17) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 317-بەت
(18) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 314-بەت
(19) توختى مۇزارت: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»،91-بەت، خىتايچە
(20) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 314-بەت
(21) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 322-بەت
(22) توختى مۇزارت: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»،91-بەت، خىتايچە
(23) م.بۇغرا: شەرقىي تۈركىستان تارىخى
(24) م.بۇغرا: شەرقىي تۈركىستان تارىخى، 132
(25) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 322-بەت
(26) م.بۇغرا: شەرقىي تۈركىستان تارىخى، 132
(27) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 328-بەت
(28) م.بۇغرا: شەرقىي تۈركىستان تارىخى، 132-133-بەتلەر
(29) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 327-بەت
(30) توختى مۇزارت: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»،92-بەت، خىتايچە
(31) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 327-بەت
(32) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 335-بەت
(33) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 349-بەت
(34) توختى مۇزارت: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»،93-بەت، خىتايچە
(35) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 345-بەت
(36) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 387-بەت
(37) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»
(38) ت.ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، 417-بەت



# شايار تارىخىدىكى مەشھۇر زات — ھاجىئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئىمىن مۇپتى

ھاجىئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت نىياز بولۇپ، 1886-يىلى شايار ناھىيىسىنىڭ قايلور يېزىسى دۈشەنبە بازاردا ئۇقۇمۇشلۇق ئاخۇن نىياز ئىشقىبېگى(شايار ھېكىمبېگىنىڭ مەسلىھەتچىسى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1899-يىلى دىنى مەلۇماتى كامىل، قارىلىقتىن ئۆتكەن كىچىك مۇھەممەت نىياز قىرائىتىنىڭ يېقىملىقلىقى بىلەن دۈشەنبە بازار مەسچىتىگە ئىمام بولغان. 1903-يىلى جامائەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسكە بېرىپ ئوقۇغان. 1908-يىلى شايارغا قايتىپ كېلىپ سودا ۋە قۇملۇق مەسچىت (ھازىرقى ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ ئورنى) تە خاتىبلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1913-يىلى ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ 1916-يىلى ھاجى بولۇپ قايتىپ كەلگەن ۋە قۇملۇق مەسچىتتىكى مەدرىستە جەدىتچىلىك ئېقىمى بويىچە دەرس ئۆتكەن. جايلاردىكى مەسچىتلەردە ئۆز ئابرويى ۋە بىلىمگە تايىنىپ زامانىۋى ئىلىم پەننىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلغان. 1919-يىلى ياڭزېڭشىن مۇھەممەت نىيازھاجىمنى «خەلقنى قوزغىلاڭغا قۇتراتتى» دەپ تۇتماقچى بولغاندا، بۇنى سېزىپ قېلىپ خوتەن يولى بىلەن قەشقەر ئاپاق خوجام مازىرىغا بېرىپ، ساقال بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ ئالتە ئاي يۇشۇرۇنغاندىن كېيىن، يۇسۇپ

قوقەن دېگەن سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتكەن. مۇھەممەت نىياز روسىيىدە تۇرغان مەزگىلدە چەتئەللەر بىلەن يۇرتىنىڭ قىياپەت ۋە تەرەققىيات جەھەتلەردىكى غايەت زور پەرقىنى كۆرۈپ پەننىي بىلىملەرنى ئېلىشنىڭ، خەلقنى غەپلەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ 1927-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋە قورالliq كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر قېتىم شاياردا يۇرت بېيى ھېسابلانغان ئىمىن ئاخۇنۇم شايارنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى قۇملۇق مەلىسىدىكى بېغىغا چاقىرىپ (ھازىرقى 3-باشلانغۇچ ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى) ئولتۇرۇش قىلغاندا باشقىلار مۇھەممەت نىياز ھاجىمنى «سىلە موللا بولغاندىكىن ئىماملىق قىلىپ، قەلەم ئىشى بىلەن بولسىلا ياخشى ئىدى، ئەلەمنىڭ ئىشى باش كېتىدىغان ئىش» دېگەندە مۇھەممەت نىياز «قەلەمنىڭ ئىشىغا بىر قۇرئان يېتىدۇ، مەن ئەلەمگە ئاتالغان ھاجىم، نېمە بولسام تەقدىردىن بولسۇن، مېنى موللام، ئاخۇنۇم، ئىمام دىمەي، ھاجىئەلەم دەڭلار» دېگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاستا-ئاستا مۇھەممەت نىياز ھاجى ئاخۇنۇم دېگەن نامنىڭ ئورنىغا ھاجىئەلەم دېگەن ئىسىم ئومۇملاشقان ئىكەن.

1931-يىلى قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ خەۋىرى شايارغا يېتىپ كەلگەندە، ھاجىئەلەم ئاخۇنۇم ئىمىن ئاخۇنۇمنىڭ تەشكىللىشى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن، ئەلا بەگ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تونۇش بىلىشلەردىن يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى تەسلىپ قىلدۇرغان. توقسۇ كۇچار ناھىيىلىرىنى ئازات قىلىپ، خوجا نىياز ھاجىغا قوشۇلغان. خوجا نىياز ھاجى كۇچارغا كەلگەندە شاياردىكى بايلاردىن ئىمىنئاخۇنۇم قاتارلىقلار قوشۇننىڭ قورال سېتىۋېلىشى ئۈچۈن مىڭ دانە قوي ئىئانە قىلغان. نەتىجىدە 1933-يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دە ھاجى ئەلەم دۆلەت كاتىپىۋە شايارغا ھاكىم بولغان، ئىمىنئاخۇنۇم شايارغا مۇپتى بولغان.

ھاجىئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئىمىن مۇپتى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قازىخانا ۋە ھۆكۈمەتنى ئەسلىدىكى ئىگەرچى كوچىسىدىن (ھازىرقى رۇبۇل ھاجىم بىناسىنىڭ ئورنى) قۇملۇق مەھەللىسىدىكى ئىمىنئاخۇنۇمنىڭ بېغىغا يۆتكەپ، ئۈچ قەۋەتلىك مەدرىس (كونا زىيالىلاردىن ھەلىم ئىمىن، توختى ھاشىموپ، روزى ئىبراھىم، مۇھەممەت ۋاھاپ، ئابلىمىت شايىپ، ئابباس مۇزەك ۋە ھازىرقى يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ نازىرى ئەزىز قەييۇمنىڭ ئاتىسى قەييۇم ھاجىم قاتارلىقلار شۇ مەدرىسنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) بىنا قىلىشتىن سىرت، شايار تەۋەسىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن 34 مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەبىيىلىگەن. ھاجىئەلەم ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارغاندا بىر تۈركۈم باللارنىڭ سوۋېتقا ئوقۇشقا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مەدىكارلىققا ئېلىۋالغان ئىبراھىم سامساقنى مېنىڭ ئوغلۇم دەپ تونۇشتۇرۇپ ئوقۇشقا ئەۋەتكەن.

ھاجىئەلەم خوجا نىياز ھاجىنىڭ جاللات شېڭشىسەي بىلەن بىرلىشىشىگە قارشى تۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتا بارغىلى ئۇنىمىغانلىقتىن كاتىپلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۈزۈن قالمايلا خوجا نىياز ھاجىلار قەستكە ئۇچرايدۇ. ھاجىئەلەم قايتىدىن قولغا قورال ئېلىپ، شېڭشىسەي ۋە ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن ئېتىشىپ ھەتتا كېيىنكى ئابدۇنىياز قوماندانىنىڭ قېچىپ كېتىش تەكلىپىگىمۇ قوشۇلماي «چەتئەل دېگەن مەن كۆرمىگەن يەر ئەمەس، ئۆلسەممۇ مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن» دەپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان. ئاخىرى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللۈكتە مىلتىقلاردا ئوق تۈگەپ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ، شۇ چاغدىكى شايار ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى خېلىل جىسا (تۇرپانلىق) تەرىپىدىن 1937-يىلى كۈزدە قولغا ئېلىنغان ۋە شۇ چاغدا قولغا ئېلىنغان ئىمىن مۇپتى قاتارلىقلار بىلەن بىللە 1943-يىلغىچە تۈرمىدە يېتىپ دەھشەتلىك يۇسۇندا ئۆلتۈرۈلگەن.

ھاجىئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئىمىن مۇپتىنىڭ جەستى توغرىسىدا تا بۈگۈنگىچە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

«شايار تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن ئېلىندى



# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

# ھۆكۈمەت خىتاپنامىسى

( 1945- يىلى 5- يانۋار )

1. شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا خىتاينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۈزۈل- كېسىل قۇمۇرۇپ تاشلاش

2. شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى باپباراۋەر بولۇش ئاساسىدا ھەقىقىي ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش

3. شەرقىي تۈركىستاننى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە خۇسۇسىي سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش

4. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغانلىقتىن بۇ دىنىنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا دىنلارغىمۇ ئەركىنلىك بېرىش ۋە ئۇلارنى قوغداش

5. مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش. ئۇيغۇر تىلىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتىش

6. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايىسى دېموكراتىك ئەللەر بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قوشنىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش

7. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىدىن ئەسكەر ئېلىپ قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن تەشكىللەش

8. بانكا، پوچتا، تېلېفون، تېلېگراف، ئورمان ھەمدە بارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش

9. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى دېمۇكراتىك ئۇسۇلدا خەلق سايلاپ چىقىش

مەنبە : شەرقىي تۈركىستاننىڭ 60 يىلى



# قىيىن پەيتلەر ھەققىدە ھېكمەتلەر

بىز قارار قىلىشىمىز كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزگە بېرىلگەن ۋاقىتتا نېمىلەرنى قىلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر. (ج.ر. تولكېيىن)

**“All we have to decide is what to do with the time that is given us.” – J.R.R. Tolkien**

تېخىچە ئولتۇرۇۋالما، ھەرىكەتكە ئۆت. دەسلەپتە ئۆزۈڭ نىيەت قىلغان يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىيەلمەسلىكىڭ مۇمكىن. بىراق، ھەرىكەتلەنگەنسېرى تاللاشلارنى ۋە مۇمكىنچىلەرنى روياپقا چىقىرالايسەن. (رودولفو كوستا)

**“Do not sit still; start moving now. In the beginning, you may not go in the direction you want, but as long as you are moving, you are creating alternatives and possibilities.” – Rodolfo Costa**

ئۆزۈڭنى ئىلھاملاندۇر، ئۆزۈڭگە ئىشەن ۋە ئۆزۈڭنى سۆي. ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىدىن ھەرگىز گۇمانلانما. (ستىفان لاھارت)

**“Encourage yourself, believe in yourself, and love yourself. Never doubt who you are.” – Stephanie Lahart**

قىيىن پەيتلەرگە باغرىمىزنى ئېچىپ، مېھرىبانلىق بىلەن يۈزلەنگىنىمىزدە، ئۇ بىزنى كەلگۈسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇرىدۇ. (كىندى سنىدېر رى)

**“Hard times, when held with open hands and a tender heart, can prepare us for the future.” — Cindee Snider Re**

ئىلھامبەخش بىر ئېغىز سۆز بىرۋىنىڭ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. (روي.ت.بېننېت)

**“One word of encouragement can be enough to spark someone’s motivation to continue with a difficult challenge.” – Roy T. Bennett**

ئىلھاملاندۇرۇش سۇنىڭ تۇپراققا بولغان رولىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۆستۈرىدۇ. (كرىس بىركمېن)

**“Encouragement is like water to the soul, it makes everything grow.” – Chris Burkmenn**

ھەممە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ يىلتىزى قاندۇرۇلمىغان ئارزۇ-ئىستەك سەۋەبلىكتۇر. (سكوت خەن)

**“At the root of all misery is unfulfilled desire.” – Scott Hahn**

ھەر بىر قىيىنچىلىق يېڭى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئاتا قىلىدۇ. (لەيلا گىفتى ئاتىكا)

**“Every adversity brings new experiences and new lessons.” — Lailah Gifty Akita**

بىز چەكلىك ئۈمىدسىزلىكنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما، چەكسىز ئۈمىدىمىزنى ھەرگىز يوقاتماسلىقىمىز لازىم. (مارتىن لۇتېر كىڭ)

**“We must accept finite disappointment, but we must never lose infinite hope.”– Martin Luther King**

بىز چوقۇم ئازاب ئوقۇبەتلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئاندىن ئۇنى سەپىرىمىز ئۈچۈن يېقىلغۇ قىلىپ قالىشىمىز كېرەك. (كېنجى مىيازاۋا)

**“We must embrace pain and burn it as fuel for our journey.”– Kenji Miyazawa**

مەن ئۆتمۈشتىكى قىيىن پەيتلەرنى بۈگۈن مېنى قوزغىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىمەن. (دۋاينى جونسون)

**“I like to use the hard times of the past to motivate me today.” –Dwayne Johnson**

مۇۋەپپەقىيەت ھەممىنىڭ ئاخىرقىسى ئەمەس، مەغلۇبىيەت جاننى ئالغۇچى ئەمەس. مۇھىم بولغىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش جاسارىتىدۇر. (ۋىنستون چېرچىل)

**“Success is not final, failure is not fatal: it is the courage to continue that counts.” – Winston Churchill**

بىز چوقۇم رىقابەتنىڭ بىزگە كەلمىگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلماي، ئۇنىڭغا يۈزلىنىشىمىز لازىم. (ۋىليام.ج.برېننان)

**“We must meet the challenge rather than wish it were not before us.”–William J. Brennan**

دۇنيادىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ كۆپۈنچىسى ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى دەپ قارالغاندىمۇ تىرىشىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشىلەر تەرىپىدىن روياپقا چىقىرىلغان. (دېيل كارنېيج)

**“Most of the important things in the world have been accomplished by people who have kept on trying when there seemed to be no hope at all.”–Dale Carnegie**

مەن يورۇقلۇقنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇ ماڭا يولۇمنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا مەن قاراڭغۇلۇققا سەبىر قىلىمەن، چۈنكى ئۇ ماڭا يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (ئوگو ماندىنو)

**“I will love the light for it shows me the way, yet I will endure the darkness for it shows me the stars.”– Og Mandino**

بىر ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتى راھەتلىك ۋە قولايلىق پەيتىدە نەدە تۇرغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىق ۋە تالاش-تارتىش پەيتىدە قەيەردە تۇرغانلىقىدىدۇر. (مارتىن لۇتېر كىڭ)

**“The ultimate measure of a man is not where he stands in moments of comfort and convenience, but where he stands at times of challenge and controversy.”–Martin Luther King, Jr.**

جاھاندىكى مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى بەل قويۇۋەتكەن چېغىدا ئۆزىنىڭ غەلىبىگە قانچىلىك يېقىن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان كىشىلەردۇر.(توماس ئېدىسون)

**“Many of life’s failures are people who did not realize how close they were to success when they gave up.”–Thomas Edison**

ئەگەر تۈنۈگۈن يىقىلىپ چۈشكەن بولساڭ، بۈگۈن ئورنىڭدىن تۇر. (ھ.گ.ۋېلس)

**“If you fell down yesterday, stand up today.”—H.G. Wells**

قاتتىق چاغلار ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، ئەمما قاتتىق(قەيسەر) كىشىلەر داۋام قىلىدۇ. (روبېرت.ھ.شۇللېر)

**“Tough times never last, but tough people do.”–Robert H. Schuller**

تىز پۈكمەسلىكنى ماتور، ئۈمىدنى يېقىلغۇ قىلىۋالغىن. (ھ.جەك.بىروۋن)

**“Let perseverance be your engine and hope your fuel.”–H. Jackson Brown, Jr.**

ئۆز كۈچىنى بىلمىگۈچى، قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ باقمىغۇچىدۇر. (ۋىليام ساموئېل جونسون)

**“He knows not his own strength who hath not met adversity.”– William Samuel Johnson**

ھەربىر قىيىنچىلىق، ھەربىر مەغلۇبىيەت ۋە ھەربىر قايغۇ-ئەلەم ئۆزىگە تەڭداش ياكى ئۆزىدىنمۇ زور مەنپەئەتنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. (ناپالېئون خىل)

**65. “Every adversity, every failure and every heartache carries with it the seed of an equivalent or a greater benefit.”– Napoleon Hill**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى




**24– فېۋرال:**

«ئەلجەزىرە» تور بېتىنىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرىدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سۈكۈتىگە بېيجىڭنىڭ مەزكۇر دۆلەتلەرگە سالغان زور مىقداردىكى مەبلىغى، خىتاي بىلەن بولار ئارىسىدىكى قويۇق سودا مۇناسىۋىتى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بۇ خۇسۇستا تولىمۇ بىپەرۋا، مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «غۇلجىدا كارانتىن قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك خەلقنى مەجبۇرىي ئۆيلىرىگە بەند قىلغانلىقى، غۇلجىنىڭ ھەرقايسى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىك سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولالمايۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. باشقا يانداش خەۋەرلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ خىل ئەھۋال غۇلجىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا داۋاملىشىۋاتقانلىقى مەلۇم.

**25 – فېۋرال:**

«**abc.net**» تورى «بالىسى ئاۋستىرالىيە پۇقراسى بولغان ئۇيغۇر ئانا خىتاي دىپلوماتىنىڭ جاۋابىغا ئىنكاس قايتۇردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئاۋستىرالىيە پۇقراسى (ئۇيغۇر) سادام ئابدۇسالامنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن ئۆيىگە نەزەربەند قىلىنىپ، ئېرى بىلەن قايتا ئۇچرىشالمىغان ئايالى نادىرە ئۆمەر خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش ئەلچىسى ۋاڭ شىنىڭنىڭ «ئۇ قىز (نادىرە) ۋە ئوغلىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ ئاۋستىرالىيەگە كەلگۈسى يوقكەن» دېگەن سۆزىگە قارشى، ئېرى بىلەن ۋىدىيولۇق كۆرۈشكەندە «مېنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئېرىم بىلەن بىللە ياشىغۇم بار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان رەسىمنى كۆرسىتىپ، خىتاي دىپلوماتىنىڭ كاززاپلىقىنى پاش قىلغان.

**26 – فېۋرال:**

«يېڭى ئەرەب» (**TheNewArab**) تورىدا «<قاراقاش ھۆججىتى> خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا قارشى كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەزكۇر ھۆججەتلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تېرورلۇق، باستۇرۇش ۋە ئېتىنىك يوقىتىش ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار يېڭى دەلىل بولۇپلا قالماي، يەنە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يالغان– ياۋىداق باياناتلار ۋە تەشۋىقاتلار ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىكنى

ئالدىماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى» دېيىلگەن.

**27 – فېۋرال:**
«ئەلجەزىرە» تورىدا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۇيغۇر رايونىغا بېرىش ئۈچۈن <چەكلىمىسىز زىيارەت> ئىجازىتى تەلەپ قىلدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلى مىشېل باچېلېتنىڭ «بىز خىتايدىن شەرقىي تۈركىستانغا قىلىدىغان كەلگۈسى زىيارىتىمىزنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئالدىن بارىدىغان بىر گۇرۇپپىغا چەكلىمىسىز زىيارەت ئىجازىتى بېرىشىنى داۋاملىق تەلەپ قىلىمىز. شۇنداقلا، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى، جۈملىدىن (خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشقا تىرىشىمىز» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئەمما، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بارغان ھەرقانداق چەتئەل زىيارەتچىلىرىگە ئاتالمىش <چەكلىمىسىز زىيارەت> ئەركىنلىكى بەرمەيدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر.

**28 – فېۋرال:**
«ئامېرىكا ھەربىي خەۋەرلىرى»نىڭ خەۋىرىدىكى ۋىدىيودا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ ئاۋسترالىيەدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش ئەلچىسى ۋاڭ شىنىڭ بىر قېتىملىق تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا بەند قىلىنغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ يەرنى «تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەنلىكى ئۈچۈن نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە ئۇچراپ، ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان.
بۇنىڭدىن سىرت، ۋاڭ شىنىڭ يەنە ئاۋسترالىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياش سادام ئابدۇسالامنىڭ نەق مەيداندا ۋىدىيو ئارقىلىق سورىغان «خىتاي كومپارتىيەسى نېمە ئۈچۈن مىليونلىغان ئۇيغۇرنى سولىۋالىدۇ؟ سىلەر بىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرىمىزنى قويۇپ بېرەمسىلەر؟» دېگەن سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بېرەلمەي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىدىن گەپ ئېچىشقا باشلىغاندا، پروگرامما رىياسەتچىسى خانىم ماكدونالد ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپلا، بۇ سوئالغا ئۇدۇل ۋە ئىخچام جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئومۇمەن بۇ خىتاي شۇ كۈنلۈك پروگراممىنى باشتىن – ئاخىر مەسخىرە ۋە سىلكىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «ئۇيغۇر رايونىنىڭ مەسئۇللىرى تاجىسىمان (كورونا) ۋىرۇس خەتىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئىشلەشكە ئەۋەتكەن» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى. خەۋەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋات ناھىيەسىدىن، ئاقسۇ شەھىرىدىن **114** ئۇيغۇرنىڭ خىتاينىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇجياڭ شەھىرىگە؛ خوتەن ۋىلايىتىدىن **171** كىشىنىڭ، قەشقەر ۋىلايىتىدىن **242** ئۇيغۇرنىڭ خۇنەن ئۆلكىسىدىكى چاڭشا شەھىرىگە؛ يەنە ئاقسۇدىن **135** ئۇيغۇرنىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇيى شەھىرىگە ئەۋەتىلگەنلىكى، خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ رەسمىي تاراتقۇلىرىدىكى خەۋەرلەرگە ئاساسەن بايان قىلىنغان. خىتايدىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنىڭ قاتتىق تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىقتۇر.

**29 – فېۋرال:**
ئەنگلىيە «قوغدىغۇچى گېزىتى» تورى «خىتاي تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى دۇنياۋى ماركىلار ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارغا يۆتكىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئەڭ كەمىدە **80** مىڭ ئۇيغۇرنىڭ خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۇنياۋى داڭلىق ماركىلار ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلاردا ھەقسىز ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىش ئۈچۈن يۆتكەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

«**Brisbane times**»نىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار «**Nike**» ۋە «**Apple**»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

**2** – مارت:
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تۇتقۇندىكى ئائىلە ئەزالىرى ھەققىدە تاراتقۇلاردا گۇۋاھلىق بەرگەن ئۆمەر ھەمدۇللاھ ۋە جەۋلان شىرمۇھەممەدتىن ئىبارەت ئىستانبۇلدىكى ئىككى ئۇيغۇرغا بۇ ھەپتە خىتاي كونسۇلخانىسىدىن تېلېفون كەلگەن. تېلېفوندا بۇلارغا ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان خىتاي خادىم ھەر ئىككى مۇھاجىرغا ئائىلە ئەزالىرىدىن بىر قىسمىنىڭ كېسىلىپ كەتكەنلىكىنى رەسمىي ئۇقتۇرغان. ئاندىن تۇرمە سىرتىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ «ئۇلار چەتئەلدە بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىلغانلىقى» نى ئېيتقان. مەزكۇر ئىككى نەپەر ئۇيغۇر بۇنى ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا قارشى گەپ – سۆزلىرىنى توختاتقۇزۇش ئۈچۈن قىلىنغان بېسىم دەپ قارىماقتا.

**3** – مارت:
«**CP24**» تورىدا فىرانسىيەنىڭ «**Lacoste**» ماركىلىق داڭلىق پەلەيلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان زاۋۇتلاردا ئىشلىنىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

«**Memri**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، كانادادىكى مەسجىد ئىمامى ھۇسەيىن ئامىر بىر جۇمە كۈنىدىكى خۇتبىسىدە تاجىسمان ۋىرۇسىنىڭ خىتايلارنىڭ شەپەرەڭ شورپىسى ئىچكەنلىكى سەۋەبلىك تارالغانلىقىنى تىلغا ئالغان ۋە خىتايلارنىڭ «مىدىرلايدىغانلىكى ھەرقانداق نەرسىنى، ھەتتا چۈشۈرۈۋېتىلگەن ھامىلىنىمۇ يەيدىغانلىقى»نى تەنقىد قىلغان. ئۇ بۇ قېتىملىق تاجىسمان ۋىرۇسىنىڭ خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ھەددى – ھېسابسىز زۇلۇملىرى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر قېتىملىق ئىنتىقام ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«**eurasianet**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرغا قامالغانلارغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى توپلاش پروجېكتى بولغان «شاھىت بىز» تورىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇملارنى ئاڭلىتىشتىكى ئاۋانگارتلاردىن بىرى بولغان جىن بۇنىن (**Gene Bunin**) ئىككى قېتىم ئۆزبېكىستانغا كىرىشتىن چەكلەنگەن.

**4** – مارت:
«لوس ئانجېلىس ۋاقتى» تورىدا «سىزنىڭ ئالما ماركىلىق تېلېفونىڭىز، ئادىداس ماركىلىق ئايىغىڭىز، سونى ماركىلىق تېلېۋىزورىڭىز خىتايدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا پۈتتۈن چىققان بولۇشى مۇمكىن» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى ۋە بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار بايان قىلىندى.

**5** – مارت:
«فوربىس ژۇرنىلى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تاراتقۇلار دۇنيادىكى ئالما، سامسۇڭ ۋە باشقا نۇرغۇن داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان زاۋۇت – فابرىكىلاردا ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بەس – بەستە خەۋەر بېرىشتى.

«زىمىستان» تورىدا قازاقىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى سېرىكجان بىلاش بىلەن يازغۇچى تۇرارېك كۇسەينوۋنىڭ زىيارەت خاتىرىسى بېرىلگەن بولۇپ، مەزكۇر سۆھبەت ئاساسلىقى تۇرارېكنىڭ

«زۇلمەت: شەرقىي تۈركىستاندا ئاتقان تاڭ» ناملىق كىتابى ھەققىدە بولغان. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ لاگېرلار ھەققىدىكى كاززابلىقى ئېچىپ تاشلانغان بۇ كىتابنىڭ قازاقىستاندا خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا.

**6** – مارت:
«**hrw.org**» توربىدا «خىتاي يەنە بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرى سەۋەبلىك ب د ت دا قورشىما ھۇجۇمغا ئۇچرىدى» ماۋزۇلۇق خەۋە ر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، بېيجىڭنىڭ ب د ت دا تۈرۈشلۇق باش ئەلچىسى جاڭ جۇن غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ، خىتاينىڭ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ نۆۋەتچى رەئىسلىكىنى ئۆتۈشكە ئالاقىدار خىزمەت پىلانلىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، كۈتۈلمىگەن يەردىن شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سوئاللارغا دۇچ كەلگەن ۋە خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئورگانلار تەرىپىدىن تەكرار رەت قىلىنغان، يالغانلىقى ئايدىڭلىشىپ بولغان جاۋابىنى تەكرارلىغان.

**7** – مارت:
«زىمىستان تورى» «ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ياتاقلىق مەكتىپىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە ئاتا – ئانىسى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر باللارنىڭ يېمەك – ئىچمەك شارائىتى ناچار ياتاقلىق مەكتەپلەردە غېرىبلىق، بېسىم ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

سىنگاپوردىكى «**businessinsider**» تورى «تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ يامرىشى خىتاينىڭ نازارەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە قانداق ياردەم قىلىدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى، ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى «تاجىسمان ۋىرۇس»نى تىزگىنلەش نامى ئاستىدا يېڭى يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈرگەن. بۇ خىل ئۈسكۈنىلەر كىشىلەرنىڭ ماسكا تاقىغان – تاقىمىغانلىقىنى نازارەت قىلىدىغان ئادەمسىز ئۇچقۇ، يۈز تونۇش كامېراسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. شۇنداقلا مەزكۇر تېخنىكا شەرقىي تۈركىستاندا خېلى بۇرۇنلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ بولغانىكەن. بۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆز ئۆلكىلىرىنىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئوخشاش تەلتۆكۈس نازارەت ئاستىغا ئېلىش ئۈرۈنۈشىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن.

**8** – مارت:
«ئامېرىكا ئاۋازى» «ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش خىتاينىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەسى بولۇشى مۇمكىن» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە خىتايشۇناس دەررېن بايلېرنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى كۆپلىگەن خەۋەرلەر بىلەن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ <تەربىيەلەش مەركەزلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئوقۇش پۈتتۈردى> دېگەن باياناتىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، خىتاي ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى تاماملاپ، يېڭى بىر باسقۇچقا ئۆتۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن سۆزى نەقىل قىلىنغان.

**9** – مارت:
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ بېشىدا تايلاندنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەلۇم بىر كۆچمەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قاچماقچى بولغان يەتتە ئۇيغۇرنى ئىككى يىللىقتىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

تايلاندتىكى ئۇيغۇرلاردىن «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»غا ئەۋەتىلگەن مۇراجىئەتنامىدە، ئۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شارائىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىنتايىن ناچارلىقى، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەت زەي تۇرمە، نەم ھاۋا، ناچار ئوزۇقلۇق قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ داۋالىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقى؛ بولۇپمۇ يۈرەك، بۆرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. تايلاندتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئاساسلىقى تۇرمىدىكى ناچار شارائىتلار، گۇندىپاي ۋە باشقىلارنىڭ كۆپ قېتىم تۇيۇقسىز جىسمانىي خورلۇقىغا ئۇچراش سەۋەبلىك، زۇلۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن بىر قانچە قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ تۇتۇلۇپ قالغانىكەن.

**10 – مارت:**

«ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى»نىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى چەتئەل مۇناسىۋەتى كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دېموكرات ئەزاسى بوب مېنېندېز سودا مىنىستىرلىقىنى ئالما، كوكاكولا قاتارلىق ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشىنى توسۇشقا چاقىرىق قىلغان.

رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى مەمەت ئابدۇللاھ **2019**-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «بۆلگۈنچىلىك» ۋە «ئىككى يۈزلىمچىلىك» جىنايىتى بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋە تۆت مىليون يۈەن خىتاي پۇلى جەرىمانە قويۇلغان. ئۇنىڭغا سوت مەيدانىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتىمۇ بېرىلمىگەن.

«**BylineTimes**» توربىدا «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورگانلىرى خىتايدىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىمارلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن <قانۇنلۇق> شەكىلدە ئېلىۋېلىنىۋاتامدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دوختۇرلىرى ئالدىنقى ھەپتە تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان **59** ياشلىق بىر خىتايغا دۇنيادىكى تۇنجى «قوش (ئوڭ – سول قانات) ئۆپكە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى»نى ئوڭۇشلۇق ئىشلىگەنلىكىنى جاكارلىغان. لېكىن، مەزكۇر خىتاينىڭ ئۆزىگە تامامەن ماس كېلىدىغان ئۆپكە ئۈچۈن پەقەت بەش كۈنلا ساقلىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق خىتايدىكى قانۇنسىز ئورگان ئەتكەسچىلىكىنىڭ كۆلىمى ۋە سالمىقى ھەققىدە گۇمانىي قاراشلارنىڭ يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولدى. جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ خىتايدىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىمارلىرى ئۈچۈن «ئورگان ئامبىرى» سۈپىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان بولۇش ئېھتىماللىقى كىشىلەرنى تەشۋىشكە سالماقتا. بۇ خىل تەشۋىشلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى، خىتايدىكى ئورگان ئىئانە قىلىش نىسبىتىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ تۆۋەن قاتاردا تۇرۇشىغا قارىماي، ئورگانغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدۇر.

**11 – مارت:**

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى»نىڭ توربىدا «پىسخىكىلىق زۇلۇم: چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئۇرۇق – تۇغقانلىرى سەۋەبلىك روھىي ساغلاملىق كىرىزىسىگە ئۇچرىماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش خىتاينىڭ بىۋاستە جىسمانىي زۇلمىغا ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئىزتىراپ، بىئارامچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان. مەزكۇر ماقالىدە ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ئىلشات ھەسەننىڭ خىتاينىڭ ئۆزىگە ئىزچىل تەھدىت سېلىشى نەتىجىسىدە، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قورال سېتىۋېلىشنى ئويلاشقانلىقى، ئەمما كېيىنچە بىر كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارغا، دەرد – ئەلەمگە چىدىماي، تاپانچىنى ئۆزىگە تەڭلەپ قېلىشتىن قورقۇپ بۇ ئويىدىن ۋاز كەچكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

**12 – مارت:**
«hrw.org» توربېتى «ب د ت <كىشىلىك هوقۇق ئاپپاراتلىرى چوقۇم شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىككەرگە قارىتا ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەك> دېدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى ۋە بۇ ساھەدىكى ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ بۇ جەھەتتە يېتەرلىك تەدبىر قوللانمايۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.
«amgreatness » تورى «ئىسپات: خىتاي سىياسىي مەھبۇسلارنى ئورگان مەنبەسى سۈپىتىدە قوللىنىۋاتىدۇ» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەھبۇسلارنىڭ ئورگانلىرىنى خالىغانچە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى.

**13 – مارت:**
«theepochtimes» تورىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان جېنىفېر ۋېكستون «ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىنى پاش قىلىش ھەرىكىتى» نامىدا يېڭى قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مەزكۇر لايىھەدە شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت قىلىۋاتقان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىشى ۋە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى، بولۇپمۇ ئۆلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن – ئىشلەنمىگەنلىكىنى ئاشكارىلاش تەلەپ قىلىنغان.

**14 – مارت:**
«زىمىستان» تورىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنى سالغۇچىلار لاگېرلارنىڭ تۈرمە ئۆلچىمىدە بىنا قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنىڭ ھەقىقىي تۈرمىلەر ئىكەنلىكى، دەسلەپتە قۇرۇلۇش قىلىنغاندىلا ئۆلچەملىك تۈرمە شەكلىدە سېلىنغانلىقىغا ئالاقىدار تەپسىلاتلار بايان قىلىندى.

«TheStar» تورى «سىز مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇۋاتقان ئېكران مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ياسىلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كانادا بۇنى توسۇش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمايۋاتىدۇ» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرىي يۆتكەلگەن **80** مىڭ ئۇيغۇرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ بەزى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىدىمۇ ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكى قەيت قىلىندى.

**16 – مارت:**
«ecotextile» تورى «ئامېرىكا قانۇن لايىھەسى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىن مال ئىمپورت قىلىش چەكلىنىدۇ» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكادىكى قانۇن تۈزگۈچىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان پاختا ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى ئېلىشنى چەكلەيدىغان بىر قانۇن لايىھەسىنى پارلامېنتقا سۇنغان.

**17 – مارت:**
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «قورققان ئىش ئاخىرى بېشىمغا كەلدى: تۈرمىگە تاشلانغان ئۇيغۇر مەمۇرنىڭ قىزى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. مەزكۇر خەۋەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايەت توقسۇ ناھىيەسىدىكى ھاجىرە روزى ئىسىملىك ئايالنىڭ **2015** – يىلى تۈركىيەگە كېلىپ بىر ئاي تۇرۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، بۇلتۇر ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، خىتايلارنىڭ بۇ قېتىملىق يوقىتىش دولقۇنىدا ئۆزى ئۈچۈن ئون يىللاپ خىزمەت قىلغان مەمۇرىي خادىملارنىمۇ بوش قويمىغانلىقى، بۇنىڭ خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشىنىشتىكى

مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

**18 – مارت:**
«زىمىستان» تورىدا «<ھەممىگە قادىر تەڭرى> چېركاۋىنىڭ ئەزالىرىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردا قىيىن – قىستاقتا ئۇچرىماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۈچ مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر مۇسۇلمان ۋە باشقا دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزالىرىدىن سىرت، خىتايدا چەكلەنگەن «ھەممىگە قادىر تەڭرى» چېركاۋىنىڭ ئەزالىرىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا لاگېرلارغا سولىنىپ قىيىن – قىستاقتا ئۇچرىغان. مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ تۆت نەپەر ئەزاسى «زىمىستان» تورىغا ئۆزلىرى ئۇچرىغان ھايۋانلارچە مۇئامىلە ھەققىدىكى كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە خىتايلار ئۇلارنى قاتتىق ئۇرغان، ئۇخلىغىلى قويمىغان ۋە كوممۇنىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە قىستالغان. بۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نوقۇل مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس، كوممۇنىزىم ئىدىيەسىدىن باشقا ئىدىيەنى قوبۇل قىلغان ھەرقانداق كىشىنى دۈشمەن تۇتۇپ، ئاسىمىلاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنىڭ روشەن پاكىتلىرىدىن بىرىدۇر.

**19 – مارت:**
«دىپلومات» تورىنىڭ «ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان ۋاقتى كەلدى» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ شەرقىي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالىنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلار ئەمگەككە سېلىنغان بۇ زاۋۇتلاردا ئامازون، ئالما ۋە ۋولكسۋاگوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەكسەندىن كۆپرەك دۆلەت ھالقىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى، بۇ شىركەتلەرنىڭ بۇ خىل ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قاراپ تۇرۇش، ھەتتا يانتاياق بولۇشىنىڭ ئورنىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئەھۋالىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تەكشۈرۈشى ۋە شۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىشى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

«فوربىس» ژۇرنىلىنىڭ تور بېتىدە «ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالنىڭ تولىمۇ تەخىرسىز ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، ئامېرىكانىڭ بۇ ئىشقا ھازىرقىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

**20 – مارت:**
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چاقىلىق ناھىيەسىدىكى بىر ساقچىدىن ئىگىلىنىشىچە، لاگېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ بىر قىسمى كورلا بىلەن بۈگۈر ئارىسىدىكى ئۇلۇغكۆل تۈرمىسىگە، يەنە بىر قىسمى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن. مەزكۇر ساقچى يەنە چاقىلىقتىكى لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ **2018**-يىلى **11**-ئاي، **2019**-يىلى **4**-ئاي ۋە **7**-ئاي بولۇپ، جەمئىي ئۈچ قېتىمدا يۆتكەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئەمما ئۇلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىگە نېمە ئۈچۈن يۆتكەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتە تۈرمىدە ياكى فابرىكادا ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن. ئۇ يەنە بۇ مەلۇماتلارنىڭ «دۆلەت مەخپىيەتلىكى» ئىكەنلىكىنى پۇراتقان.

**22 – مارت:**
«دۇنيا تىنچلىق تەشكىلاتى»نىڭ تورىدا «خىتاينى ئۇيغۇرلارنى خورلىغانلىقى ئۈچۈن جاۋابقا تارتىش» ماۋزۇلۇق

**ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدە «(شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقاندەك) بۇ خىل ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ئۇنى ئالقىشلىغانغا باراۋەردۇر. (زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىدىغان) بۇ خىل زېھنىيەت تارىخ مۇساپىسىدە پەۋقۇلئاددە رەزىل قىلمىشلارنىڭ تەكرارلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ۋە يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مۇشۇ تۈردىكى خەۋەرلەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئەھۋالىغا يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەييارلىدى


تېد يوخو
ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى
قوللىغۇچىسى ۋە ئۇيغۇر ۋەتىنىنى ئۆز ئىسمى
بىلەن شەرقىي تۇركىستان دەپ ئاتىغان
ھۆرمەتلىك كوڭگرېسمەن تېد يوخو ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



**ساغلاملىق بولسا ئۈمىد بولىدۇ. ئۈمىد بولسا ھەممە نەرسە بولىدۇ.**